ئابدۇرۇپ پولات

# چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن
# ئىلمىي ماقالىلەر

مىللەتلەر نەشرىياتى

رەنۇپ دەرلەر ئاتىم مېنىڭ،
كاشغەردىن زاتىم مېنىڭ.
چىراغقا شەيدا پەرۋانە نېمە،
ئۆلمگە پىدا ھاياتىم مېنىڭ.
— ئاپتور.

# مۇندەرىجە


ئاپتوردىن...................................... ( 1 )

كىرىش سۆز ئورنىدا.............. خەمىت تۆمۈر ( 1 )

"چاغاتاي تىلى" دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا.......... ( 1 )

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدا.......... ( 10 )

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا.......... ( 36 )

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە.............................. ( 65 )

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى يېگىرمە بەشىنچى ئۆزۈك تاۋۇش "ذ" [?] توغرىسىدا.............................. ( 84 )

"ئەلمىساق" ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى.............. ( 99 )

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى تۆپكى ئارتۇقچىلىقى.............................. (104)

"ئوقەت" سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەنىسى ھەققىدە.............................. (116)

تىلىمىزدىكى "مازار" ۋە "مازار-ماشايىخ" ئاتالغۇلىرى

ھەققىدە.................................... (123)

ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشتا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئېلېمېنتلىرىدىنمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش كېرەك ........................................ (135)

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىس جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ........................ (161)

ھەمزە ھەققىدە.................................. (173)

"ساۋات" سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇلاھىزە.......................... (180)

ئەلشىر ناۋايى ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە»سى ھەققىدە................. (190)

"تارىم" ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە پاكىتلىق قاراش............................. (208)

"بودەك" قاتارلىق بىر قانچە سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش.......................... (218)

ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا تەتقىقاتىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ رولى ................................ (225)

تىلىمىزدىكى "تەجنىس"، "مۇھتەمىلات" ۋە "تۇيۇق" ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا.......................... (248)

لۇغەتتىن چىقىرىۋېتىلگەن "ساھىبخان" سۆزى توغرىسىدا.................................. (262)

"پاتىھە" ۋە "پەتە" سۆزلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە

مەنىسى ھەققىدە ........................ (276)
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار توغرىسىدا
................................................ (285)
"جانان"نىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا............... (309)

# ئاپتوردىن

مەن 1977 ـ يىلى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئۇستازىم ـــ پروفېسسور خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم تۇنجى بولۇپ ئاچقان «چاغاتاي تىلى دەرسى»نى ئاڭلاپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم. كېيىن، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 1978 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە، بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئەرەب تىلى فاكۇلتېتىغا كىرىپ، ئەرەب تىلى ئۆگەندىم. 1986 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئاچقان قەدىمىي ئەسەرلەر كۇرسىغا كىرىپ، پارس تىلى ئۆگەندىم. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئاساسىي بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، مۇناسىۋەتلىك تىللارنى ئۆگىنىپ، چاغاتاي تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى كۆرۈش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىمنى ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئۆز دەستىمگە ئالغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى تەتقىق قىلىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كەلدىم.

بۇ جەرياندا، بۇ ساھەدە ئەجىر قىلغان ۋە قىلىپ كېلىۋاتقان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ خاس ئەسەرلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئىزدىنىپ ئۆگەندىم. بۇ توپلام مۇشۇن-

داق ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرى بولغان ماقالىلىرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى ئىلگىرى مۇناسىۋەتلىك ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ توپلامغا كىرگۈزۈش ئالدىدا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە زۆرۈر ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزدۈم، تولۇقلىدىم، پىششىقلىدىم. بەزى ماقالىلىرىمدا، ماتېرىيال ئاساسى بولغان، پاكىت كەلتۈرۈلگەن ھالدا، بۇرۇنقىلار ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان يېڭى قاراش ۋە ئۆزگىچە چۈشەنچىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇ ھەقتە كەسپداشلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە، مۇنازىرىسىگە تەشنامەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆز قاراش ۋە چۈشەنچىلىرىمدە يەكتىلىلىك، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە خاتالىقلار بولسا، ئىلىم ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ سەمىمىي پىكىرلىرىنى بېرەر دېگەن ئۈمىدتىمەن. چاغاتاي تىلىنى "چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى" دەپ ئاتاش توغرىسىدا مەخسۇس ماقالە يېزىش بىلەن بىللە بۇ توپلامغا كىرگۈزگەن ماقالىلىرىمدا ئىلگىرى "چاغاتاي تىلى" دەپ ئالغان ئاتالغۇنىڭ بارلىقىنى "چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى" غا ئۆزگەرتىپ يېزىشنى لايىق كۆردۈم ھەم شۇنداق قىلدىم.

ئاپتور

1991-يىل 7-ئاي، بېيجىڭ.

# كىرىش سۆز ئورنىدا

ئابدۇروپ پولات چاغاتاي تىلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت-لىك ئاساسىي بىلىملەرنى خېلى پۇختا ئىگىلىگەن چاغاتاي تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇش بىلەن بىللە، چاغاتاي تىلى توغرىسىدا قىزىقارلىق ۋە ئەھمىيەتلىك ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، چاغاتاي تىلى تەتقىقاتىدا ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسىتىۋاتقان ھەم بۇ ساھەدە تېز ئۆسۈۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى. بۇ توپلام ئابدۇروپ پولاتنىڭ 1981 - يىلدىن بۇيان ھەرقايسى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى بىلەن تېخى ئېلان قىلىنمىغان بىرقانچە ماقالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

چاغاتاي تىلى 14 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرى ئورتاق قوللانغان يازما ئەدەبىي تىل بولۇپ، بۇ تىل بىلەن يېزىلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھەر خىل مەزمۇندىكى يازما يادىكارلىقلار ئىنتايىن كۆپ. خەلقئارادا بۇ تىل ۋە بۇ تىل بىلەن يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدىكى تەتقىقات ئاللىبۇرۇنلا باشلىنىپ، بۇ ساھەدە بىرمۇنچە ئەسەر-لەر نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىلنىڭ خاراكتېرى ۋە

ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى، ئۇنىڭ دەۋرگە بۆلۈنۈشى، تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى ئورنى، بۇ تىلنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ھازىرقى تۈركىي تىللارنىڭ قايسىبىرى ۋارىسلىق قىلغانلىقى قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ساقلىنىپ تۇرماقتا.

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدىمۇ چاغاتاي تىلى ۋە بۇ تىل بىلەن يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلۇپ، يازما يادىكارلىقلارنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش جەھەتلىرىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلگەن، چاغاتاي تىلى ئالىي مەكتەپ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىدىكى مۇھىم بىر دەرس قىلىپ تۇرغۇزۇلغان ۋە بۇ تىلنى تەتقىق قىلىش ئىشىدىمۇ خېلى نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىل ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يەنىلا بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بولۇپ تۇرماقتا.

ئابدۇروپ پولاتنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلىرى چاغاتاي تىلى بويىچە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەرنىڭ كۆپچىلىكىگە ياندىشىدۇ. ئاپتور خېلى كۆپ مەسىلىلەردە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ يېڭى، دەسلەپ قەدەمدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا

قويغان. گەرچە بۇ كۆز قاراشلارنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقى ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىش بۇ جەھەتلەردىكى تەتقىقاتنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا باغلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ كۆز قاراشلارنىڭ مول ماتېرىيال ۋە مۇۋاپىق تەھلىللەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنىڭ ئۆزى چاغاتاي تىلى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدا سۆزسىز ئىجابىي رول ئوينايدۇ. بۇ ماقالىلارنىڭ ئىلمىي قىممىتىمۇ ئەڭ ئاۋۋال دەل مۇشۇ يەردە. شۇڭا، بۇ توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى چوقۇم چاغاتاي تىلى تەتقىقاتچىلىرى ۋە ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولىدۇ.

خەمىت تۆمۈر

1991-يىل 7-ئاينىڭ 17-كۈنى.

# "چاغاتاي تىلى"دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا

چاغاتاي تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىل- لەنگەن، XIV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ.① خوش، ئۇ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنۇ، نېمە ئۈچۈن "چاغاتاي تىلى" دەپ ئاتىلىدۇ؟ بۇنىڭغا ئالىملارنىڭ مۇنداق بىر ئورتاق قارىشى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۆز زامانىسىدىكى چاغاتاي ئۇلۇسىدا ياشىغان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نامى ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ خاس قەبىلە ناملىرى بىلەن ئايرىم-ئايرىم ئاتالغاندىن باشقا، "چاغاتاي خانىنىڭ پۇقرالىرى" دېگەن مەنىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ "چاغاتايلار" (خۇددى ئوسمان ئىمپېرىيىسى زامانىدىكى تۈركلەر "ئوسمانىيلار"دەپ ئاتالغىنىغا ئوخشاش) دەپمۇ ئاتالغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىللىرىنى بولسا، ئەرەب-پارس تىللىرىغا قارشى هالدا "تۈركىي تىل"، "چاغاتاي تۈركچىسى"، "چاغاتاي تىلى"

---

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1990-يىللىق 2-سان، 155-بەت.

دەپ ئاتاشقان. ئىلىم ئەھلىلىرى كېيىنچە ئاشۇ "چاغاتاي تىلى" دېگەن ئورتاق ئاتالغۇنى ئىشلىتىشنى كۆپرەك ئادەت قىلغان، دېگەندىن ئىبارەت.

بىزدە چاغاتاي تىلى ئۈستىدىكى سىستېمىلىق تەتقىقات 80 - يىللاردىن ئېتىبارەن باشلاندى. ئون نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە بۇ تىلنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق ۋە ئىلمىي ھالدا شەرھلەپ كۆرسەتكەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «چاغاتاي تىلى» قاتارلىق خاس يىرىك ئەسەرلەردىن باشقا، چاغاتاي تىلىنىڭ ھەرقايسى تەركىبلىرىنى بىرقەدەر ئىنچىكە تەسۋىرلەپ كۆرسىتىپ، تىل ئەھلىنىڭ قايىللىقى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن نوپۇزلۇق ئىلمىي ماقالىلارمۇ مەيدانغا كەلدى. ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇس چاغاتاي تىلى دەرسى تەسىس قىلىنغاندىن باشقا، خاس چاغاتاي تىلى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئاسپىرانتلار قوبۇل قىلىنىپ تەربىيەلەندى (مەسىلەن، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا). دېمەك، چاغاتاي تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى تەدرىجىي روناق تېپىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي تەتقىقاتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشماقتا.

بىراق، كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان بىر رېئاللىق شۇكى، چاغاتاي تىلى ئۈستىدىكى تەتقىقات چوڭقۇرلاشقانسېرى، زىيالىيلار ئاممىسىنىڭ بۇ تىلنىڭ ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى كۈندىن-كۈنگە ئايدىڭلاشقانسېرى، كىشىلەرنىڭ "چاغاتاي تىلى"

دېگەن ئاتالغۇ، جۈملىدىن مەزكۇر ئاتالغۇغا مۇناسىپ قىلىپ قوللىنىلىۋاتقان "چاغاتاي ئەدەبىياتى"، "چاغاتاي يېزىقى" دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ ئاشۇ پېتى قوللىنىلىشىغا بولغان ناقايىللىق تۇيغۇسى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. مەسىلەن، پروفېسسور تۇردى ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزىنىڭ مۇشۇ تىلغا بېغىشلاپ تۈز- گەن كونسپېكتىگە «يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويسا، يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ «ياۋروپاغا سەپەر» ناملىق ئەسىرىدە: "چاغاتاي ئەدەبىياتى دېگەن بۇ ئاتالمىنى بىز توغرا قوللانمىغان ئوخشايمىز" دەپ ئەپسۇسلۇق بىلدۈرىدۇ («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 5-سان، 97-بېتىگە قاراڭ). ئاتاقلىق تىلشۇناس ئامىنە غاپپار خانىممۇ بولتۇر قازا- قىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئازادلىقتىن بۇيانقى ئۇيغۇر تىل-يېزىقى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى ھەققىدە» ماۋزۇلۇق نۇتقىدا، "چاتاغاي يېزىقى"دەپ ئاتاشقا رايى بارماي، "چاغاتاي ئەدەبىياتىدا قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىقى" دەيدۇ («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1991-يىللىق 6-سان 22-بېتىگە قاراڭ). مانا بۇ—پاكىت! ئۇنىداق بولسا، زادى نېمە ئۈچۈن "چاغاتاي تىلى"، "چاغاتاي ئەدەبىياتى"، "چاغاتاي يېزىقى" دېيىش كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ؟ بۇنىڭدىكى مەسىلە- نىڭ نېگىزى "چاغاتاي تىلى" دېگەن بۇ ئاتالغۇدا مەزكۇر تىلنىڭ ئىگىلىرىنىڭ نامى ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىدا بۇ تىلنىڭ

ئىگىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر موڭغۇل زاتىنىڭ نامى گەۋ-دىلىنىپ تۇرغانلىقىدا ۋە شۇ تۈپەيلىدىن، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەزەل-دىن تارتىپلا ئىزاھلاشقا موھتاج تومتاق ئاتالغۇ بولۇپ كەلگەنلى-كىدە. دۇرۇس، "چاغاتاي تىلى" دېگەن بۇ ئاتالغۇ تارىختا ئالىملار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان، ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا شۇ بويىچە قوللىنىش بىرقەدەر ئومۇملاشقان. بىراق، ئۇ خۇددا قويۇپ قويغان نام ئەمەس، شۇنداقلا تارىختىن بۇيان ھېچكىم ئۇنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئاتالغۇمۇ ئەمەس. ئالايلۇق، سابىق سوۋېت تۈركولوگى ئا. م. شېرباك ئۆزىنىڭ مەزكۇر تىلنىڭ گرامماتىكىسىغا بېغىشلاپ يازغان بىر يىرىك ئەسە-رىنى «قەدىمكى ئۆزبېك تىلىنىڭ گرامماتىكىسى» دەپ ئاتىغان.

(شۇ ناملىق ئەسەرنىڭ رۇسچە، 1962-يىللىق لېنىنگراد نەشرىگە قاراڭ).

چاغاتاي تىلىنى تارىختا ئۆزبېكلەرمۇ قوللانغان، ئۆزبېكلەر ئۈچۈن ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قەدىمكى تىل بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار چاغاتاي تىلىنى "ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى" دەپ ئاتاشقا مۇناسىپ ھالدا، "قەدىمكى ئۆزبېك تىلى" دەپ ئاتىسىمۇ بولىدۇ. بىراق، چاغاتاي تىلى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۆزبېك تىلى ئەمەس. بۇ ھەقتە جاھان تۈركولوگلىرى ئارىسىدا يۇكسەك شۆھرەتكە ئىگە ئالىم شەمسىدىن سامى ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئىناۋەتلىك ئەسىرى «قامۇسۇل ئەئلام»دا: "قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتتە ئەڭ ئالغا كەتكەن خەلق بولۇپ، بۇلارنىڭ تىلى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئەدەبىي تىل ئىدى. چاغاتاي خان

ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تىلى شۇ ۋاقىتتىن
باشلاپ چاغاتاي تىلى، دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان" دېگەن
(«قامۇسۇل ئەئلام»نىڭ 3-توم، 1876-بېتىگە قاراڭ). مانا بۇ — چاغاتاي
تىلىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى يەنى قايسى مىللەتنىڭ تىلى ئىكەن-
لىكى توغرىسىدا بېرىلگەن ئەڭ ئېنىق ۋە ئەڭ لىللا تەبىر.
دېمەك، چاغاتاي تىلىنىڭ كونكرېت مىللەت تەۋەلىكى ئەزەل-
دىنلا ئېنىق بولۇپ، ئۇ — ئۇيغۇر تىلىدۇر! ھالبۇكى، كىشىلەرنىڭ
"چاغاتاي تىلى" دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۆزىدىلا مەزكۇر
تىلنىڭ ئىگىسىنىڭ نامى گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان قىلىپ
ئۆزگەرتىش تەلىپى، ئەمەلىيەتتە، يوللۇق تەلەپ ئىكەنلىكى
ئۆز-ئۆزىدىنلا مەلۇم.

مەن ئۇن نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە، مۇشۇ تىل بويىچە ئوقۇ-
تۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئاڭلىق جاپا-
كەشلەرنىڭ بىرى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن، ئۆز ئىمكانىيىتىمچە
ئىزدىنىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، "چاغاتاي تىلى" دېگەن
بۇ ئاتالغۇنى مۇۋاپىق ئىسلاھ قىلىپ قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى
ھېس قىلدىم. بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىمنى ۋە يەكۈن
خاراكتېرلىك كۆز قارىشىمنى بارلىق تىل ئەھلى ۋە كەسىپداش
ئۇستازلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويماقچىمەن.

بىرىنچى، "چاغاتاي تىلى" دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەزكۇر تىلنىڭ
ھەقىقىي ئىگىسى چۈشۈرۈپ قويۇلغان ناباب ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى
تونۇپ يەتكەنىكەنمىز، ئۇنى ھازىرقىدەك بىر تاغار گەپ بىلەن

ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدىغان ھالىتىدىن، تۇرقىدىنلا ھەممە ئادەمگە چۈشىنىشلىك ئاتالغۇ قىلىپ ئۆزگەرتىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، بىزدىكى كۆپ ساندىكى تىلچىلار ۋە ئۇستازلار بۇ چاغقىچە "چاغاتاي تىلى"دېگەن ئاتالغۇنى "يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى"دەپ ئىزاھلاپ كەلگەن. مەنمۇ ماقالىلىرىمدا شۇ چۈشەنچىنى ياقلاپ كەلگەنىدىم. بىراق، ياخشىراق مۇلاھىزە قىلساق، "يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى" دېگەن ئاتالغۇنىڭ "چاغاتاي تىلى" دېگەن ئاتالغۇغا بەدەل بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى، "يېقىنقى زامان" دېگەن سۆز، ئادەتتە، XVII ئەسىرنىڭ مابەينىنى كۆرسىتىدۇ. تارىخ ۋە دەۋر چۈشەنچىسى بويىچە ئېيتقاندا، XIV ـ XV ئەسىرلەر ئادەتتە "ئوتتۇرا ئەسىر" دېيىلىدۇ. دېمەك، "يېقىنقى زامان" دېگەن سۆز ھەرقانچە قىلىپمۇ چاغاتاي تىلى شەكىللىنىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان "XIV ئەسىر" نى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. شۇڭا، "چاغاتاي تىلى"نى "يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى"دېيىش توغرا ئەمەس.

ئۈچىنچى، ئالىم شەمسىدىن سامىنىڭ "چاغاتاي خان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تىلى شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ 'چاغاتاي تىلى' دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان" دېگەن سۆزىنىڭ ئۆزىدىنلا چىقىپ تۇرۇپتۇكى، "چاغاتاي" دېگەن سۆز، ئەمەلىيەتتە، "ۋاقىت، زامان"نى يەنى "چاغاتاي خانلار زامانى"نى بىلدۈرىدىغان خاس ئاتالغۇ. شۇڭا "چاغاتاي تىلى"نى مەيلى قانداق نام بىلەن ئاتىمايلى "چاغاتاي" دېگەن سۆزنى

چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، چاغاتاي تىلىنىڭ زامان چېكىنى ئىپادىلەشتە "چاغاتاي" دېگەن سۆزدىن باشقا مۇۋاپىق ئاتالغۇ يوق.

ئۈچىنچى، "چاغاتاي تىلى"دەپ ئاتالغان تىلنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى شەمسىددىن سامىمۇ، ئۇنىڭدىن باشقا تۈركولوگلارمۇ قەيت قىلغان. بىزمۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىزچىل ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ (چاغاتاي تىلىنىڭ) XIV ئەسىردە، تۇساتتىن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان تىل ئەمەس، بەلكى يىلتىزى مىلادى VI ئەسىرلەردىكى ئورخۇن تاش ئابىدىلىرىدە شەكىللەنگەن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدە ۋايىغا يەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ چىقتۇق①. شۇڭا، مۇشۇ پاكىتلار ئاساسىدا، "چاغاتاي تىلى" دېگەن ئاتالغۇدىكى "چاغاتاي" دېگەن سۆزنى ئەينەن ساقلاپ قېلىپ، "تىلى" دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا بولۇشقا تېگىشلىك ئېنىقلىغۇچىسى (ئىگىسى) "ئۇيغۇر" دېگەن سۆزنى قوشۇپ "چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى" دەپ ئاتاش ئەڭ مۇۋاپىق.

مېنىڭچە "چاغاتاي تىلى" دېگەن ئاتالغۇنى "چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى" قىلىپ ئىشلىتىشنىڭ كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ

① «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1990-يىل 6-ئاي نەشرى، 3-قىسىم، 208-بەت.

تۇرلۇك ئەھمىيتى بار:

بىرىنچى، "چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى" دېگەن ئاتالغۇ "چاغاتاي تىلى" دېگەن سۆزدىن چۈشىنىشلىك. چۈنكى، "چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى" دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىنلا بۇ تىلنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. سۆز قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇنىڭدىن ئەمدى ھەرگىزمۇ "چاغاتاي خانلار تىلى"، "موڭغۇل تىلى" دېگەن ئۇقۇم يوروتۇلۇپ قالمايدۇ.

ئىككىنچى، "چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى" دېگەن ئاتالغۇ "يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى"، "يېقىنقى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى" دېگەنلەردىن ئىخچام بولۇشتىن سىرت، ئېنىق بولغان دەۋر ئۇقۇمىغا ئىگە. "چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى" دېگەن ئاتالغۇ ئەمدى "چاغاتاي خانلار زامانىدىن باشلاپ ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر تىلى" دېگەن بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈلسە، ھېچكىمگە غەلىتە تۇيۇلمايدۇ، چۈشىنىكسىزلىك ھېس قىلىنمايدۇ. چۈنكى "چاغاتاي خانلار دەۋرى" دېگەن سۆز "يېقىنقى زامان"، "يېقىنقى قەدىمكى زامان" دېگەنلەرگە قارىغاندا، ئېنىق بولغان زامان چېكىگە ئىگە. ئۇنى ئەقەللىي تارىخ ساۋاتى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.

ئۈچىنچى، "چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى" دېسەك، تىل ئەھلىلىرى ئەزەلدىن ئاتاپ ئادەتلىنىپ قالغان "چاغاتاي تىلى" دېگەن ئاتالغۇمۇ يوقىلىپ كەتمىگەن بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز "چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى" دېگەن ئاتالغۇ ئارقىلىق ئەجدادلارغىمۇ يۈز كېلەلەيمىز. چۈنكى، بىز بۇ ئاتالغۇدا، ئۇلار

ھەمىشە كۆڭلىدە ساناپ كەلگەن "ئۇيغۇر" دېگەن نامنى زاھىر قىلىپ ئۆز جايىغا قويۇپ قويدۇق، خالاس.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان بۈيۈك مۇتەپەككۇرى كۇڭزى: "نام ئورۇنلۇق، گەپ يوللۇق بولسۇن" دېگەن. ئادەتتە، كۇڭ. زىچىلار بۇ سۆزگە "نام ئورۇنلۇق بولغاندا، ئاندىن سۆز يوللۇق بولىدۇ، گەپ ئاقىدۇ" دەپ يېشىم بېرىدۇ. بۇ ھەقىقە. تەنمۇ شۇنداق. مەيلى قانداق شەيئى بولمىسۇن، بىز ئەگەر ئۇنى توغرا، ئورۇنلۇق سۆز بىلەن ئاتىماي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىرتالاي سۆز بىلەن ئىزاھ بەرسەكمۇ، بەرىبىر نام ئورۇنلۇق بولمىغاچقا، بىزنىڭ چۈشەندۇرۇشلىرىمىزنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدۇ، گېپىمىز ئاخىرقى ھېسابتا ئاقمايدۇ.

قىسقىسى، "چاغاتاي تىلى" دېگەن سۆزنىڭ ئاشۇنداق كەمتۈك، تازا ئورۇنلۇق بولمىغان بىر ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىكەنمىز، ئۇنى ئۆزگەرتىپ "چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى" قىلىپ قوللانساق، تازا جايىدا ئىش قىلغان بولىمىز.

بۇ تەكلىپ ئەگەر كەڭ تىل ئەھلى ۋە بارلىق ئۇستازلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنسا، "چاغاتاي ئەدەبىياتى"، "چاغاتاي يېزىقى" دېگەن ئاتالغۇلارمۇ "چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى" دېگەن ئاتال. غۇغا مۇناسىپ ھالدا، "چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى"ۋە "چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى" دېگەن ئاتالغۇلارغا ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇمۇ بىر ئۇتۇق، ئەلۋەتتە.

1991 - يىل 10 - ئاي.

# چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدا

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى 14 ـ ئەسىردىن تارتىپ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارلىقتا، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان. بۇ تىلنى يۇرۇنقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردىكى باشقا تۈركىي ئەدەبىي تىللاردىن ئېنىق پەرقلەندۇ-رۇش ئۈچۈن، خەلقئارادا "چاغاتاي تىلى" دەپ ئاتاش بىرقەدەر ئومۇملاشقان. بۇ تىلنىڭ "چاغاتاي تىلى" دەپ ئاتىلىپ قېلىشىغا نىسبەتەن، چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن كېيىنكى ئەۋلادلىرى تەشكىل قىلغان فېئودال خانلىقلار بۇ تىلنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوللانغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان دېگەن قاراشلارمۇ بار.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۆز تەركىبىگە ئەرەب، پارس تىللىرى-دىن ئۇرغۇنلىغان سۆز-ئىبارىلەر ۋە بىرمۇنچە ئىپادىلەش ئۇسۇل-لىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. دەرۋەقە، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئەرەب ۋە پارس تىلى ئامىللىرىنىڭ كۆپلەپ كىرىشى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر، جۇم-

لىندىن، ئۇيغۇر خەلقى ياشىغان رايونلارغا ئىسلام دىنى كىرگەن-دىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئاساسەن ئەرەب-پارس تىللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقى، ئەرەب-پارس تىلىدا ئوقۇ-غان ۋە بۇ تىلنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن زىيالىيلارنىڭ كۆپىيىشكە ئەگىشىپ، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تولاراق ئەرەب ياكى پارس تىلىدا يېزىش مودا بولۇپ قېلىشتەك ئىسلام مەدەنى-يىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت يېڭى ئۇقۇم-لار ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئەدەبىي تىلدا ئەسلىدىن بار بولغان سۆز-ئاتالغۇلارمۇ ئەرەبچە-پارسچە سۆز-ئاتالغۇلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلغان ياكى پاراللېل قوللىنىلغان. شۇنداقلا، ئەرەب ياكى پارس تىلىغا تەقلىد قىلىنغان جۈملە شەكىللىرىمۇ تەدرىجىي كۆپەيگەن. ھەتتا، ئۆز دەۋرىدىكى "تۈركىي تىل بىلەن شېئىر يازغىلى بولمايدۇ" دەيدىغان خاتا پىكىر ئېقىمىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغان ۋە تۈركىي تىل بىلەن جاھان-شۇمۇل ئەسەرلەر يېزىپ، ئۇنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان لۇتفى، سەككاكى، ناۋايى قاتارلىق ئۇلۇغ ئەدىبلەرمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەرەبچە-پارسچە ئاملالارنى كۆپلەپ قول-لىنىشتىن خالىي بولالمىغان. شۇڭلاشقا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشى ۋە تەتقىقاتىدا، ئۇنىڭ لېكسىكا تەركىبىنى تەشكىل قىلغان ئەرەبچە-پارسچە ئاملالارغا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر،

ئەلۋەتتە.

بىز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگىنىمىزدە، بۇ تىلنىڭ مەيلى فونېتىكا جەھەتتىن، مەيلى لېكسىكا جەھەتتىن ياكى گراماتىكا جەھەتتىن بولسۇن ئوخشاشلا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكىدەك بۇ مۇھىم تەرىپىگە ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز لازىم.

## فونېتىكا جەھەتتە

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ شەكىللەنگەنلىكىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

1. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلىپبەسىدە "ص، ض، ط، ظ، ث، ذ" قاتارلىق ھەرپلەر بار. بۇ ھەرپلەرنىڭ ھەربىرى ئەرەب تىلىدا ئۆز ئالدىغا مۇئەييەن تىل تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان مۇستەقىل فونېمىلار بولسىمۇ، ئۇلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمدىن تارتىپ بار بولغان مۇناسىۋەتلىك تىل تاۋۇشلىرى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن، ئەرەب تىلىدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل فونېما بولغان "ض، ظ، ذ" دېگەن ئۈچ فونېما قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى "ز" فونېمىسى تەرىپىدىن

پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا باشتىن-ئاخىر "ز" فونېمىسىنىڭ ۋارىيانتلىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان. خۇددى شۇنىڭدەك "ط" ھەرپىمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى فونېمىلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ت" فونېمىسىنىڭ ۋارىيانتى بولۇپ قالغان. "ص، ث" ھەرپلىرى بولسا "س" فونېمىسىنىڭ ۋارىيانتى بولۇپ قالغان. دېمەك، ئۆز زامانىسىدا، ئەڭ مۆتىۋەر تىل ھېسابلانغان ئەرەب تىلىدىكى ئاشۇنچىۋالا فونېمىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان چاغدا، ئۆزلىرىنىڭ فونېمىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدىن بار فونېمىلارنىڭ ۋارىيانتلىرىغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىنى ئۆزىگە يېمىرىلمەس ئۇل قىلغانلىقىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

2. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر تەركىبىدىكى "ئا"، "ئە" تاۋۇشلىرى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىن كېيىن، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، "ئې"، "ئى" تاۋۇشلىرىغا ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

bəⱨari bisyar yahxi bolur, ⱪalin lalə wə güllər aqilur.

«بابۇرنامە»دىن.

barqələr biⱨux boldilər, yərdin ot qiⱪti, barqəsini kɵydürdi.

«قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 64-بەت.

"ئا"، "ئە" تاۋۇشلىرىنىڭ "ئې"، "ئى"لەرگە ئاجىزلاشماسلىقى دەل قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىدى. مەسىلەن:

biliglig ər əldi, ati əlmədi,

biligsiz tirig ərkən ati əlük.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق»، 20ـبەت.

3. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن "چ" تاۋۇشى ئەگەر "ئىش // ئۇش" بوغۇملىرىنىڭ ئالدىدا كەلسە "ت" بولىدۇ، ئەگەر "ئاچ" بوغۇمىنىڭ ئالدىدا كەلسە "س" بولىدۇ. مەسىلەن:

Oxul oqulnuh əhlügi qiraqi kək erdi, aqzi atax kizil ərdi, kəzləri al, saqlari kaxlari kara ərdilər ərdi.

بۇ ئوغۇلنىڭ ئۆڭ-چىرايى كۆك ئىدى، ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى.

«ئوغۇزنامە»، 25ـبەت.

kənə künlərdə bir kün oquz kaqan bir yərdə təhrini yalbarquda ərdi. karah-quluk kəldi. kəktün bir kək yaruk tüxti.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوغۇز خاقان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقىنىدا، (ئەتراپ) قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق چۈشتى.

«ئوغۇزنامە»، 28ـبەت.

biliglig biligsiz kaqan təh bolur,

biliglig tixi ər, jahil ər tixi.

بىلىملىك بىلەن بىلىمسىز ھېچقاچان تەڭ بولالمايدۇ.

بىلىملىك چىشى (ئايال) گويا ئەر، نادان ئەر گويا ئايالدۇر.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق»، 18_بەت.

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ خىل فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىك چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئەينەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

yüzüŋni oqəyridin asrap kün aldin əbr tutkandək,

saqiŋ ərməs, yüzüŋ ətrafi üzrə dudi ahimdur.

خۇددى كۈننى بۇلۇت توسۇپ تۇرغاندەك، يۈزۈڭنى يات كۆزلەردىن ئاسراپ تۇرغان نەرسە، سىنىڭ چېچىڭ ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئاھىمنىڭ تۈتۈنلىرىدۇر.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 508_بەت.

tüxtə kərsəm xum rəkibi bəstəni,

oyoqanurmən turfə qüqüp dilbərim.

چۈشۈمدە پەس رەقىبلەرنى كۆرسەم، بۆلەكچىلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىمەن، دىلبىرىم.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 486_بەت.

Padixah ərkani dəwlət bilən ezləri qikip, bu halni kərüp, həyrət ilgini təəjjub dəndanida tixləp orduoqa təklif kilip alip kətti.

پادىشاھ ئۆزى دۆلەت ئەربابلىرى بىللە چىقىپ، بۇ

ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھەيرەت قولنى تەئەججۈب چشلرى بلەن چشلدى (قاتتق ھەيران بولدى). ئاندن ئۇنى تەكلپ بلەن ئوردىغا ئېلپ كەتتى.

مۆجزى: «مۇزىكانتلار تارىخى»، قول يازما، 9_بەت.

4. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، تەۋەلىك III شەخس بلەن تۈرلەنگەن ئسملار ۋە ئسم ئورنىدىكى ئالماشلار يەنە كېلش قوشۇمچلرى بلەن تۈرلەنگەندە، فونېتكىلىق ئۆزگرىش بولۇپ، تەۋەلىك قوشۇمچسى بلەن كېلش قوشۇمچسنىڭ ئوتتۇرسىدا بر "ن" تاۋۇشى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. مەسلەن:

anuŋ baxīnda ataxluɋ yaruķluɋ bir məŋi bar ərdi.

ئۇنىڭ پېشانسىدا چوغدەك پارقىراق بر مېڭى بار ئىدى.

«ئوغۇزنامە»، 28_بەت.

nəgü ķolsa bərgil bularķa tükəl,
bularnīŋ tilindin ɵzüŋ satɋīn al.

(ئۇلار) نېمنى تلسە بەرگن سەن تۈگەل،
ئۇلارنىڭ تلىدىن ئۆزىنى سېتىۋال.

«قۇتادغۇبىلىك»، 908_بەت.

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ خىل فونېتكىلىق ئالاھىدىلىك چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەردىمۇ ناھايتى كەڭرى ئۇچرايدۇ. مەسلەن:

jan barinqə ķilmaɋay lutfi fiɋan bidadidin,
dadkim, bərsun, ķilur qün jəwr sultanim meniŋ.

لۇتفى ئىلاجىكى بار زۇلۇمىدىن پىغان چەكمەيدۇ، بىراق، مېنىڭ سۇلتانىم زادى نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا جەبىر سالىدۇ، دەپ شىكايەت قىلىدۇ.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 242-بەت.

ākibətulomur bu ikki dəryayi ləxkəri hun axamlarniŋ arararinda bir mənzildin ziyadə musafət ķalmadi.

نەتىجىدە، بۇ ئىككى تەرەپتىن سەلدەك كېلىۋاتقان قان تۆكەر لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدا بىر مەنزىلچىلىككىلا ئارىلىق قالدى.

«تارىخى ئەمنىيە»دىن.

## لېكسىكا جەھەتتە

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا جەھەتتە ئەرەب-پارس تىللىرىدىن نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنى قوبۇل قىلغانلىقى بىر ئەمەلىيەت. خۇسۇسەن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ راسا ۋايىغا يەتكەن دەۋرى — ناۋايى دەۋرىدىكى ئەسەرلەرگە قارايدىغان بولساق، ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەملەرنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا تەركىبىنى بەكلا قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئالايلۇق:

boldi məni əlməkimə səwda bais,
səwdaƣə həwayi jami səhba bais.

səhbaꝗə daꝗi jami musəffa bais,
bu bariꝗə ol dilbəri tərsa bais.

«ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 308-بەت.

Wə bu səzniŋ tənəwwui təəkkuldin nəri wə təsəwwurdin taxkaridur. əgər mubaliꝗəsiz ijmal yüzidin kələm sürülsə wə ihtisar janibidin rəkəm urulsa, yətmix ikki nəw'i bilə taparida hud ḩiq səz yokturki, yətmix ikki firkə kəlamꝗa dəlalət kiloꝗay. amma, əwwəlꝗə təfsilidur oldurkim, rub'i məskunniŋ yəttə iklimidin ḩər iklimda nəqqə kəxwər bar. wə ḩər kəxwərdə nəqqə xəḩər wə kəsəbə we kent. we ḩer dextdə neqqə həyl səḩranəxin olus wə ḩər taꝗda nəqqə təwayif bar. ḩər jəmaət əlfazi əzgələrdin wə ḩər guruḩ ibarəti yanalardin mutəꝗəyyir wə bir nəqqə hususiyyət bilə mutəməyyizdurki əzgələrdə yoktur...

ناۋايى: «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»دىن.

بۇ ئىككى مىسالدىكى ئالدىنقى 21 سۆزلەمدىن تەركىب تاپقان قوش قاپىيىلىك رۇبائىيدا پەقەت ئالتە ئۇيغۇرچە سۆز ئىشلىتىلگەن، كېيىنكى 88 سۆزلەمدىن تەركىب تاپقان بىر ئابزاستا بولسا، ئاران 21 ئۇيغۇرچە سۆز ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىن بىز ناۋايى دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە — مەيلى ئۇ

نەزمىي ئەسەر بولسۇن، ياكى نەسرىي ئەسەر بولسۇن،
ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەرنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىشلىتىلگەنلە-
كىنى بايقاپ ئالالايمىز.

بىراق، بىز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى لىكسىكا جەھەتتىن
تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، پۈتكۈل چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى
دەۋرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تولۇق ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا
ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشىمىز ۋە شۇ ئاساستا خۇلاسە چىقىرىشىمىز
لازىم. ئالايلۇق، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە
تەئەللۇق بولغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نادىر ئەسەر-
لەردىن بۇرھانىددىن ئوغلى ناسىرىددىن رابغۇزىنىڭ «قىسەسۇل
ئەنبىيا»سىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭدا قۇرئان ۋە
ھەدىستىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن كۆپچۈرمە گەپلەر ۋە قىسمەن
ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىغا مەنسۇپ سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدى-
غانلىقىنى ھېس قىلىمىز. مەسىلەن:

**(Suləyman) bir kün hudayitəalagə munajat ⱪilip: hudaya hudawənda wujudumdin bir nimərsə bərsəŋ didilər. andan ⱨatuni bilⱪisniŋ boyida ⱨamilə boldi. waⱪti saəti yətip bir nimərsə tuƣdi. anda nə bax wə nə ayaƣ wə nə ⱪulaⱪ ⱨiq nimərsə mə'lum əməs erdi. goyaki bir sənaqƣə ohxaydur, ərkək wə ⱪiz ikənliki ⱨəm mə'lum əməs.**

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، 49 سۆزلەمىدىن تەركىب تاپقان بۇ بىر ئابزاستا، پەقەت 12 ئەرەبچە-پارسچە سۆز ئىشلىتىلگەن، خالاس.

ئاندىن، ناۋايىدىن سەل بۇرۇنراق ياشاپ، ئىجاد قىلىپ ئۆتكەن نامايەندىلەردىن ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى قاتارلىقلار-نىڭ ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، بۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى، ئاسىغ (پايدا)، ئىلىك (قول)، بىلىگ (بىلىم)، ئاجۇن ياكى ئاژۇن (دۇنيا)، ئۇجماق (جەننەت)، قاموغ (ھەممە، بارلىق)، ئۆكسۈك (كەمچىل)، ئۆكۈش (جىق، كۆپ)، ئارىغ (ساپ، تازا)، تاپۇغ (خىزمەت، ئىش)، باسا (ئاندىن كېيىن)، سۇچۇك (چۇچۇك)، ئايماق (ئىپتىماق)، ئىزى (ئىگەم، خۇدا)، يازى (چۆل، دالا)، يازۇق (گۇناھ)، بىتىك (خەت)، ئىگ (ئاغرىق، كېسەل)، قولماق (سورىماق)، ئەسرۇ (بەك، ناھايىتى)، ياۋۇق (يېقىن)، ئۇلۇس (خەلق)، تاموغ (دوزاخ) قاتارلىق سۆزلەرنىڭ خېلى ئىزچىل ئىشلىتىلگەنلىكىنى پايقايمىز.

ئەمدى، ناۋايى دەۋرىدىن خېلى بىرمەزگىل كېيىن، خۇسۇسەن، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەرنى كۆرىدىغان بولساق، بۇ ئەسەرلەرنىڭ لېكسىكا تەركىبى بىلەن ناۋايى دەۋرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ لېكسىكا تەركىبىدە ئاسمان-زېمىن پەرق بارلىقىنى، يەنى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ لېكسىكىسىدا، ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەرنىڭ

كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئازىيىپ، ساپ ئۇيغۇر تىلى ئامىللىرىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپەيگەنلىكىنى، ئەسەر تىلىنىڭ خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا، ھەتتا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا خېلىلا يېقىنلاشقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. مەسىلەن:

Sultan (abdurrəxidhan) məzkur rəwixləriqə bir ⱨərabə ɵygə ⱪonuqi sürətidə bolup, əkrəm nam bir məⱨrəmi bilən kirdi. ol ɵy məⱨmud atliⱪ bir otanqiniŋ ɵyi ərdi, bu məlikə (amannisa henim) xul məⱨmudniŋ ajizəsi ərdi. sultan ⱪaraydurki, bu ɵyniŋ burjəkidə bir tənbur bar ərdi. sultan məⱨmuddin soridiki, tənburni qəlip bergəy. ol aydiki, mən tənbur qelixni bilməsmən, uxbu ⱪizimiz məŋa tənbur alip beriŋ dəp həfa ⱪilip aldurdi, ⱪizim qalidu dəp ərdi. sultan: ⱪiziŋiz qelip bərsun didi. məⱨmud ⱪiziƣə əmri ⱪildi. ⱪiz tənburni ⱪəltürüp pənjigaⱨ muⱪamiƣə andaƣ qaldikim, sultan ⱨəyran ⱪaldi.

مۆجىزى: «مۇزىكانتلار تارىخى»، قول يازما، 35_بەت.

بىز مانا بۇ ئەمەلىي پاكىتلاردىن كېيىن، دەسلەپكى قەدەمدە مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى دەل قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت

فوندى بولۇپ، پۈتكۈل چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، ئاز-تولا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ئۆز پېتىنى ساقلاپ قالغان.

مەسىلەن: ئاتا، ئانا، ئىنى (ئۇكا)، باش، كۆز، كىرپىك قاپاق، بۇرۇن، قۇلاق، يۈز (بەت)، چاچ، چىش، ساقال، تۈك، تىل، يۈرەك، سۆز، ئاياغ، ئىلىك (قول)، ئەت (گۆش)، ياغاچ، سۇ، تاغ، تاش، تۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، سوغۇق، ئىسسىق، يەل، قاتتىق، يۇمشاق، ئەركەك، ئوغۇل، قىز، ئاش (تاماق)، ئات، ئۇي (كالا)، قوي، پاقلان، قوزا، توشقان، بۆرى، ئارسلان، ئاي، كۈن، يۇلتۇز، ياز، قار، يامغۇر، مۇز، ئاق، قارا، قىزىل، سېرىق، يېشىل، قىش، قۇش، دېڭىز... قاتارلىقلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئەينەن قوللىنىلغان.

ئىككىنچىدىن، ناۋايى دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭ ئالدى-كەينىدىكى بىرمەزگىل چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە، ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەر نىسبەتەن كۆپىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، مەزكۇر ئەرەب-پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ھامان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشاش مەزمۇندىكى سۆزلەر بىلەن پاراللېل قوللىنىلغان. مەسىلەن، چاچ (ساچ) بىلەن زۇلف، ئالتۇن بىلەن زەر، كۈمۈش بىلەن سىم، تاش بىلەن ھەجەر، تاغ بىلەن جەبەل، چەرىك بىلەن نەۋكەر، ئاي بىلەن قەمەر، كۈن بىلەن شەمس، يۇلتۇز بىلەن نەجم، قىزىل بىلەن ئەھمەر، كۆز بىلەن چەشمە، كىرپىك بىلەن خەدەنگ، قورا

بىلەن كەنت، مەكتۇپ بىلەن بىتىك، تىل بىلەن لەفز، قۇت بىلەن بەخت، ئەت بىلەن گۆش، يۈرەك بىلەن دىل، ئەركەك بىلەن مەرد، قىز بىلەن ئايال، سوغۇق بىلەن سەرد، دېڭىز بىلەن بەھر، ئاتا بىلەن ئەب، ئانا بىلەن مادەر، كۈنلەر بىلەن ئەييام، بىرىنچى بىلەن ئاۋۋال، ئىككىنچى بىلەن سانى... ۋەھاكازالار.

ئۈچىنچىدىن، ئەرەبچە- پارسچە سۆز- ئىبارىلەر بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئۇيغۇرچە سۆزلەر پۈتكۈل چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ھامان ئۈستۈنلۈكتە، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرچە سۆز- ئىبارىلەر بىلەن بوي تالاشقان ئەرەبچە- پارسچە سۆز- لەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا تەركىبىدىن تەدرىجىي ھالدا سىقىپ چىقىرىلغان.

## گراماتىكا جەھەتتە

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى گراماتىكا جەھەتتىمۇ، ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بىز پۈتكۈل چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە يېزىلغان ۋەكىللىكى بار ئەسەرلەرنى ۋاراقلايدىغان بولساق، مەزكۇر تىلنىڭ گرام-

ماتىكىسى تەركىبىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى ئېلېمېنتلىرىنىڭ خېلى دەرىجىدە ساقلانغانلىقىنى كۆرىمىز.

1. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملاردىن سۈپەت ياسىغۇچى "لىك//لىق" بىلەن ئوخشاش رولدا كېلىدىغان "لى" قوشۇمچىسى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

okuxlī biligli ədi ədgü nəŋ,
ķali bolsa ixlət uqup kəkkə təŋ.

ئىدراكلىق، بىلىملىك بولۇش ناھايىتى ياخشى ئىش،
كۆككە ئۇچۇپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئېرىش ۋە ئىشلەت.

«قۇتادغۇبىلىك»دىن.

əliglərdə ķutluq bərigli əlig,
alīp bərməgən ol əlig ķutsuzī.

قوللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قۇتلۇق قول — ئېچىقلىق (بەرگۈچى) قولدۇر.
ئېلىپ بېرىشنى بىلمەيدىغىنى قوللارنىڭ قۇتسىزىدۇر.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق»، 36-بەت.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىمۇ "لىق//لىك" قوشۇمچىسى ئورنىدا "لى" قوشۇمچىسى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

dərtli dil ḩiq tohtimas, sirlik kələm ķaynap yazar,
muŋli dadimni ixitsə hizri təsbiḩtin azar.

نىم شېھىت: «ئالدىدا».

1. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ چوشۇم كېلىش

قوشۇمچىسى ئۇچۇن "نى"دىن باشقا "ن" قوشۇمچىسىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

Kənə andan soŋ oqluz kaqlan uluql kuriltay qakirdi, nəwkərlərin əlgünlərin qarlap qakïrdï.

شۇندىن كېيىن، ئوغۇز خاقان چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى، نۆكەرلىرىنى، خەلقنى چاقىرتىپ كەلدى.

«ئوغۇزنامە»، 39_بەت.

olarnï katiql səw aqlïrla səzin,
biliglərni əgrən əküx ya azïn.

ئۇلارنى قاتتىق سۆي، سۆزىنى قەدىرلە،
مەيلى ئاز، مەيلى كۆپ بولسۇن، بىلىملىرىنى ئۆگەن.

«قۇتادغۇبىلىك»، 892_بەت.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىمۇ چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسى "نى" ئورنىدا "ن" ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

hoblarniŋ kəz wə kaxlari arasinki "kabak" dərilər.

ناۋايى: «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»دىن.

qlunqəwəx nazuk bədənniŋ ay yüzin kərgən haman,
bu bilal əytur: bolurmən ahu-zarimdin juda.

موللا بىلال: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 578_بەت.

3. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تىلەك رايى 2-شەخس بىرلىك ئۈچۈن "غىل// قىل// گىل// كىل" قوشۇمچىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

tilig kəḍ küḍəzgil küḍəzildi bax.

səzüŋi kīsurqīl uzartīldī yax.

تىلىڭنى كۆزەت بەك، كۆزىتىلەر باش،
سۆزۈڭنى قىسقا قىل، ئۇزارتىلار ياش.

«قۇتادغۇبىلىك»، 76_بەت.

مەزكۇر قوشۇمچە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىلەن ئوخشاش رولدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

dəḍi əy kux atiŋni ayqil,

dəḍi əytay kulak salqil, ixitkil.

فىرقەتى: «مۇھەببەتنامە_مىھنەتكام»دىن.

4. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا "مىش" قوشۇمچىسى كۆپىنچە پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى "غان // قان // گەن // كەن"لەر رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

əküx səzləgəndə əkün'gən təlim

tilin bəkləgəndə əkünmix kanī.

كۆپ سۆزلىگەنلەردىن ئۆكۈنگەنلەر كۆپ،
تىلىنى تىزگىنلىگەنلەردىن ئۆكۈنگىنى قېنى؟

«ئەتەبەتۇلھەقايىق»، 24_بەت.

bu yalqan səz ig təg konī səz xifa,

bu bir səz ozakī urulmix məsəl.

يالغان سۆز گويا كېسەل، راست سۆز شىپادۇر.
بۇ بۇرۇندىن تارتىپ دېيىلىپ كەلگەن مەسەلدۇر.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق»، 26_بەت.

"مىش" قوشۇمچىسى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئاشۇنداق رولغا ئىگە. مەسىلەن:

kəymix ərdi ḳara ətləstin ḥəwa bir təylisan,
ani miḥr ətti ziya tirnaqi birlə tar-tar.

ھاۋا قارا ئەتلەستىن تون كىيىۋالغان ئىدى،
قۇياش ئۇنى نۇر تىرنىقى بىلەن تىلىم-تىلىم قىلىۋەتتى.

تەجەللى: «قارا ھەققىدە قەسىدە»دىن.

5. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل ئۆزەكلىرىگە "ۇبان، مبان، بان" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ چېتىلما ھال پېئىل شەكلى ياسىلىدۇ ھەمدە "پ" ھال پېئىلى بىلەن ئوخشاش مەنە ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

yay yaruban ərgüzdi,
aḳtī aḳīn mündüzi,
tuqdī yaruḳ yulduzi,
tīŋla sezüm külgüsüz.

ياز كېلىپ، قار-مۇزلار ئېرىدى،
سەل سۇلىرى تاشقىن بولۇپ ئاقتى.
يورۇق يۇلتۇزلارمۇ تۇغدى.
سۆزۈمنى كۈلمەي ئاڭلا.

مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن.

ھال پېئىلنىڭ بۇ خىل شەكلىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەردە ئىزچىل تۈردە قوللىنىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

مەسىلەن:

keliban yar oluŋ bizgə həmmə ərwahi axiklar,

mədəd əyləŋ maŋa lutf əyləban ol yan bararimoqə.

بارلىق ئاشىقلارنىڭ ئەرۋاھلىرى كېلىپ ماڭا يار بولۇڭلار ۋە مەرھەمەت قىلىپ مېنىڭ يار قېشىغا بېرىشىمغا مەدەتكەر بولۇڭلار!

ئابدۇرەھىم نىزارى: «رابىئە-سەئىدىن»دىن.

6. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بېقىندى جۈملىلەر باش جۈملىگە كۆپىنچە "كىم" باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

oxul kiz andaoq kərüglüg ərdikim külsə kək təŋri külə turur.

ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى.

«ئوغۇزنامە»، 28-بەت.

"كىم" باغلىغۇچىسى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا دەل ئاشۇنداق رولدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

kiz tənburni kəltürüp pənjigah mukāmioqa andaoq qaldikim, sultan həyran kaldi.

مۆجىزى: «مۇزىكانتلار تارىخى»، قول يازما، 35-بەت.

7. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرمىلەرنى ئاپتورنىڭ سۆزى بىلەن باغلايدىغان سۆزلەر كۆچۈرمىدىن بۇرۇن كەلسە، كۆچۈرمىدىن كېيىن ئۇنى ياكى ئۇنىڭ باشقا بىر ۋارىيانتىنى تەكرارلاش ئادىتى بار. مەسىلەن:

ol aydiki, mən tənbur qelixni bilməsmən,...

ķizim qalidur, dəp ərdi.

مۆجىزى: «مۇزىكانتلار تارىخى»، قول يازما، 35_بەت.

بۇ خىل ئادەتمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن. مەسىلەن:

uxbu kək bəri oquz ķaqanqa eyttï kim əmdi qərig birlə mundun atla oquz, atlap əlgünlərni, bəglərni kəldürgil, mən saŋa baxlap yolnï kərgürürmən dəp dədi.

بۇ كۆك بۆرى ئوغۇز خاقانىغا: "ئوغۇز، ئەمدى لەشكەرلىرىڭنى باشلاپ بۇ يەردىن قوزغال. سەن ئەل-جامائەت ۋە بەگلەرنى باشلاپ كەل، مەن ساڭا يول باشلاپ ماڭىمەن" دېدى.

«ئوغۇزنامە»، 34_بەت.

8. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ 3-شەخس شەكلىنىڭمۇ كۆپلۈك شەكلى قوللىنىلىدۇ. بىراق، ئۇ ھۆرمەت مەنىسىنى بىلدۈرگەندىن باشقا بىرلىك شەكلىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن:

...nə bolqayki uxbu qərib fənniŋ sahibi kəxufləri tarihidin bir risālə pütüp sayir muqənnilərqə yadkar ķoysaŋ dəp əmr ķildilər.

...مۇشۇ غېرىب پەننىڭ كەشپىياتچىلىرى تارىخىدىن بىر رىسالە پۈتۈپ باشقا سازەندىلەرگە يادىكار قىلساڭ قانداق، دېپ ئەمر قىلدى.

مۆجىزى: «مۇزىكانتلار تارىخى»، قول يازما، 4_بەت.

پېئىللارنىڭ III شەخس شەكلىدىمۇ كۆپلۈك شەكلىنى ئىشلە-
تىدىغان بۇ خىل ئادەت دەل قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن.
مەسىلەن:

üq ərkək oqulnï toqurdï· birinqisigə kün at koy-
dïlar, ikkinqisigə ay at koydïlar, üqünqisigə yulduz
at koydïlar·

ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. تۇنجىسىغا كۈن دەپ، ئوتتۇرانچىسىغا
ئاي دەپ، كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويدى.

«ئوغۇزنامە»، 28-بەت.

9. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يۆنىلىش كېلىش ئاساسەن
"-غە // -قە // گە // كە" قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
ئەمما، شېئىرلاردا بۇ قوشۇمچىنىڭ I، II شەخس تەۋەلىك
قوشۇمچىسىدىن كېيىن "-ئە" شەكلىدە ئىپادىلەنگەنلىكىنى
كۆرىمىز. مەسىلەن:

janim qikadur dərdi lə jānānimə əytiŋ,
mən həstə gəda hālini sultānimə əytiŋ·

دەرد بىلەن جېنىم چىقاي دەپ قالدى، جانانىمغا ئېيتىپ قويۇڭ.
مەن بىچارە گادايىنىڭ ھالىنى سۇلتانىمغا دەپ قويۇڭ.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 242-بەت.

يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ "-ئە // -ئا" شەكلىدە
ئىپادىلىنىشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى
بايقايمىز. مەسىلەن:

sezüm oqluma sezlədim mən toŋa

oqul məndə altīn maŋa nə təŋə·

سۆزۈمنى دېدىم مەن ئوغلۇمغا، باتۇر،

مېنىڭدىن تۆۋەن ئۇ نىچۈك تەڭ بولۇر؟

«قۇتادغۇ بىلىك»، 78ـبەت.

10. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېشىلىنىڭ I شەخس بىرلىك بۇيرۇق-تىلەك رايى شەكلىگە بەزىدە "-ئىن" قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ata mən ḩəm bilürmən məni səwərsən· əmma kep səwgəniŋni andi biləyin, məniŋ keŋlüm üqün məni āqalarim birlə yibərsəŋ·

ئاتا، مەنمۇ بىلىمەن، سەن ماڭا ئامراق. ئەمما، سېنىڭ ماڭا ھەقىقەتەن ئامراق ئىكەنلىكىڭنى شۇنىڭدىن بىلەيكى، مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن سەن مېنى ئاكىلىرىم بىللە ئەۋەتسەڭ ئىكەن.

«قىسەسۇل ئەنبىيا»، 121ـبەت.

yolida tuprak olayin at üqün.

(يارنىڭ) يولىدا (ئۇ مىنگەن) ئات ئۈچۈن تۇپراق بولاي.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 238ـبەت.

بۇ خىل ئالاھىدىلىكمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن. مەسىلەن:

kəni yol tutayīn tə sə yinqkəlig

boquzuq arītqu ay kīlkī silig·

ئىنچىكە ۋە تۈز يول تۇتاي مەن دېسەڭ،
ئى پاك دىل، بولۇر گالغا ھالال يېسەڭ.

sakïnuķ bolayïn təsə bəlgülüg,
boquzķa əginkə ḥəlal bər ülüg.

بولاي تەقۋادار مەن دېسەڭ بەلگۈلۈك،
كېلىڭنى ئىگىننى ھالال ئەتكۈلۈك،

«قۇتادغۇبىلىك»، 912_بەت.

11. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا "ي" بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز رەۋىشداشقا بەزىدە "-ئىن" قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

kərməyin dəp kerdi kez, kərgəq keŋül ķildi həwa,
boldi zar ətkən məni rəswa keŋül, ķəllab kez.

كۆزۈم كۆرمەي دەپ تۇرۇپ كۆردى، كۆزۈم كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلۈم ھەۋەس قىلدى. مېنى مۇشۇنداق زار قىلغان ئاشۇ رەسۋا كۆڭلۈم، ئالدامچى كۆزۈم.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر». 284_بەت.

بۇ خىل ئۆزگىچىلىكنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىزچىل ھالدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن:

kənə bir kün kək tülüklüg kək yalluq ərķək bəri yürüməyin turdi.

بىر كۈنى كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىق ئەركەك بۆرى

ماڭماي تۇرۇپ قالدى.

«ئوغۇزنامە»، 35-بەت.

12. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا "غۇلۇق // گۇلۇك" قوشۇمچىسى پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنداش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىشلىگۈچىنىڭمۇ شۇ ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنداشقا قارار قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، مەزكۇر قوشۇمچە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئومۇمەن ئاشۇ مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

dədi ol yan janibət sürgülükdur,

bu ix gər waķi’ olsa kərgülükdur.

ئۇ ئېيتتى: ئۇيان بېرىش كېرەك، بۇ ئىش راست بولسا كۆرۈش كېرەك.

ناۋايى: «فەرھاد-شېرىن»دىن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ھۆكۈم ياردەمچىسى "دۇر // تۇر، دۇرۇر // تۇرۇر" شۇنداقلا، "-ئەر // -ئېر"نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى "ئەركەن // ئېركەن، ئەردى // ئېردى"، ھازىرقى زامان شەكلى "ئەرۇر // ئېرۇر"، پۈتكەن سۈپەتداش شەكلى "ئەرمىش // ئېرمىش" قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن.

قىسقىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ

ئاساسي گەۋدىسى ۋە ئۇمۇرتقىسى، بۇ جەھەتتىكى تىل پاكىتلىرىنى تولۇق جۇغلاپ، يەنىمۇ ئەتراپلىق شەرھلەش مۇمكىن ۋە شۇنداق قىلىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك.

1984 ـ يىل 4 ـ ئاي.

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

1. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كافېدراسى تۈزگەن «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى».

2. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كافېدراسى تۈزگەن «چاغاتاي تىلى دەرسلىكى» 1 ـ، 2 ـ قىسىم.

3. رەھمىتۇللا جارى يازغان «چاغاتاي تىلى ھەققىدە».

4. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر».

ئىزاھات:

تەلەپكە ئاساسەن، مىساللار «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ترانسكرىپسىيسى ئاساسىدا بېرىلدى. يەنى:

ئۇزۇن سوزۇق "a" ئورنىدا "ā" بەلگە قىلىندى.

"ه"نىڭ ۋارىيانتى ئورنىدا "ḫ" بەلگە قىلىندى.

قاتتىق "i" ئورنىدا "I" بەلگە قىلىندى.

"z"نىڭ ۋارىيانتلىرى ئورنىدا "ż" بەلگە قىلىندى.

"s"نىڭ ۋارىيانتلىرى ئورنىدا "ś" بەلگە قىلىندى.

"t"نىڭ ۋارىيانتى ئورنىدا "ṭ" بەلگە قىلىندى.

"h"نىڭ ۋارىيانتى ئورنىدا "ḥ" بەلگە قىلىندى.

"ڭ" ھەرپى ئورنىدا "ŋ" بەلگە قىلىندى.

ئۈزۈك "ئ" ئاۋۇشى ئۈچۈن "'" بەلگە قىلىندى. مەسىلەن:

m'ə'lum (مەئلۇم)

Kani' (قانىئ)

بوغۇم ئايرىش بەلگىسى ئۈچۈنمۇ "'" بەلگە قىلىندى. مەسىلەن:

nəw'i (نەۋئى)

# چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى تەتقىقات كۈنسايىن چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، "قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسى"① "چاغاتاي تىلى فونېتىكا ۋە گراماتىكا جەھەتتە ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا راۋاجلىنىش بىلەن بىللە، ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدىن نۇرغۇنلىغان سۆز-ئىبارىلەرنى ۋە بىرمۇنچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ"② دېگەندەك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە، توغرا چۈشەنچىلەر بىلەن بىر قاتاردا "چاغاتاي تىلى جانلىق تىلدىن ئايرىلىپ قالغان يېزىق تىلى" دەيدىغان تولىمۇ بىر تەرەپلىمە ۋە ناتوغرا قاراشمۇ بار.

بىزنىڭ چۈشەنچىمىزچە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دېگىنىمىز، 14-ئەسىردىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن ئورتاق

قوللىنىلغان ئەدەبىي تىلنى كۆرسىتىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى "ئەدەبىي تىل" ياكى "يېزىق تىلى" دېگەندە مەزكۇر تىلنىڭ ئۆز زامانىسىدا، ئېتنىك شەكىللىنىشى ۋە تىل-يېزىق تارىخى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر-بىرىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدىغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق تۈركىي مىللەت ۋە قەبىلىلەر ئۈچۈن "ئورتاق تىل" بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمدى، خاس ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى "يېزىق تىلى"، "يازما ئەدەبىي تىل" ياكى "موللام تىلى" دېيىش توغرا ئەمەس. چۈنكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا خاقانىيە تىلى (قەشقەر تىلى) نىڭ چاغاتاي خانلىقى باش بولغان يېڭى تارىخىي دەۋردىكى بىۋاسىتە راۋاجىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۆز زامانىسىدا، "چاغاتاي تىلى"، "تۈركچە" دەپ ئاتىلىش بىلەن بىرچاغدا، ئېنىق قىلىپ، "قەشقەر تۈركچىسى" دەپمۇ ئاتالغان③. خوش، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنكەن ۋە ئۇ ئالتە ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ، مەيلى ژانىر تۈرى جەھەتتىن ۋە مەيلى سان سالمىقى جەھەتتىن شۇنچىۋالا كۆپ، سۆپەت ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن شۇنچىۋالا يۈكسەك ئەسەرلەر يېزىلغانىكەن ئۇنداقتا مەزكۇر تىلنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ۋە ئۇلارنىڭ جانلىق تىلى بىلەن مۇناسىۋەتىسىز،

ئالاقىسىز، ئۇزۇئارا تەسىر قىلىشمىغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

بىز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى "جانلىق تىلدىن ئايرىلىپ قالغان يېزىق تىلى" دېيىش توغرا ئەمەس دېگىنىمىزدە، تۆۋەندىكىلەرنى ئاساس قىلىمىز.

1. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى "جانلىق تىلدىن ئايرىلىپ قالغان يېزىق تىلى" دېيىش مەنتىققە سىغمايدۇ. چۈنكى، ئەدەبىي تىل (ياكى يېزىق تىلى) ئەمەلىيەتتە جانلىق تىلنىڭ قېلىپلاشقان بەدىئىي شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى ئۇلسىز كۆركەم ئىمارەت، تۇپراقسىز ئۇخشىغان زىرائەت بولمىغىنىدەك، جانلىق تىلسىز ئەدەبىي تىلنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق بىر ئەدەبىي تىل (مەيلى ئۇ بىرقانچە مىللەت، قەبىلە تەرىپىدىن بىللە قوللىنىلغان ئورتاق تىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر)نىڭ ئالتە ئەسىرگىچە جانلىق تىلدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. ئەگەر راستىنلا ئاشۇنداق بىر پەۋقۇلئاددە شارائىت تۈپەيلى ئەدەبىي تىل بىلەن جانلىق تىل بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ قالغان دېيىلگەندىمۇ، بۇ خىل ئايرىلىپ قېلىش ئالتە ئەسىر داۋاملاشسا، شەكسىزكى، ئالتە يۈز يىل بىر-بىرى بىلەن دىدارلاشمىغان ئەدەبىي تىل بىلەن جانلىق تىل ئاقىۋەتتە تامامەن بىر-بىرىگە يات ئىككى تىلغا ئايلىنىپ كەتمىگەندىمۇ، روشەن پەرقلەرگە ئىگە قېرىنداش ئىككى تىلغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇقەررەر.

2. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى "جانلىق تىلدىن ئايرىلىپ

قالغان يېزىق تىلى" دېيىش تارىخىي چىنلىقتا ئۇيغۇن كەل-
مەيدۇ. ئۆزىنىڭ يېگانە ئەمگەكلىرى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر
تىلىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچقان بۈيۈك شائىر ئەلىشىر ناۋايى
«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» (ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە)
ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن:

"بەندەئى خاكسار ئەگەرچە تۇفراغدىن ئۆكسۈك ئىردىم، ئەمما ئول قۇياش تەربىيەتى بىلە رەنگا-رەنگ گۇللەر ئاچتىم. ۋە بۇ ئەفكەندەئى بىئىئتىبار ئەگەرچە زەررەدىن كەمرەك ئىردىم، ئول سەھاب تەقۋىيەتى بىلە گۇناگۇن دۇرلار ساچتىم. ۋەدىلسۆز ئەبىياتىم مۇناجات ئەھلىغە ئاشۇب ۋەغەۋغا سالدى ۋە بەزم ئەفرۇز غەزەلىيياتىم خەراباتىيلارغە ئاھ ۋە ۋاۋەيلا سالدى"④

يېشىمى: مەن ئەسلى تۇپراقتىن بەتتەر بىر ناتىۋان بەندە ئىدىم، لېكىن ئۇ قۇياشنىڭ تەربىيىتى بىلەن رەڭگارەڭ گۈللەر ئاچتىم؛ مەن ئەسلى توزاندىنمۇ بەتتەر ئەرزىمەس بىرنەرسە ئىدىم، لېكىن ئۇ بۇلۇتنىڭ قۇۋۋەت بېرىشى بىلەن رەڭدار دۇرلار چاچتىم. مېنىڭ تەسىرچان شېئىرلىرىم مۇناجات ئەھلى ئىچىدە توپىلاڭ ۋە غەۋغا قوزغىدى؛ بەزمە قىزىتقۇچى غەزەللىرىم مەيخانا ئەھلىنى ئاھ، داد دېگۈزدى.

ناھايىتى ئېنىقكى بۇ جايدىكى "مۇناجات ئەھلى" بىلەن "مەيخانا ئەھلى" موللا-ئىشانلارنى، شائىر-پەيلاسوپلارنى ئەمەس، ئاددىي خەلق، پېقىر-مىسكىنلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، ئۇ شېئىرلار ۋە غەزەللەر "موللام تىلى"

بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئاددىي خەلق تىلى بىلەن يېزىلغاند-
لىقى ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاشۇنداق دەرىجىدە كۈچلۈك
تەسىر قوزغىيالىغان. ئۇنىڭسىزمۇ بىزدە پاكىت ئاز ئەمەس.
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نادىر مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن بىرى بولغان
غايەت چوڭ ھەجىملىك مۇزىكا-ناخشا سىستېمىسى «ئون ئىككى
مۇقام» ۋە ئۇنىڭ نەزمىلىرىنى ئالايلۇق. "ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك
مۇزىكىسى 'ئون ئىككى مۇقام' ھەرگىزمۇ تۇيۇقسىزجەم بولۇپ
قالغان مۇنەججىم، پەيلاسوپ، شائىر ۋە مۇزىكانتلارنىڭ '12
ۋاقىت 24 سائەت'كە قاراپ بىرلا ۋاقىتتا ياراتقان، ياراتقاندىمۇ
ئۇشۇقىمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس 12 قىلىپ ياراتقان تاسادىپىي
ئۇتۇقى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك
بەدىئىي ئىجادىيەت جەۋھىرى"⑤ «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ نەغمە
ۋە نەزمىلىرىنى ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ساپ ساقلىغان پېشقەدەم
نامايەندە تۇردى ئاخۇن ئاكىمۇ بىرقانچە ئەۋلادتىن بۇيان
مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، پېقىرلىق بىلەن ياشاپ ئۆتكەن
ئاددىي خەلق ئوغلى ئىدى. دېمەك، مۇقام خەلقىنىڭ، ئۇنىڭ
بىلەن شۇغۇللانغۇچى ۋە ئۇنىڭ نەغمىلىرىنى ياراتقۇچىمۇ خەلق
ئىكەنۇ، ئەجەبا ئۇنىڭ نەزمىلىرى "موللام تىلى"نىڭ ئىزمىسى
بولامدىكەن؟ تۇردى ئاخۇن ئاكا بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن «ئون
ئىككى مۇقام»دا جەمئىي 255 نەغمە بولۇپ ئۇنىڭغا 2702 مىسرا
نەزمە تېكىست قىلىنغان. بۇ تېكىستلەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى
دەۋرىگە مەنسۇپ مەشھۇر شائىرلاردىن لۇتفى، ناۋايى، نەۋبەتى،

زەلىلى، فۇزۇلى، ھۆۋەيدا، مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ غەزەللىرى ۋە «غېرىب-سەنەم»، «ھۆرلىقا-ھەمراجان»، «يۈسۈپ-زۇلەيخا» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ پارچىلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇ تېكىستلەر نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان مۇقام كۈيلىرى بىلەن بىللە ياڭراپ كەلمەكتە. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، خەلقىمىزدىن ھېچقانداق بىر كىشى ۋە ھېچقانداق بىرۋاقىتتا بۇ تېكىستلەردىن غەلىتىلىك، چۈشىنىكسىزلىك ھېس قىلغان ئەمەس! بۇ ھال "ئەلىشىر ناۋايى ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتىغان"⑥ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا كەڭ ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ئىچىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان تىل ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.

3. ئەگەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى پۈتكۈل ئالتە ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا خاسلا يېزىق تىلى بولۇپ، موللا، زىيالىيلار ئارىسىدىلا ئىشلىتىلگەن دېيىلسە، ئۇ ھالدا، كەڭ خەلق ئاممىسى ئالتە يۈز يىل مابەينىدە خاسلا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئالاقە قورالى قىلغان بولىدۇ-دە، بۈگۈنكى ئۇيغۇر جانلىق تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىۋاسىتە راۋاجى، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بولسا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىۋاسىتە راۋاجى بولۇپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن جانلىق تىلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تەبىئىي ھالدا ناھايىتىمۇ زور بولغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېقىنمۇ ياكى قەدىمكى

زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىقنىمۇ؟ ئەلۋەتتە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىقنى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا مۇنداق بىر چۈشەنچە بار: «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن بىر زاماندا، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى تېما قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داھىيانە ئەسەر ۋۇجۇدقا كەلگەن. 11 - ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى، روھىي قىياپىتىنى، دۇنيا قاراشلىرىنى، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى «قۇتادغۇبىلىك» بىزگە بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولسا، «تۈركىي تىللاردىۋانى» جانلىق تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. «قۇتادغۇبىلىك» 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بولسا، ئەدەبىي ۋە جانلىق تىلىنىڭ مۇجەسسىمى.[7] مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە بولغاندا، مەھمۇت قەشقەرى تاغ ئېشىپ، دەريا كېچىپ، قەبىلە - قەبىلە يۈرۈپ توپلىغان تۈرلۈك تېمىدىكى خەلق قوشاقلىرىنى "جانلىق تىل ماتېرىياللىرى" دېگەن كاتېگورىيىگە كىرگۈزۈشىمىز ۋە بۇ جانلىق تىل بىلەن بەزىلەر "يېزىق تىلى" ئاتاپ كېلىۋاتقان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان شېئىرلارنى پاراللېل قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇشىمىز، يەنى بۈگۈنكى جانلىق تىل ئىگىلىرى ئۈچۈن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى چۈشىنىش-

لىكمۇ ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى چۈشىنىشلىكمۇ كۆرۈپ بېقىشىمىز مۇمكىن.

ئالايلۇق:

bardī kəzüm yarukī,
aldi əzüm ķonukī,
ķanda ərinq ķanīkī,
əmdi udīn ożqurur.

aydīm aŋar səvük,
bizni taba nə əlük,
kəqtiŋ yazī kərik,
kīrlar əžiz bəžük.

īvrīķ baxī ķazlayu,
saqraķ tolu kəzləyu,
sakīnq ķužī kizləyü,
tün kūn bilə səvnəlim.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم، 65-، 126-، 135-بەتلەر.

ئەمدى قىلاي بۇدەھرى فەنادىن ھىكايەتى،
ھەممە ئالەم ئەھلىدىن ئەيلەي رىۋايەتى...

ئالىمكى بولسا ئىلىمدا بى مەسەل، بى بەدەل،
ئەفلاتۇن ئولسا ئالدىدا بىر تىفل فىلمەسەل.
بىر فىكر ئىلە مۇتالىئە قىلسا ھەممە كىتاب،
بىر نۇقتە بىرلە قىلسا جەھان مۇشكۈلىنى ھەل.

ئەمۋالى بولسا ھەددى ئەدەددىن فوزۇن داغى،
ئىززازى بولسا ھەممەدىن يۇقارى ھەممەھەل.
سورۇندا بولسە ئورنى ھەممەدىن يۇقارىراق
ھەم قازى بولسا ئىلكىدە نەچە ئەمەل.
بولسا قولىدا مەدرەسەسى تۆرت بەلكى بەش،
ماھىيانەنى ئوشۇل ئالسا بى جىدەل.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980-يىل نەشرى، 556-، 560-بەتلەر.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ئىككى يۈرۈش مىسالنى ئوقۇپ كۆرىدىغان بولساق، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى خەلق قوشاقلىرىغا قارىغاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان شېئىرنىڭ ھازىرقى زاماندا ياشاۋاتقان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ئۈچۈن (مەيلى ئۇ زىيالىي ياكى دېھقان بولسۇن) ئومۇمەن چۈشىنىشلىك، جانلىق تىلغا يېقىن ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز، ئەلۋەتتە. بۇ ھال بىزگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ ھەرگىزمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ بىۋاسىتە راۋاجى ياكى ئۇنىڭ نوقۇل ھالدىكى كۆچۈرمىسى ئەمەسلىكىنى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىسىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بىز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دېگىنىمىزدە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكا، فونېتىكا جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش

ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى لېكسىكا جەھەتتىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى، شۇڭلاشقا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەردە، ئاتا، ئانا، ئاكا، ئىنى، تاغا (تاغاي)، ئەر (ئېر)، خوتۇن (قاتۇن)، ئوغۇل، قىز، تاغ، سۇ (سۇۋ)، ئاش، ئۆي (ئەۋ)، ئاي، كۈن، يۇلتۇز، تۈن، يىل، قىش، ياز (ياي)، ئىسسىق (ئىسسىغ) سوغۇق (ساۋۇق)، تاڭ، ئەمگەك، تەڭرى، ئېتىز (ئاتىز)، ئات، ئەت، ئىت، ئېغىل (ئاغىل)، قۇش، ئۆلۈم... قاتارلىق قەدىمي ئۇيغۇرچىغا تەئەللۇق ئاساسىي سۆزلۈكلەر بىلەن بىللە "بودۇن، ئاجۇن، بالىق قاغان، قۇنچوي، ئەش، ئەلكىن، نەنگىن، ئاسىغ، ئۇجماق، قامۇغ، تابۇغ، ئەسرو، يازى، يازۇق، تامۇغ، تېكىن، ئوران، ئۇلۇس، بىتىك، ئوتقاش، قۇت، ئۆكسۈك..." قاتارلىق سۆزلەملەرنىڭمۇ دائىم ئۇچرايدىغانلىقىنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىمىز. ئەمدى، ئاشۇ قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان قەدىمي ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىلا ئەمەس، بەلكى جانلىق تىلدىمۇ ئومۇمەن "خەلق، دۇنيا، شەھەر، پادىشاھ، مەلىكە، دوست، مېھمان، مال-دۇنيا،پايدا، جەننەت، ھەممە، خىزمەت، ناھايىتى، چۆل، گۇناھ، دوزاخ، شاھزادە، بەلگە، خەلق (مىللەت) خەت، مەشئەل، بەخت، كەم" دەپ ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. بۇ ھال بىزگە قەدىمكى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن

ئىمكانىقەدەر چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا يېقىنلىشىپ راۋاجلان-
غانلىقىدىن، نەتىجىدە، تىل ئەمەلىيىتى جەريانىدا نۇرغۇنلىغان
ئەنئەنىۋى ئاتالغۇلارنى ئۆز سېپىدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ
ئورنىغا يەنە ئاز بولمىغان چاغاتايچە تېرمىنلارنى سەپلەپ بەلكى
ئۆزىنى بېيىتىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن ماسلىشا-
لايدىغان ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بولۇپ شەكىللەن-
گەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

4. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا نۇرغۇنلىغان
چاغاتايچە سۆز-ئىبارىلەر باركى، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ قارايدىغان
بولساق، بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە ئەينى زامان
ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزلەشتۈرۈشىنى باشتىن
كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىدىن
ئورۇن ئالغانلىقىنى بايقايمىز. ئالايلۇق:

سەلىمازا بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا "سەلىم"
بىلەن "ئەئزا"نىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان ئىزافەت (تەگسىز
بىرىكمە) بولۇپ، كىتابىي تىل تەلەپپۇزىدا "سەلىمۇل ئەئزا"
ئېيتىلىپ، "ئەزالىرى ساق-سالامەت" دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.
مەزكۇر "سەلىمۇل ئەئزا"نىڭ جانلىق تىلدا ئۆزلەشكەن شەكلى
"سەللىمازا" ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدا كەڭ-كەڭرى ئىشلىتى-
لىدۇ. مەسىلەن:

شۇنداق قىلىپ، 12 كېچە-كۈندۈز كېسەلنىڭ قېشىدا
تۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ داۋالايدۇ. ۋاڭجىڭفۇ سەللىمازا ساقاي-

خاندىن كېيىن دوختۇرخاندىن چىقىرىدۇ («شىنجاڭ ياشلىرى»، 1987-يىل 9-سان، 15-بەت).

**ساتىراش** بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا، "باش" مەنىسىدىكى "سەر" بىلەن "قىرىش، چۈشۈرۈش" مەنىسىدىكى "تەراش" سۆزىدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە سۆز بولۇپ "سەر-تەراش" تەلەپپۇز قىلىناتتى. مەزكۇر سۆزمۇ جانلىق تىلنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئۆزلەشتۈرۈشى ئارقىسىدا بۈگۈنكى "ساتىراش" بولۇپ قالغان.

**پايتىما** بۇ سۆز جاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا، "ئاياغ، پۇت" مەنىسىدىكى "پاي" بىلەن "يۆگەك" مەنىسىدىكى "تۇمار" سۆزىدىن ياسالغان بىرىكمە سۆز بولۇپ، "پايتۇمار" تەلەپپۇز قىلىنغان. جانلىق تىلدا فونېتىكىلىق ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بۈگۈنكى "پايتىما" ئاتالغۇسىغا مۇقىملاشقان.

**مويلاۋ** "بۇرۇت" مەنىسىدىكى بۇ سۆز ئەسلىدە، "موي" بىلەن "لەۋ" (لەب) سۆزىدىن تۈزۈلگەن ئىزافەت بولۇپ چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا "مويى لەب" تەلەپپۇز قىلىناتتى.

**مويسپىت** بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا "تۈك" مەنىسىدىكى "موي" بىلەن "ئاق" مەنىسىدىكى "سەفىد"دىن تۈزۈلگەن ئىزافەت بولۇپ، "مويى سەفىد" تەلەپپۇز قىلىنىپ "ئاق ساقال"مەنىسىنى بىرەتتى.

**غەللە-پاراق** بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا، "ئاشلىق" مەنىسىدىكى "غەللە" بىلەن "ئوشۇق، ئېشىندى" مەنىسى-

دىكى "فەراغ" سۆزىدىن تۈزۈلگەن ئىزافەت بولۇپ، "غەللەئى فەراغ" تەلەپپۇز قىلىنىپ، "ئېشىندى ئاشلىق" مەنىسىنى بېرەتتى. مەزكۇر بىرىكمە سۆز دېھقانلار تىلىدا ئۇزۇن يىللىق ئۆزلىشىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بۈگۈنكى "غەللە-پاراق" ئاتالغۇسىغا مۇقىملاشقان.

**زاراتگاھ** بۇ سۆزمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى "تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جاي" مەنىسىدىكى "زىيارەتگاھ"نىڭ خەلق تىلىدا ئۆزلىشىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن.

**توقلەنەت** بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا "قوۋۇق، كىشەن" مەنىسىدىكى "تەۋق" بىلەن "لەنەت" مەنىسىدىكى "لەئنەت"نىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان ئىزافەت بولۇپ "تەۋقى لەئنەت" تەلەپپۇز قىلىنىپ، "لەنەت قوۋۇقى، لەنەت كىشىنى" دېگەن مەنىدە يۈرەتتى. مەزكۇر بىرىكمە سۆزمۇ جانلىق تىلدا ئۇزۇن يىللىق ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا فونېتىكىلىق ئۆز-گىرىش قىلىپ "توقلەنەت" (قەشقەر رايونىدا، "تۆقلەنەت" دېيىلىدۇ) شەكلىدە سىڭگەن، ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىز جانلىق تىلدىن مۇشۇ بويىچە قوبۇل قىلغان.

**ئايەم** بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى "كۈن" مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان "يەۋم" ئاتالغۇسىنىڭ كۆپلۈك شەكلى "ئەييام"نىڭ جانلىق تىلدا ئۆزلەشكىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىدا كۆپىنچە "ئېيد ئەييامى" (ھېيت كۈنلىرى) شەكلىدە ئىشلىتىلگەن. مەزكۇر سۆز

دائىم "ئېيد" (ھېيت) ئاتالغۇسى بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈنلا، جانلىق تىلدا بارا-بارا "كۆنلەر" مەنىسىنى يوقىتىپ "ھېيت" ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالغان. نەتىجىدە خەلق تىلىدا "ئايەم كۆنلىرى"، "ھېيت ئايەم" دېگەن سۆزلەر بارلىققا كەلگەن. ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىز "ئايەم" سۆزىنى چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى "ئەييام"دىن بىۋاسىتە قوبۇل قىلغان بولماستىن، بەلكى ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ قاتمۇقات تاسقىشىدىن ئۆتكەن "ئايەم"دىن قوبۇل قىلغان. شۇڭلاشقا ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدىمۇ "ئايەملىمەك" دېگەن سۆز "ھېيتلىماق" دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

دارىلئېيتام ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلى شەكىللەنگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بۇ سۆزمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىغا ئۆزلىشىش، جانلىق تىلدىن ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنىش جەريانلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئەسلىدە بۇ "يۇرت، ماكان، جاي" مەنىسىدىكى "دار" بىلەن "يېتىم" سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان "ئەيتام"دىن تۈزۈلگەن ئىزافەت بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا "دارۇل ئەيتام" تەلەپپۇز قىلىنىپ، "يېتىم-يېسىرلار ماكانى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

ئالمادىس بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، "ئالەم" سۆزى

بىلەن "يېڭىلىق، يېڭىلا يۈز بەرگەن، يۈز بېرىپ تۇرىدىغان" مەنى-سىدىكى "ھادىس" سۆزىدىن تۈزۈلگەن ئىزافەت بولۇپ، ئەسلىدە كىتابىي تىلدا "ئالەمى ھادىس" تەلەپپۇز قىلىنىپ، "يېڭىلىق دۇنياسى، يېڭى-يېڭى ھادىسىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدىغان جاھان" ئۇقۇمىنى بېرەتتى. مەزكۇر "ئالەمى ھادىس" ئاتالغۇسى ئۇزاق ئەسىرلىك جانلىق تىل ئىستېمالى جەريانىدا، فونېتىك ئۆز-گىرىش قىلىپ "ئالىمادىس" بولۇپ قالغان ۋە شۇ بويىچە ئەدەبىي تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنغان. بىراق، ئۇ مەنە جەھەتتە يەنىلا "بۇ ئالەم — ھالاتىسلەر ئالىمى، ھەرقانداق بىر ئەھۋالنى يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ" دېگەن ئۇقۇمنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، خەنزۇچىدىكى "万 —" سۆزىگە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئالىمادىس كەلمەي قالسىچۇ؟ (قاراڭ: «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1982-يىل نەشرى، 9-بەت).

ئالاھازەل بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى "مۇشۇ قىياس بويىچە بولغاندا، مۆلچەرچە، تەخمىنەن" مەنىسىدىكى ئالەھەزەل قىياس" سۆزىدىن قىسقىراپ ئۆزلىشىپ قالغان بولۇپ، مەزكۇر "ئالاھازەل" ئاتالغۇسى ھېلىھەممۇ "تەخمىنەن" مەنىسىدە يۈرىدۇ. مەسىلەن: "ئۇنىڭ كەتكىنىگە ئالاھازەل بىر سائەت بولدى" (قاراڭ: يۇقىرىقى لۇغەت، 6-بەت) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەھمىيەت بېرىپ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈش-كە ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە شۇكى، ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدا

ئۆزى ئەسلىدىن چاغاتايچىدىن كەلگەن ۋە ئۇزۇن يىللىق ئىستېمال جەريانىدا جانلىق تەلەپپۇزدا بەزى ئۆزۈك تاۋۇشلار- نىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئارقىسىدا، ئەسلىدە مەزكۇر ئۆزۈك تاۋۇش تەۋە بولغان قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇم تاۋۇش چۈشۈپ قالغان سەۋەبتىن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇمغا ئايلىنىپ كەتكەن نۇرغۇن سۆزلەر بار ۋە بۇ سۆزلەر ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدا زىياليلار تەرىپىدىنمۇ، جانلىق تىلدا دېھقانلار، خەت-ساۋاتى يوق ئادەملەر تەرىپىدىنمۇ ئوخشاشلا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| چاغاتايچىدا | ھازىرقى تىلىمىزدا | |
|---|---|---|
| پايگاھ | پەگاھ | ("ي" چۈشۈپ قالغاچ "ئە" ئۇزۇن) |
| دەھلىز | دەلىز | ("ھ" 〃 〃 〃 〃) |
| فەھم | پەم | ( 〃 〃 〃 〃) |
| ۋەجھ | ۋەج | ( 〃 〃 〃 〃) |
| تەئم | تەم | ("ئ" 〃 〃 〃 〃) |
| مۆئتەبەر | مۆتۋەر | (〃 〃 〃 "ئۆ" 〃 〃) |
| مەئسۇم | مەسۇم | (〃 〃 〃 "ئە" 〃 〃) |
| شەئن | شەن | ( 〃 〃 〃 〃) |
| مۆئتەدىل | مۆتىدىل | (〃 〃 〃 "ئۆ" 〃 〃) |

مۇنداق مىساللارنى يەنە نۇرغۇن كۆرسىتىش مۇمكىن،

بۇ يەردە شۇنچىلىك كۆرسىتىش بىلەن كۇپايىلەندۇق. دېمەك-
چىمىزكى، يۇقىرىقىدەك خاراكتېردىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى
چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىلا ئۇيغۇر جانلىق تىلى خەزىنىسىگە
قوشۇلغان ۋە جانلىق تىلنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال
قىلىش، فونېتىكىلىق شاللاش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن،
ئۇنداق بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندىكى ئەدەبىي تىلدىمۇ،
جانلىق تىلدىمۇ ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىش ۋە ئوخشاش مەنىدە
ئىشلىتىش ۋەزىيىتى بولمىغان بولاتتى.

5. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق
تىلى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن تىل ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان
ئەڭ مۇھىم پاكىتلارنىڭ بىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق
تىلىدا، ئەدەبىي تىلىمىزدا يوق بىر بۆلەك چاغاتايچە ئېلېمېنت-
لارنىڭ ئىزچىل ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق
تىلىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان فونېتىكى-
لىق لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق ئېلېمېنتلار باركى، بۇلار
ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ مۇھىم
ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ گەۋدىلىنىپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ ئاسا-
لىقلىرى دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

## ئا. فونېتىكا جەھەتتە

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا نىسبەتەن مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر تەركىبىدىكى "ئا، ئە" تاۋۇشلىرىنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندىن كېيىنمۇ "ئې، ئى"لەرگە ئاجىزلاشماسلىقىدىن ئىبارەت. بۇ خىل خۇسۇسىيەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، تاۋىم يوق، قارنىم ئاچتى، يارىم سائەت ساقلىدىم، دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇ خىل ھادىسە خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق ناخشىلىرىدا تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئالايلۇق:

شەمۇشەگە داڭ كەتكەن،
قەشقەرنىڭ ئانارى با،
ئەنجۈرى ئەجەب شېرىن،
خۇش ئىللىق باھارى با.

(قەشقەر ناخشىسى)

كېچە ـ كۈندۈز قىلارمەن
يارىمى تىلەكنى،
ئۈچ كۈن ياقالاپ ماڭىپ،
ئۆگەننى ئىلەكنى.

(لوپنۇر قوشىقى)

## ب. لېكسىكا جەھەتتە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا ئاز بولمىغان چاغاتايچە سۆزلەملەر باركى، بۇلار بەزىدە ئەدەبىي ئەسەرلەردە "پەرلىك

پۇراق بېرىش" يۈزىسىدىن ئىشلىتىلگەندىن باشقا، ئەدەبىي تىل لۇغەتلىرىمىزدە كۆرۈلمەيدۇ.

ئالايلۇق:

| ھازىرقى جانلىق تىلدا | چاغاتايچە تەلەپپۇزى | مەنىسى |
|---|---|---|
| پەجۇەخ | پەنج ۋەقت | بەش ۋاقىت |
| لەپپالەپ | لەبالەب | لىپمۇلىق |
| مۇت | مۇفت | بىكارلىق، ھەقسىز |
| دۇمبە | دۇنبە | قۇيرۇق |
| زاباندا راز | زەباندىراز | سۆزمەن، ناتىق |
| ۋەج | ۋەرج | قىممەت، باھا، بايلىق |
| ئۇۋناق | ئەيىناك | مەجرۇھ |
| ھولوپا | ئۇلوفە | يېگۈلۈك، ھەلەپ |
| رەخنە | رەخنە | تۆشۈك، يىرتىق |
| چۆپگەز | چوبگەز | ياغاچ گەز (تامچىلىق ئەسۋابى) |
| گوستاخ | گوستاخ | ئەدەبسىز |
| پىروزا | فىروزە | كۆچمە: كۆك رەڭلىك |
| مىنەپتە | مىن ھەفتە | بازار كۈندىن باشقا كۈنلەر |
| تەممەت | تەممەت | پۇتۇنلەي، مۇتلەق |
| زانانە | زەنانە | ئاياللارچە، نازۇك |
| زەن | زەن | ئايال، خوتۇن |

| | | |
|---|---|---|
| زەيپانە | زەئىفانە | ئاياللارغا خاس بولغان |
| زۇلۇپ | زۇلق | چاچ، ئايال چېچى |
| زۇلپىكەش | زۇلفكەش | چاچ ساتقۇچى (كەسىپ ئىسمى) |
| ئەندەك | ئەندەك | كىچىككىنە، بىرئاز |
| ۋاسا | ۋەسە | هاسا، تاياق، كالتەك |
| ۋاسدەميان | ۋەسەدەرميان | ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋاسا |
| ۋاسۋاس | ۋەسۋەسە | خاتىرجەمسىز |
| بىزە | بىززە | بىرئاز، كىچىككىنە |
| سەگ | سەگ | ئىت |
| هەمسال | هەمسال | تەڭتۇش، بويداش |
| هەمكام | هەمكام | ئىناق، غايىداش |
| كار | كار | ئىش، ئەمگەك |
| كارگەر | كارگەر | ئىشچى، هۈنەرۋەن |
| مالامەت | مەلامەت | ئەيىبلەش |
| مەنزەر | مەنزەر | بالىخانا، يىراققا نەزەر تاشلايدىغان جاي |
| روزانە | روزانە | تۈرمۈش، تىرىكچىلىك |
| زاكاۋەت | زەكاۋەت | زېرەك، ئۆتكۈرلۈك |
| مازا | مەزار | مۇقەددەس، ئەۋلىيا |

(يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى).

ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرقى جانلىق تىلىمىزدا، ئۇزۇن يىللىق ئۆزلىشىش جەريانىدا بىرقانچە خىل تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولۇپ كەتكەن چاغاتايچە سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ. ئالايلۇق، چاغاتايچە-دىكى "ئايلىنىش، ئوبوروت، نۆۋەت، قېتىم، دەۋر" مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان "دەۋر" سۆزى ھازىرقى جانلىق تىل ئەمەلىيىتىدە "دور، دو، دۆر، دۆ" بولۇپ جەمئىي تۆت خىل تەلەپپۇزدا ئىستېمال قىلىنماقتا. مەسىلەن:

(1) ...گەپنىڭ لىللاسىنى دېسەك، مۇشۇ دورەم بۇ كىتاب سودىسىدا راۋرۇس زىيان تارتىۋاپتىلا. («شىنجاڭ ياشلىرى» 1987-يىل، 11-سان 38-بەت) بۇ يەردىكى "دورەم"نىڭ تۆپ سۆزى "قېتىم" مەنىسىدىكى "دەۋر"دىن ئۆزگەرگەن "دور"بولۇپ، "ئەم" بۇ يەردە، خۇددى "ئەۋۋەل" سۆزى جانلىق تىلدا "ئەۋۋەلەم" ياكى "ئەۋلەم" دېيىلگەندەك، سىپايىلاشتۇرۇش رولىدىكى قوشۇمچە ھېسابلىنىدۇ.

(2) تىلىمىزدا "دوغا چىقماق، دوغا تىكمەك"دەيدىغان سۆز بار. بۇ يەردىكى "دو"مۇ ئوخشاشلا "نۆۋەت، قېتىم" مەنىسىدىكى "دەۋر"دىن ئۆزگەرگەن بولۇپ "دوغا چىقماق" ياكى "دوغا تىكمەك" دېگەنلىك، شۇ "نۆۋەتكە چىقماق" شۇ "قېتىم تىكمەك" دېگەن بولىدۇ.

(3) بەزى جايلاردا، خۇسۇسەن قەشقەر رايونىدا، بۇرۇنقى چاغلاردا ھوقۇق-ئەمەل تۇتقان ياكى مەلۇم ھۈنەر-كەسپتە بىرمەھەل دەۋر سۈرگەن ئادەملەر ھەققىدە "ئۇ بۇرۇن خېلى

دۆر سۇرگەن ئادەم" دەپ ئېيتىشىدۇ.

(4) مال ئوبوروتى ياخشى، بازىرى ئىتتىك، تاپاۋىتى يۇقىرى باققاللار "دۆكا باققال" دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ "دەۆركار" سۆزىنىڭ جانلىق تىلدىكى ئۆزلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## پ. گىراماتىكا جەھەتتە

(1) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلدا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئەسل، ھال، ئەجەب، دائىم، مەرھەب" قاتارلىق سۆزلەرنىڭ قوش زەبەرلىك ھالەت شەكلى "ئەسلان، ھالان ئەجەبان، دائىمان، مەرھەبان"لارنىڭ ئاخىرىدىكى "ن" تاۋۇشى چۈشۈرۈپ قويۇلغان ھالدا، "ئەسلا، ھالا، ئەجەبا، دائىما، مەرھابا" قىلىپ ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، شۇ خىلدىكى "ئاساس، خۇسۇس، ئەين، شەخس، قىسم، تەخمىن، جەۋاب، قەست، جەزم، ھەقىقەت، ئۇمۇم، تەسادىپ" سۆزلىرىنىڭ "ئاساسەن، خۇسۇسەن، ئەينەن، شەخسەن، قىسمەن، تەخمىنەن، جاۋابەن، قەستەن، جەزمەن، ھەقىقەتەن، ئۇمۇمەن، تاسادىپەن" شەكىل- لىرى ئەينەن قوللىنىلىدۇ. بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ خىلدىكى گىراماتىك ئالاھىدىلىككە ئىگە سۆزلەرنىڭ سان - سالماق جەھەتتە ئەدەبىي تىلدىكىدىن كۆپرەك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئالايلۇق، "ئاخىر" سۆزىنىڭ ھالەت شەكلى "ئاخىران" جانلىق تىلدا "ئەخىرەن"

("ئى" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش) قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن،
ئۇ ئەخىرەن مۇرادىغا يېتىپتۇ. مۇنداق قىلىشۇرسەك ئەخىرەن
تۇمشۇقۇڭغا يەيسەن، دېگەنلەرگە ئوخشاش. "ئاخىران"غا
تەقلىد قىلىپ ياسالغان "دەسلەبان" سۆزىمۇ جانلىق تىلدا
"دەسلىۋان" قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:
— خۇدايا توۋا، مەن دەسلىۋانىسىدا ئۈچ سەر كۆمۈشكە
ئالغاندۇ دەپ ئىشەنگىم كەلمىگەن، — دېدى مىرزاپ شاگىيۇ
(«شنجاڭ ياشلىرى»، 1987ـيىل 11ـسان، 35ـبەت).
ئۇنىڭدىن باشقا جانلىق تىلدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان "ئالاھىدە"
مەنىسىدىكى "ئالايەتەن" سۆزىنىمۇ "ئالاھىدەتەن" ياكى "ئالاھە-
دەن"دىن ئۆزگەرگەن دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.
(2) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا كۆپ ئىشلىتىلە-
دىغان "كى" باغلىغۇچىسىمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن
بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا ئۇنىڭ "كىم" دەيدىغان يەنە بىر ۋارىيانتى
بولغان. مەزكۇر "كىم" باغلىغۇچىسى ھازىرقى زامان ئەدەبىي
تىلىدا ئاساسەن ئىشلىتىلمەيدۇ. بىراق، جانلىق تىلدا، جۈملە-
نىڭ مەلۇم بۆلىكىگە قوشۇلۇپ ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈش، كۈچەيتىش
ياكى مەلۇم سۈرئەتنى ئىپادىلەش رولىدا ئىشلىتىلىدۇ.
مەسىلەن، ئۇ كېلىپلاكىم كەتتى، مەن بېرىپلاكىم قايتىپ
كېلىمەن، قاراپلاكىم يىغلاپ كەتتى، تونۇپلاكىم ۋارقىرىۋەتتى
دېگەنلەرگە ئوخشاش.
(3) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا، ئەدەبىي تىل

ۋە لۇغەتلەردە كۆرۈلمەيدىغان بىر بۆلەك چاغاتايچە ئىزافەتلەر كەڭرى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

| ھازىرقى جانلىق تىلدا | چاغاتايچىدا | مەنىسى |
| --- | --- | --- |
| رويىزىمىن | رويى زەمىن | يەر يۈزى، جاھان، دۇنيا |
| زامانى ئەۋۋەل | زەمانى ئەۋۋەل | بۇرۇنقى زامان |
| زامانى ئاخىر | زەمانى ئاخىر | ئاخىر زامان |
| نەپسى شەيتان | نەفسى شەيتان | شەيتاننىڭ نەپسى |
| پەيلى شەيتان | فىئلى شەيتان | شەيتاننىڭ پەيلى |
| ئىسمى شىرىپ | ئىسمى شەرىف | شەرەپلىك ئىسىم |
| ۋاقتى مۆرىت | ۋەقتى مەۋرىد | قولايلىق ۋاقىت |
| لەۋزى ھالال | لەفزى ھەلال | راست سۆز |
| ئەھلى مۆمىن | ئەھلى مۆئمىن | مۆمىن ئادەم |
| تەركىدۇنىيا | تەركى دۇنيا | دۇنيادىن كېچىش |
| ھاجى ھەرەم | ھاجى ھەرەم | مەككىنى زىيارەت قىلغان ئادەم |

بۇلاردىن باشقا، "كالامۇللا (كەلامۇللاھ)، ئەستاغپۇرۇللا (ئەستەغفۇرۇللاھ)، ئەلھۆكمىللا (ئەلھۆكمۇلىللاھ)، ماشائاللا، ئىنشائاللا، نۆزەمبىللا، ئىللا بىللا" قاتارلىق بىرىكمە سۆزلەر، شۇنىڭدەك، "دەسلەپ تاماقلىنايلى، ئاندىن گەپلىشەيلى" مەنىسىدىكى "ئەۋۋەل تەئام، بەئدەز كەلام" جۈملىسى بەزى جايلاردا "ئاۋۋال تائام، بادەز كالام" شەكلىدە، يەنە بەزەن جايلاردا

بولسا "ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام" شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. بەزى جايلاردا، خۇسۇسەن قەشقەردە، كاۋاپ بازىرىدىن ئۆتسەك، كاۋاپچىلارنىڭ گاھ "بەررى كاۋاپ" گاھ "كاۋاپ بەررى" دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلايمىز. بۇ چاغاتايچىدىكى "كەبابى بەررى" نىڭ ئۆزلەشكەن شەكلى بولۇپ، "پاقلان كاۋىپى" دېگەنلىكتۇر. ھېيت نامىزىغا كىرگەندە، مەزىن (مۇئەززىن): "ئەسسەلاتۇ سەففەن، سەففەن!" دەپ جاكا قىلسا، ھەتتا دېھقانلارمۇ چۈشىنىپ "دۇررىدە" ئۇرۇنلىرىدىن تۇرۇشىدۇكى، بۇ "ئەمدى ناماز ئوقۇيمىز، سەپلىرىڭلارنى راۋۇرۇس قىلىپ تۇرۇڭلار" دېگەن بولىدۇ. كىشىلەر ئەسنىگەندە: "ئەستەغفۇرۇللاھ ئەلئە- زىم" دەيدۇ، بۇ "ئۇلۇغ خۇدا مېنى كەچۈرگىن" دېگەنلىك بولىدۇ؛ چۈشكۈرگەندە بولسا، "ئەلھەمدۇلىللاھ شۇكرەن ئەلە كۇللە ھالىن" دەيدۇ .بۇ "ھەرقانداق ئەھۋالدا، رەھمەت يۈزىسىدىن ئاللانى مەدھىيىلەيمەن" دېگەنلىك بولىدۇ.

(4) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن، ئەسلى چاغاتاي يېزىقىدا "ۋە" مەنىسىدىكى "ۋاۋ" ھەرپى بىلەن باغلىنىدىغان تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرى بەزەنلىرى قىسمەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلغان ۋە بەزەن- لىرى ئەينەن ھالدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن؛

| ھازىرقى جانلىق تىلدا | چاغاتايچىدا | مەنىسى |
| --- | --- | --- |
| قەددى ـ قامەت | قەددۇقامەت | بوي ـ تۇرۇق |
| پەند ـ نەسەت | پەندۇنەسىھەت | ساۋاق ـ نەسىھەت |
| ھەددى ـ ھېساب | ھەددۇھېساب | چەك ـ ھېساب |
| ئىنس ـ جىن | ئىنسۇجىن | ئىنسان ـ جىن |
| باغۇبوستان | باغۇبوستان | باغ ـ بوستان |
| تاغۇدەريا | تاغۇدەريا | تاغ ـ دەريا |
| كېچەيۇكۈندۈز | كېچەيۇكۈ دۈز | كېچە ـ كۈندۈز |
| ۋاقىت ـ سائەت | ۋەقتۇ سائەت | ۋاقىت ـ سائەت |

(5) چاغاتاي تىلىدا "ـ نى" قوشۇمچىسى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بولغاندىن سىرت، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى "ـ نىڭ" ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. بۇ خىل "ـ نى" قوشۇمچىسى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى "ـ نىڭ" رولىدا كېلىدىغان ئەھۋال ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

شىلپە ناننى ياقماڭلار،
كۆيۈپ كېتەدۇر چاۋات①.
مېنى ئىچىمنى كۆيدۇرگەن،
مەللەڭدىكى ئاق ناۋات.

---

① چاۋات ــ ئاچما نان، كاكچا نان.

نەگە يۇرسەڭ سېنى بىلەن بارۇرمەن،
كۆز ياشىمغا كېمە سېلىپ ئۆتۈرمەن
خۇدايىتالا جۇپتۇنۇ ئايرىماسۇن،
غېرىپ بولسام شۇيىمەندە ياتۇرمەن.

— لوپنۇر قوشاقلىرىدىن.

ئۇنىڭدىن باشقا، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىنمۇ مەزكۇر تىلنىڭ خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قالمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارنى تېپىش مۇمكىن. ئالايلۇق، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ئې، ئى"دىن ئىبارەت سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ ھەممىسى سۆز بېشىدا بىرلا ئەلىف (ا) ھەرپى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ئەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى» گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپتۇكى، ئاشۇنداق ئىپادىلەش بىلەنمۇ ئەينى زاماندىكى زىيالىيلار، موللىلار ھېچقانداق بىئەدەبلىك، قىيىنچىلىق ھېس قىلمىغان. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كەلگەندە، پەقەت كەڭ ئاممىنىڭ، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ يېزىقنى ئىگەللەپ ساۋات چىقىرىشىنى ئوڭايلاشتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغىنى ئۈچۈنلا سۆز بېشىدا كېلىدىغان سوزۇق تاۋۇشلارغا ئومۇمەن ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، "ئا" ھەرپى ئاساسەن يالغۇز ئەلىف ھەرپىنىڭ ئۈستىگە مەد (~) بەلگىسىنى قويۇش (آ) بىلەن ئىپادىلەنگەن "ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ"دىن ئىبارەت تۆت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش يالغۇز ئەلىف ھەرپىگە يالغۇز "ۋاۋ" ھەرپىنى جۈپلەش

(او) بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ "ئې، ئى" ھەرپلىرى بولسا، يالغۇز ئەلى ھەرپى بىلەن "يا" ھەرپىنىڭ باش شەكلىنى جۈپلەشتۈرۈپ يېزىش (اي) بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئەگەر خاسلا زىيالىيلار، موللىلار كۆزدە تۇتۇلغاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا بۇ خىل يېزىق ئىسلاھاتى بولمىغان بولاتتى دەپ قارايمىز.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلىشقا باشلىغان دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپلا ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى ئىمكانقەدەر ئەدەبىي تىلغا يېقىنلىشىپ راۋاجلانغان، ئەدەبىي تىلمۇ ئىمكان بار جانلىق تىلدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. دەل ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەزكۇر تىل روناق تاپالىغان، گۈللىنەلىگەن ۋە ئالەمشۇمۇل مېۋىلەر بەرگەن. چۈنكى جانلىق تىل ئەدەبىي تىلنىڭ قېنى ھەم جېنى؛ جانلىق تىلدىن ئايرىلغان ئەدەبىي تىل قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئوخشايدۇ، ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ.

بىز يۇقىرىقىدەك مۇلاھىزە ۋە ئاساسلار بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئەينى زاماندىكى جانلىق تىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر تىلى دەپ قارايمىز.

1988-يىل 8-ئاي.

ئىزاھات:

① «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 65-بەت.

② خەمىت تۆمۈر، ئابدۇروپ پولات: «چاغاتاي تىلى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ 1986-يىللىق نەشرى، 5-بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 1-بەت.

④ ئەلىشىر ناۋايى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»، تۈركىيە ئەقدام كىتابخانىسى باستۇرغان نۇسخا، 98-بەت.

⑤ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ۋە ئىككى مۇقام»، ھەققىدە»، 6-بەت.

⑥ ئىبىبچان ئېلىيېۋ: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»گە كىرىش سۆز»، 5-بەت.

⑦ ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە) 1-توم، كىرىش قىسىم، 27-بەت.

⑧ غۇلام غوپۇرى: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، 280-بەت.

# چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يېزىق چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتىلىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى — خاقانىيە يېزىقىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. بۇ يېزىقتا جەمئىي 36 ھەرپ بار. ئۇلار، ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىن ئەينەن قوبۇل قىلىنغان 28 ھەرپ، پارس يېزىقىدىن قوبۇل قىلىنغان "پ، چ، ژ، گ"دىن ئىبارەت تۆت ھەرپ، شۇنداقلا بەزىدە "ڭ" تاۋۇشىنى، يەنە بەزىدە بولسا قوشما ئۈزۈك تاۋۇش "نگ"نى ئىپادىلەيدىغان "نك" (ڭا) ھەرپى ۋە "ھەمزە" (ء)، شۇنىڭدەك قوشما ھەرپ "ۋاۋئەلىف" (او)، "يائەلىف" (اي)لاردىن ئىبارەت.

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىغا ئوخشاشلا ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر ئومۇمەن باش شەكىل، ئوتتۇرا شەكىل، ئاياغ شەكىل ۋە يالغۇز شەكىلدىن ئىبارەت تۆت خىل شەكىلگە ئىگە. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا 36 ھەرپتىن باشقا، يەنە تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئون خىل ياردەمچى بەلگە ئىشلىتىلىدۇ.

## 1. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپ ۋە تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ياردەمچى بەلگىلەر

### چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى

| № | ھەرپ نامى | باش شەكلى | ئوتتۇرا شەكلى | ئاياغ شەكلى | يالغۇز شەكلى | ئىپادە قىلىدىغان تاۋۇش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئەلىف | ا | | ـا | ا | ئ (ʔ) a: a ə o ө u ü i |
| 2 | بە | بـ | ـبـ | ـب | ب | b p |
| 3 | پە | پـ | ـپـ | ـپ | پ | p |
| 4 | تە | تـ | ـتـ | ـت // ـة | ت // ة | t |
| 5 | سە | ثـ | ـثـ | ـث | ث | s |
| 6 | جىم | جـ | ـجـ | ـج | ج | j q |
| 7 | چىم | چـ | ـچـ | ـچ | چ | q |
| 8 | ھە | حـ | ـحـ | ـح | ح | ḥ |
| 9 | خە | خـ | ـخـ | ـخ | خ | h |
| 10 | دال | د | | ـد | د | d |
| 11 | زال | ذ | | ـذ | ذ | z |
| 12 | رە | ر | | ـر | ر | r |
| 13 | زە | ز | | ـز | ز | z |
| 14 | ژ | ژ | | ـژ | ژ | ʐ |
| 15 | سىن | سـ | ـسـ | ـس | س | s |
| 16 | شىن | شـ | ـشـ | ـش | ش | x |
| 17 | سات | صـ | ـصـ | ـص | ص | s |

| № | هەرپ نامى | باش شەكلى | ئوتتۇرا شەكلى | ئاياغ شەكلى | يالغۇز شەكلى | ئىپادە قىلىدىغان تاۋۇش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 18 | زات | ضـ | ـضـ | ـض | ض | z |
| 19 | ئىتقى | طـ | ـطـ | ـط | ط | t |
| 20 | ئىزغى | ظـ | ـظـ | ـظ | ظ | z |
| 21 | ئەين | عـ | ـعـ | ـع | ع | ʔ (ئ) |
| 22 | غەين | غـ | ـغـ | ـغ | غ | ƣ |
| 23 | فە | فـ | ـفـ | ـف | ف | f |
| 24 | قاف | قـ | ـقـ | ـق | ق | k |
| 25 | كاف | كـ | ـكـ | ـك // ـڪ | ك // ڪ | k g |
| 26 | گاف | گـ | ـگـ | ـگ | گ | g |
| 27 | لام | لـ | ـلـ | ـل | ل | l |
| 28 | مىم | مـ | ـمـ | ـم | م | m |
| 29 | نۇن | نـ | ـنـ | ـن | ن | n |
| 30 | ۋاۋ | و | | ـو | و | o: u: o u ө ü v |
| 31 | هاۋ | هـ | ـهـ | ـە // ـه | ە // ه | h ə i |
| 32 | يا | يـ | ـيـ | ـى | ى | a: ai: i e y |
| 33 | ڭا | | ـنكـ | ـنك // ـنك | نك // نك | ng n′g |
| 34 | هەمزە | ئـ | ـئـ | أ // ـۇٔ | ء | ʔ (ئ) |
| 35 | ۋاۋئەلى | او | | | او | o u ө ü |
| 36 | يائەلى | ايـ | | اى | ايـ // اى | e i |

ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا، مۇناسىۋەتلىك تىل-يېزىق ئالىملىرى "ھەمزە"نى ئېلىپبە جەدۋىلىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ، ئۇنى بىر بەلگە (付助符号) ئورنىدا كۆرۈپ كەلگەن. مەن بىرقانچە يىللىق خاس ئىزدىنىشلەر، ئارقىلىق، بۇ خىل قاراشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى، يەنى "ھەمزە"نىڭ ئەمەلىيەتتە كەم-كۇتىسىز بىر ھەرپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

مەن شۇنىڭ ئۈچۈن "ھەمزە"نى بىر ھەرپ دەپ ئېلىپبە جەدۋىلىگە كىرگۈزدۈمكى، ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا ئەمەلىي ئوينىغان رولى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باشقا ھەر قانداق بىر ھەرپتىن قېلىشمايدۇ. ئۇ باشقا ھەرقانداق بىر ھەرپكە ئوخشاشلا "باش شەكىل، ئوتتۇرا شەكىل، ئاياغ شەكىل ۋە يالغۇز شەكىل"دىن ئىبارەت تۆت خىل شەكىلگە ئىگە. خۇددى ھەرقانداق بىر ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپكە ئوخشاشلا، ئۇنىڭ سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكلى پەقەت ئۇنىڭغا سوزۇق تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەرپ ياكى بەلگىلەرنى قوشقان چاغدىلا ھاسىل بولىدۇ. ئۇ "ساكىن"لىق بولۇپ كەلگەندە بولسا، ئۆزىنىڭ ئەسلى تاۋۇشى [ʔ]غا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

# چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىلەر

| № | بەلگىنىڭ نامى | بەلگىنىڭ ئورنى: ھەرپ ئۈستى | بەلگىنىڭ ئورنى: ھەرپ ئاستى | مەزكۇر بەلگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تاۋۇش | مىساللار |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | يەكزەبەر | ـَ | | ə ،a | تَن (tən)، عَبد (abd) |
| 2 | دۇزەبەر | ـً | | ən ،an | بناءً (binaən)، مرحباً (mərḥəban) |
| 3 | يەكپەش | ـُ | | o ،u ،ө ،ü | عُمر (өmr) عُريان (oryan) |
| 4 | دۇپەش | ـٌ | | un | روضةٌ (rəwzətun) |
| 5 | يەكزىر | | ـِ | i | بِت (bit) دِل (dil) |
| 6 | دۇزىر | | ـٍ | in | لغتٍ (luqətin) |
| 7 | ساكىن | ـْ | | ھەرپىنىڭ ئۆز تاۋۇشى | قلمْ (قەلەم) |
| 8 | تەشدىد | w | | شۇ ھەرپ تاۋۇشىنىڭ ئىككى ئوقۇلۇشىنى بىلدۈرىدۇ | قدّى (قەددى) شدّت (شىددەت) |
| 9 | مەدد | ~ | | a: ،a | آباد (ئا: باد)، آندا (ئاندا) |
| 10 | قايىم ئەلىف | ' | | a: | رحمٰن (rəḥma:n) |

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىلەر مەزكۇر يېزىقتىن ساۋات چىقىرىش مەزگىلىدە ئىزچىل قوللىنىلىدۇ. ئادەتتىكى ئەسەر ۋە قول يازمىلاردا بولسا، بەك زۆرۈرىيەتلىك بولغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن يېزىقتا چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ يەنى ئىشلىتىلمەيدۇ. بىراق، بىز ئوقۇغاندا، ئەسلىدە ئاشۇ بەلگىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، شۇ بەلگە ۋەكىللىك قىلغان تاۋۇشنى تولۇق تەلەپپۇز قىلىمىز ۋە شۇ بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىمىز. مەسىلەن، تكلم قيلماق (تەكەللۇم قىلماق)، تكلف قيلماق (تەكەللۇف قىلماق)، تكليف قىلماق (تەكلىف قىلماق)، شدتليك جنگ (شىددەتلىك جەنگ)، قدو قامت (قەددۇ قامەت) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ياردەمچى بەلگىلەرنىڭ ئادەتتىكى ئەسەرلەردە ۋە يازمىلاردا چۈشۈرۈپ قويۇلۇشى چاغاتايچىدىن ساۋاتى بار ئادەم ئۈچۈن مەزكۇر بەلگىلەرنى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانلىقىدىن بولغان. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنى يېڭى ئۆگىنىۋاتقانلارمۇ ئازراق دىققەت قىلسىلا سۆزلەرنىڭ يېزىلىش ۋە ئوقۇلۇشىدىكى قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىۋالالايدۇ ۋە ئوقۇشتا خاتا تەلەپپۇز قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنالايدۇ.

مەسىلەن:

### A. "تفعّل" (تەفەئئۇل) شەكلىدىكى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| تكبر (تەكەببۇر) | چوڭچىلىق |
| تغير (تەغەييۇر) | ئۆزگىرىش |
| تصدق (تەسەددۇق) | بېغىشلاش |
| تفكر (تەفەككۇر) | تەپەككۇر، پىكىر، ئوي |
| تقرب (تەقەررۇب) | يېقىن |
| تعلم (تەئەللۇم) | ئۆگىنىش |

### B. "تفعيل" (تەفئىل) شەكلىدىكى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| تكبير (تەكبىر) | ئۇلۇغلاش؛ چوڭايتىش |
| تغيير (تەغيىر) | ئۆزگەرتىش |
| تصديق (تەسدىق) | تەستىقلاش، مۇقىملاشتۇرۇش |
| تفكير (تەفكىر) | پىكىر قىلىش، ئويلاش |

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىن ساۋاتى چىققان ھەرقانداق بىر ئادەم "تكبر"نى "تەكبىر" دەپ، "تكبير"نى بولسا، "تەكەببۇر" دەپ ئوقۇپ تاشلىمايدۇ. چۈنكى، ساۋات چىقىرىش ۋاقتىدا، "تەكەببۇر" ئوقۇلىدىغان سۆزنى "تكبّر" قىلىپ يېزىپ، "تەكبىر" ئوقۇلىدىغان سۆزنى بولسا، "تكبير" قىلىپ يېزىپ ئۆگەنگەندىن باشقا، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ياردەمچى بەلگىلىرىنى ئېلىپ تاشلىغاندا، "تەكەببۇر" (تكبر) بىلەن "تەكبىر" (تكبير)غا، مۇشۇ جايدا "ئى" ئوقۇلىدىغان

بىر "ي" ھەرپى بەلگە بولىدىغانلىقى، يەنى بۇ ھەرپىنىڭ "تەكەببۇر" (تكبر)دا يوق، "تەكبىر" (تكبير)دا بار بولىدىغانلىقى ئېنىق سۆزلەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ياردەمچى بەلگىلەرنىڭ يېزىقتا چۈشۈرۈپ قويۇلۇش ئادىتى ئەرەب- پارسچىدىن كىرگەن يېزىق ئادىتى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، بۇ خىل ئادەت چاغاتايچىغا ئەرەب، پارسچىدىن كىرگەن سۆز- لەردىلا ئەمەس، بەلكى ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەردىمۇ قوللىنىلغان. مەسىلەن، "ياخشى، قارا" دېگەن ساپ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇرچە سۆزلەر بەزىدە "يَخشى، قَرا" قىلىپ يېزىلسا، كۆپ ھاللاردا، ياردەمچى تاۋۇش بەلگىسى چۈشۈرۈپ قويۇلۇپ "يخشى، قرا" شەكلىدە يېزىلغانلىقى ئۇچرايدۇ. تەبىئىيكى، بىز بۇ سۆزلەرگە "ئا" تاۋۇشىنى بىلدۈرىدىغان زەبەر بەلگىسى قويۇلمىغان بول- سىمۇ، ھەرقانداق يەردە ئۇلارنى ئوخشاشلا "ياخشى، قارا" دەپ ئوقۇيمىز ۋە شۇ بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىمىز.

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان يار- دەمچى بەلگىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشى مەزكۇر يېزىقنىكى ئۆزىگە خاس مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ، بۇنى ئىگىلىۋېلىش تولىمۇ مۇھىم بىر ئىش، ئەلبەتتە.

## 2. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا تاۋۇشلارنىڭ ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىشى

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك مۇھىم ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا، بىرقانچە ھەرپ ئەمەلىيەتتە بىر تىل تاۋۇشى (بىر فونېما) نى ئىپادىلەيدۇ؛ ئىككىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا، بىرقانچە ھەرپ ئەمەلىي ئىستېمالدا ھەم ئۈزۈك تاۋۇشنى، ھەم سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئۈچىنچى، بەزى ھەرپلەر ئىككى خىل ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادە قىلىدۇ. بىز مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرنى يېشىپ چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، ئۈزۈك ۋە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلىنىشىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىمىز.

### ئا. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىپادىلىنىشى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا 25 ئۈزۈك تاۋۇش بار بولۇپ، ئۇلار چاغاتاي يېزىقىدا جەمئىي 34 ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

"بە، پە، جىم، چىم، خە، دال، رە، ژە، شىن، غەين، فە، قاف، كاف، گاف، لام، مىم، نۇن، ڭا، يا، ۋاۋ" دىن

ئىبارەت 20 ھەرپ ئايرىم-ئايرىم ھالىدا، "ب، پ، ج، چ، خ، د، ر، ژ، ش، غ، ف، ق، ك، گ، ل، م، ن، ڭ، ي، ۋ"دىن ئىبارەت 20 ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ. قالغان بەش ئۈزۈك تاۋۇش تۆۋەندىكىدەك بەش گورۇپپا ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

1. "زات، زال، زە، ئىزغى"دىن ئىبارەت تۆت ھەرپ ئەمەلىيەتتە "ز" ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، مضمون (مەزمۇن)، مذكور (مەزكۇر)، مظلوم (مەزلۇم)، مزار (مەزار) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2. "سە، سىن، سات" تىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپ ئەمەلىيەتتە بىرلا "س" تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، صواب (سەۋاب)، ثمر (سەمەر)، سلام (سەلام) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

3. "ئەلىف، ئەين، ھەمزە"دىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپ ئەمەلىيەتتە بىرلا "ئ" ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ[1]. مەسىلەن، اِت ات (ئىت؛ ئىزاھ: بۇ يەردىكى "ئەلىف" ئۈزۈك تاۋۇش "ئ"نى ئىپادىلەيدۇ، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان سوزۇق تاۋۇش "ـِ"نى بولسا، يەكزىر (يەنى ـِ) ئىپادىلەيدۇ)، تعظيم (تەئزىم)، مؤمن (مۆئمىن) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

---

① بۇ مەسىلىنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن مەزكۇر توپلامدىكى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى يىگىرمە بەشىنچى ئۈزۈك تاۋۇش توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ماقالىگە مۇراجىئەت قىلىڭ.

4. "تە، ئىتقى"دىن ئىبارەت ئىككى ھەرپ ئەمەلىيەتتە "ت" ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، تكلىف (تەكلىپ)، وطن (ۋەتەن) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

5. "ھە، ھاۋ"دىن ئىبارەت ئىككى ھەرپ ئەمەلىيەتتە (ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ كەلگەندە) بىرلا "ھ" ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، حال (ھال)، هلاک (ھەلاك).

ئېلىپبە جەدۋىلىدىكى ئىككىنچى ھەرپ "بە" ئادەتتە "ب" ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادە قىلغاندىن تاشقىرى، بەزى ھاللاردا "پ" تاۋۇشىغىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن، باريب ـ كليب تۇرماق (بارىپ ـ كەلىپ تۇرماق)، يازىب بيرماك (يازىپ بېرمەك) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئېلىپبە جەدۋىلىدىكى ئالتىنچى ھەرپ "جىم" ئادەتتە "ج" ئۈزۈك تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلغاندىن باشقا، بەزى چاغلاردا "چ" تاۋۇشىنىمۇ ئىپادە قىلىدۇ. مەسىلەن: اوجون (ئۈچۈن)، جونک (چوڭ)، اوجماق (ئۇچماق)، اوجونجى (ئۈچىنچى).

ئېلىپبە جەدۋىلىدىكى 25 ـ ھەرپ "كاف" ئادەتتە "ك" ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، خېلى كۆپ ھاللاردا ئۈزۈك تاۋۇش "گ" نىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن، چوكان (چەۋگان)، كاهى (گاھى)، اوزكا (ئۆزگە)، كلزار (گۈلزار).

ئۇندىن باشقا، ئېلىپبە جەدۋىلىدىكى 31 ـ ھەرپ "ھاۋ"نىڭ ئاياغ شەكلى "ە"، ۋە يالغۇز شەكلى "ه" لەرنىڭ بەزى

ھاللاردا ئۇزۇك تاۋۇش "ھ"نى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق لازىم. مەسىلەن، مە (مەھ، مەنىسى: ئاي) كرە (گىرىھ، مەنىسى: تۈگۈن؛ چىگىك)، منە (مىنھۇ، مەنىسى: ئۈنىگدىن)، سياە (سىياھ، مەنىسى: قارا)، كاە (گاھ)، كناە (گۇناھ) ۋە باشقىلار.

ئېلىپبە جەدۋىلىدىكى 33 ـ ھەرپ "ڭا"مۇ قوش ۋەزىپىلىك ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپى بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە ئۇزۇك تاۋۇش "ڭ"نى ئىپادە قىلسىمۇ، بەزەن ھاللاردا ئىنىقلا قوشما ئۇزۇك تاۋۇش "نگ"نى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

| "ڭ"نى ئىپادە قىلىشى | "نگ"نى ئىپادە قىلىشى |
|---|---|
| جونک (چوڭ) | رنک (رەنگ) |
| مونک (مۇڭ) | رنکى (رەنگى) |
| انكلاماق (ئاڭلاماق) | بنک (بەنگ) |
| كونكول (كۆڭۈل) | بەنكى (بەنگى) |
| تانكلا (تاڭلا) | رنكارنک (رەنگارەنگ) |
| جايسانک (جايساڭ) | جنكاور (جەنگاۋەر) |

## ب. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىپادىلىنىشى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇش چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا ھەرپ ئارقىلىق ئومۇمەن تۆۋەندىكىچە ئىپادىلىنىدۇ:

1. "ئا" سوزۇق تاۋۇشى. مەزكۇر تاۋۇش "ئەلف" ھەرپىنىڭ باش شەكلى، ئاياغ شەكلى ۋە ئۈستىگە "مەد" بەلگىسى قويۇلغان شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

اكا (ئاكا)، آندا (ئاندا)، راست، بارغان

بۇ تاۋۇش بەزەن ھاللاردا "يا" ھەرپىنىڭ ھەرقايسى شەكىللىرى ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

توريت (تەۋرات)، معنيسى (مەئىناسى)، عيسى (ئىيسا) دعوى (دەئۋا)

2. "ئە" سوزۇق تاۋۇشى. مەزكۇر تاۋۇش "ئەلف" ھەرپىنىڭ باش شەكلى ۋە ئاياغ شەكلى بىلەن، "ھاۋ" ھەرپىنىڭ بىر خىل يالغۇز شەكلى ۋە ئاياغ شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

اكبر (ئەكبر)، خاشاك (خەشەك)، نامە، پارە

3. "ئو" سوزۇق تاۋۇشى. مەزكۇر تاۋۇش سۆز بېشىدا "ئەلف" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلى ۋە "ئەلف" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلى بىلەن "ۋاۋ" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلىنىڭ بىرىكمىسى ئارقىلىق، سۆز ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا بولسا، "ۋاۋ" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلى ۋە ئاياغ شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

اق (ئوق)، اون (ئون)، قوى (قوي)، روى (روي)

4. "ئۇ" سوزۇق تاۋۇشى. مەزكۇر تاۋۇش سۆز بېشىدا "ئەلف" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلى ۋە "ئەلف" ھەرپىنىڭ يالغۇز

شەكلى بىلەن "ۋاۋ" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلىنىڭ بىرىكمىسى ئارقىلىق، سۆز ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا بولسا، "ۋاۋ" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلى ۋە ئاياغ شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

استاذ (ئۇستاز)، اون (ئون)، قوى (قوي)، روم (رۇم)

5. "ئۆ" سوزۇق تاۋۇشى. مەزكۇر تاۋۇش سۆز بېشىدا "ئەلف" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلى ۋە "ئەلف" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلى بىلەن "ۋاۋ" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلىنىڭ بىرىكمىسى ئارقىلىق، سۆز ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا بولسا، "ۋاۋ" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلى ۋە ئاياغ شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

اكاى (ئۆگەي)، اكاى اتا (ئۆگەي ئاتا)

اوكسوك (ئۆكسۈك)، كورماك (كۆرمەك)

6. "ئۈ" سوزۇق تاۋۇشى. مەزكۇر تاۋۇش سۆز بېشىدا "ئەلف" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلى ۋە "ئەلف" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلى بىلەن "ۋاۋ" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلىنىڭ بىرىكمىسى ئارقىلىق، سۆز ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا بولسا، "ۋاۋ" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلى ۋە ئاياغ شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

الفت (ئۈلفەت)، اون (ئۈن)، اوزوم (ئۈزۈم)

كولماك (كۈلمەك)، سورماك (سۈرمەك)

7. "ئې" سوزۇق تاۋۇشى. مەزكۇر تاۋۇش سۆز بېشىدا

"ئەلف" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلى بىلەن "يا" ھەرپىنىڭ باش شەكلىنىڭ بىرىكمىسى ئارقىلىق، سۆز ئوتتۇرىسىدا بولسا، "يا" ھەرپىنىڭ باش شەكلى ياكى ئوتتۇرا شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ايرن (ئېرن - كالپۇك)، ايردى (ئېردى)، ديكان (دېگەن)
سيوماك (سېۋەمەك)، بيرماك (بېرمەك)، مين (مېن)

8. "ئى" سوزۇق تاۋۇشى. مەزكۇر تاۋۇش سۆز بېشىدا "ئەلف" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلى ۋە "ئەلف" ھەرپىنىڭ يالغۇز شەكلى بىلەن "يا" ھەرپىنىڭ باش شەكلىنىڭ بىرىكمىسى ئارقىلىق، سۆز ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا بولسا، "يا" ھەرپىنىڭ ھەرقايسى شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

امام (ئىمام)، امكان (ئىمكان)، اسلام (ئىسلام)
ايسيغ (ئىسىغ)، ايجماك (ئىچمەك)، مينك (مىڭ)
باشى، يارى، بارى

"ئى" سوزۇق تاۋۇشى بەزەن ھاللاردا، "ھاۋ" ھەرپىنىڭ بىر خىل ئاياغ شەكلى ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بلكه (بەلكى)، تاكه (تاكى)، كه (كى)، جونكه (چۈنكى)
نيچونكه (نېچۈنكى)، باوجودكه (باۋۇجۇدكى)

## پ. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىپادىلىنىشى

ئۇيغۇر تىلىدا، ئەزەلدىن تارتىپ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار

مەۋجۇت. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ "تۈركىي تىللار دىۋانى"دا، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان قەدىمكى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنى قىسقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ ئىپادىلىگەن. مىسال ئۈچۈن ئۇزۇن ۋە قىسقا "ئا" سوزۇق تاۋۇشلىرىنى ئالساق، "دىۋان"دا، قىسقا سوزۇق "ئا" تاۋۇشى ئۈچۈن بىر دانە "ئەلىف" ئىشلىتىلگەن بولسا، ئۇزۇن سوزۇق "ئا" تاۋۇشى ئۈچۈن ئىككى دانە "ئەلىف" جۈپلەپ قوللىنىلغان①.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كەلگەندە، خۇسۇسەن ئەرەب تىلىنىڭ تەسىرىدىن ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر كۆپەيگەن. بۇ خىل ئۆزلەشمە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر ھەتتا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئاشۇ ئۇزۇن سوزۇقلۇق شەكىللىرى بىلەن ئەينەن قوللىنىلماقتا. مەسىلەن، كادىر، نادىر، سادىر، ئالىم، زالىم، نالە، دانە، مەنە، تەنە، ئەمەت، مۆمىن دېگەنلەرگە ئوخشاش.

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار "قايىم ئەلىفە" ۋە "مەد" بەلگىسىدىن باشقا، خۇددى ئەرەب يېزىقىدى-

---

① بۇ مەسىلە توغرۇلۇق «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ھەققىدە» دېگەن ماقالىدا تەپسىلىي توختىلىمىز.

كنگە ئوخشاشلا "ئەلف، "ۋاۋ" ۋە "يا" ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

"ئەلف" ھەرپى بىلەن ئىپادىلىنىشى

راضى (رازى)، قادر (قادىر)، زامن (زامىن)

جاھل (جاھىل)، نائل (نائىل)، خالصى (خالىس)

"ۋاۋ" ھەرپى بىلەن ئىپادىلىنىشى

روى زمين (رويى زەمىن — "ئو" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش)

عمومى (ئۇمۇمىي — "ئۇ" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش)

خصوصا (خۇسۇسەن — "ئۇ" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش)

روحى حالت (روھىي ھالەت — "ئو" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش)

"يا ھەرپى بىلەن ئىپادىلىنىشى

دعوىگر (دەئۋاگەر — "ئا" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش)

تقوى دار (تەقۋادار- "ئا" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش)

معنيسى (مەئناسى — "ئا"ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش)

جميله (جەمىلە — "ئى" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش)

كريمه (كەرىمە — "ئى" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش)

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا "ئەلف"، "ۋاۋ" ۋە"يا" ھەرپلىرى ئۈچ ۋەزىپىلىك ھەرپلەر ھېسابلىنىدۇ. بىرىنچى، ئۇلار ئايرىم ھالدا، "ا، ۋ، ي" ئۇزۇك تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىككىنچى، ئۇلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدۇ. ئۈچىنچى، ئۇلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنى

ئىپادىلەيدۇ①.

يۇقىرىدا، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىك-لىرىلا چۈشەندۈرۈلدى. ئۇندىن باشقا، يەنە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆگىنىپ قويۇشقا ئەرزىيدىغان بەزەن ئەھۋاللارمۇ بار. ئالاي-لۇق، ئىلىپبە جەدۋىلىدىكى تۆتىنچى ھەرپ "تە" ھەرپىنىڭ بىر خىل ئاياغ شەكلى "ة" بىلەن بىر خىل يالغۇز شەكلى "ة" ئادەتتە "تە مەربۇتە" (بېلى باغلاقلىق "تە") دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر "تە مەربۇتە" يېزىقتا بەزەن سۆزلەردە ئەينەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن، تربية (تەربىيەت)، عزة (ئىززەت). بەزىدە، "تە مەربۇتە" مەزكۇر ھەرپىنىڭ "ئۇزۇن تە" شەكلى بولغان "ت" ۋە "ت" لەرگە ئايلاندۇرۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن. تربيت (تەربىيەت)، عزت (ئىززەت). يەنە بەزەن ھاللاردا بولسا، "تە مەربۇتە"نىڭ ئۈستىدىكى ئىككى چېكىت چۈشۈرۈپ قويۇلۇپ، خۇددى "ھاۋ" ھەرپىنىڭ بىر خىل ئاياغ ۋە يالغۇز شەكىللىرىگە ئوخشاش قىلىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن، تربيه (تەربىيە)، عزه (ئىززە). ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، مەزكۇر "تە مەربۇتە". "مەيلى "تە" ھەرپىنىڭ مۇناسىۋەتلىك شەكىل-لىرىگە ئايلاندۇرۇپ يېزىلسۇن ياكى ئۈستىدىكى چېكىتلەر چۈشۈرۈپ قويۇلۇپ يېزىلسۇن، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ مەنىسىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا،

① 66 ـ بەتتىكى ئىلىپبە جەدۋىلىگە قارالسۇن.

"تربيه (تەربىيە)، عزه (ئىززە)، جماعه (جەمائە)، دوامه (دەۋامە)" قاتارلىق سۆزلەر "تربيت (تەربىيەت)، عزت (ئىززەت)، جماعت (جەمائەت)، دوامت (دەۋامەت)" قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ، خالاس.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركىيچە سۆزلەرنى ئەينەن يېزىشنى مۇددىئا قىلىپ ئىجاد قىلىنغان يېزىق بولغاچقا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىغا سېلىشتۇرۇپ ئېيتقاندا نىسبەتەن مۇرەككەپ يېزىق سانىلىدۇ. بىراق، سەۋرچانلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان قەدىمكى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئومۇمەن ئېنىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئەمدى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئاشۇ مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە پۇختا ئىگىلەش — تىل تارىخىمىزدىكى مەزكۇر يېزىق ئىشلىتىلگەن ئالتە ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا يېزىلغان قىممەتلىك كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆگىنىش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا، ھەقلىق يوسۇندىكى مۇھىم ۋە زۆرۈر ئەھمىيەتنى نامايان قىلىدۇ.

1990-يىل 2-ئاي.

## چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى يىگىرمە بەشىنچى ئۆزۈك تاۋۇش «ئ»[ʔ] توغرىسىدا

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يىگىرمە تۆت ئۆزۈك تاۋۇش بار. بىراق، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، يىگىرمە بەش ئۆزۈك تاۋۇش بار. مەزكۇر يىگىرمە بەشىنچى ئۆزۈك تاۋۇش "ئ" چاغاتايچىغا ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا "ئەين" "ھەمزە" ۋە "ئەلىف"تىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپنىڭ ساكىنلىق شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەن بۇ مەسىلىنى دەسلەپ تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 1982-يىلىدىكى نىلقا يىغىنىغا تاپشۇرغان «چاغاتاي تىلىدىكى ئەرەبچە-پارسچە ئېلېمېنتلار توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ماقالەمدە ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. كېيىن، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ 1985-يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تاپشۇرغان «چاغاتاي يېزىقىدىكى "ئەين" ھەرپمۇ ياكى يارىدەمچى بەلگىمۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالەمدە يەنە بىر قېتىم شەرھلىدىم. بىراق، ئۇ ماقالىلىرىمدە ئەمەلىي مىساللار كۆپرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىساللار ئاشۇ ئەينى زاماندىكى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە ئەينەن بېرىلگەچكە، مەتبەئە قىيىن-

چىلىقى تۆپەيلى ژۇرناللىرىمىزنىڭ ئاشكارا ئېلان قىلىپ بېرىشىگە مۇيەسسەر بولالماي كەلدىم. بۇ ماقالەمدە، ئاشۇ ئىككى پارچە ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە ھەققىدىكى بايانلارنى ئىمكان بار ئىخچاملاپ، گەپنىڭ نان تېگىدىغان يېرىنى قىلدىم. چەكلىك دەرىجىدىكى مىساللارنى زۆرۈر تېپىلغاندا لاتىنچە ھەرپلىك ترانسكرىپسىيە بويىچە بەردىم. ئۆزۈك تاۋۇش "ئ" ئۈچۈن، خەلقئارا تاۋۇش بەلگىسىدىكى مەزكۇر تاۋۇشنىڭ مۇناسىپ بەلگىسى بولغان "ʔ"نى ئىشلەتتىم.

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا 36 ھەرپ بار. مەزكۇر يېزىقتا، ئەرەبچە سۆزلەر ئەرەبچە ھەرپلەر بىلەن، پارسچە سۆزلەر پارسچە ھەرپلەر بىلەن يېزىلىدىغان بولغاچ، بىر خىل تىل تاۋۇشى بىرقانچە خىل ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان. مەسىلەن، "ز" فونېمىسى "زە، زال، زات، ئىزغى"دىن ئىبارەت تۆت ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە باشقىلار («چاغاتاي تىلى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ 1986-يىل نەشرى، 109-بەتكە قارالسۇن). شۇ ۋەجىدىن، ماۋزۇيىمىزدىكى ئۆزۈك تاۋۇش "ئ" چاغاتاي يېزىقىدا "ئەين، ئەلف ۋە ھەمزە" دىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنگەن.

1. "ئەين" بىلەن ئىپادىلىنىشى: مەزكۇر "ئەين" ھەرپى (يەنى ھازىرقى يېزىقىمىزدىكى "غ" ھەرپىنىڭ چېكىتسىز شەكلى) ئەرەب تىلىدا بىر سىرلاڭغۇ، بوغۇز ئۆزۈك تاۋۇشنى ئىپادى-لەيدىغان ھەرپ بولۇپ، چاغاتاي تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن

كىرگەن "ئەين"لىك سۆزلەر بىلەن ئۇيغۇرچىغا ئۆزلىشىپ، ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، ئۇ ئەسلىدىكى سىرىلاڭغۇ، بوغۇق، بوغۇز تاۋۇشلۇق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، يەڭگىل، چېكىپلا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئۇيغۇرچە "ئ" [ʔ] ئۇزۇك تاۋۇشنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن: تەئتىل (təʔtil)، مەئلۇم (məʔlum)، يەئنى (yəʔni)، تەئنە təʔnə، شوئلە (xoʔlə)، كەئبە (kəʔbə)، مەئنا (məʔna)، مۆئجىزە (meʔjizə)، فېئىل (feʔl)، مەئدە (məʔdə) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2. "ئەلىف" بىلەن ئىپادىلىنىشى: "ئەلىف" ھەرپى ئەرەب-چىدە، شۇنداقلا ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا، ئوخشاشلا ئۇزۇك تاۋۇش "ئ"نى ئىپادىلىگۈچى ھەرپ بولۇپ خىزمەت قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا ئۇنىڭ سوزۇق تاۋۇش-لۇق شەكلى پەقەت سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان ياردەمچى بەلگىلەر زەبەر ياكى فەتھە ("ئا" ياكى "ئە" تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ)، پەش ياكى زەممە (لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ)، كەسر ياكى زىر (يەنى "ئې" ۋە "ئى" سوزۇق تاۋۇشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ) بىلەنلا ئىپا-دىلىنىدۇ. مەسىلەن، "ات" يېزىلغان بۇ خەتنى "ئات، ئەت، ئوت، ئۆت، ئۇت، ئىت" ئوقۇلىدىغان سۆز قىلىش ئۈچۈن، ئاشۇ "ئەلىف" [ا] نىڭ ئۈستىگە ياكى ئاستىغا "ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ئى" تاۋۇشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ياردەمچى

بەلگىلەرنى قويىمىز. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم، 48 ـ، 49 ـ، 54 ـ، 55 ـ بەتلەرگە قارالسۇن). شۇڭلاشقا، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا "ئەلىف" ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق تاۋۇش "ئ" دېيىلىدۇ («چاغاتاي تىلى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ 1986 ـ يىل نەشرى، 107 ـ بەتكە قارالسۇن).

3. "ھەمزە" بىلەن ئىپادىلىنىشى: ئۆزىنىڭ باش شەكلى[ئ]، ئوتتۇرا شەكلى[ئـ]، ئاياغ شەكلى (بۇ شەكىلدە ھەمزە ئاياغدىن ئۇلىنىدىغان "ئەلىف" ۋە ئاياغدىن ئۇلىنىدىغان "ۋاۋ" ھەرپلىرىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ كېلىدۇ) ۋە يالغۇز شەكلى[ء] دىن ئىبارەت تۆت خىل شەكىلگە ئىگە بولغان "ھەمزە" چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا ھەرقانداق بىر ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىگە ئوخشاش مۇستەقىل بىر ھەرپ بولۇپ، ئۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش "ئ" [ʔ]گە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەزكۇر ھەمزە پەقەت سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى ۋە سوزۇق تاۋۇشلارغا ۋەكىللىك قىلغۇچى بەلگىلەر قوشۇلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەگەر سوزۇق تاۋۇش قوشۇلمای، ساكىن بەلگىسى بىلەن كەلسە، ئۆزىنىڭ ئەسلى تاۋۇشى "ئ" ئۈزۈك تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن، تەئسىر (təʔsir) تەئخىر (təʔhir) تەئكىد (təʔkid)، تەئمىن (təʔmin)، مەئمۇر (məʔmur)، مۆئمىن (meʔmin) ۋە باشقىلار.

بىراق، مېنىڭ بۇ "يىگىرمە بەشىنچى ئۈزۈك تاۋۇش" قارى-

شمغا ناقايىل كەسىپداشلارمۇ خېلى بار. ئۇلارنىڭ ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى بىلەن بايان قىلىنغان پىكىرلىرىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچى، ئەرەبچە سۆزلەر ئۇيغۇرچىغا پارس تىلى ئارقىلىق كىرگەن. پارسچىدا "ئەين" ھەرپىنى تەلەپپۇز قىلىنمايدىغان ھەرپ دەيدۇ، ھالبۇكى، بىز ئۇنى چاغاتايچىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان دېسەك قانداق بولىدۇ؟ ئىككىنچى، سامايلوۋىچ، يۇنس ئىكمان قاتارلىق مەشھۇر چاغاتايشۇناسلار ئۆز ئەسەرلىرىدە "چاغاتاي تىلىدا يىگىرمە بەشىنچى ئۆزۈك تاۋۇش بار" دېگەن گەپنى قىلغان ئەمەس.

بۇ خىل پىكىرلەرگە نىسبەتەن مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق:

بىرىنچى، دەرۋەقە، ئۇيغۇرلار تارىختا، خۇسۇسەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە پارس تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، يېقىن تام قوشنا بولۇپ ئۆتۈشكەنىكەن تىل جەھەتتە بىر-بىرىگە تەسىر قىلىشماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بىراق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەبلەردىن، ئەرەبچىدىن بىۋاسىتە سۆز قوبۇل قىلماسلىقى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ھېچقانداق بىر مەنبەدە ئۇيغۇرلارغا قۇرئان ئوقۇشنى پارسلار ئۆگەتكەن دېگەن گەپ يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىراق، مىسىرغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشتا، مەككە-مەدىنىگە بېرىپ ھەج-تاۋاپ قىلىشتا، سودا-تىجارەت قىلىشتا پارسلارنىڭ يېتىلەپ مېڭىشىغا قاراپ قالغانلىقى سۆزلەنمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى بىۋاسىتە بېرىپ، بىۋاسىتە كېلىپ، ئەرەبلەر بىلەن بىۋاسىتە

ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن. مۇشۇ جەرياندا، ئۇلار ئۆزلىرى يۈكسەك بىلگەن دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلىدىن، ئۇرغۇنلىغان ئەرەبچە سۆزلەرنى "قۇرئان — كاللامۇللا" تىلى، "ئاللانىڭ تىلى" دەپ ئەتىۋارلاپ قوبۇل قىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تۈركىي تىلچە-ئەرەبچىلىشىپ تۈزۈلگەنلىكىنىڭ ئۆزى ئۇيغۇرلار بىلەن ئەرەبلەر ئارىسىدا بىۋاستە تىل ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشنىڭ بولغانلىقىنى كۈچلۈك دەلىللەيدۇ. شۇڭا، بىزدىكى "تىلىمىزدىكى ئەرەبچە سۆزلەر بىزگە پارس تىلى ئارقىلىق كىرگەن" دېگەن ئەنئەنىۋى قاراشتا ئېغىر دەرىجىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك بار دەپ قارايمەن.

ئىككىنچى، دۇرۇست، پارس تىلىدا "ئەين" ھەرپى تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ دېيىلىدۇ. بىراق، بۇ مەسىلە پارس تىلى فونېتىكىسىدا تولىمۇ زىددىيەتلىك بايانلار بىلەن شەرھلىنىدۇ. ئالايلۇق:

"'eyn'字母是阿拉伯字母，这个字母在波斯语中是个有形无音的辅音字母。"

(«پارس تىلىدىن ساۋات»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1990-يىل نەشرى، 56-بەت).

"无音的辅音" (ئاۋۇشسىز ئۈزۈك تاۋۇش) دېگىنى نېمىسى؟ تاۋۇش چىقىرىلمىسا، تاۋۇش بولمىسا، نېمىشقا ئۇنى "辅音" (ئۈزۈك تاۋۇش) دەيمىز؟ ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئۇلار ئارقىدىنلا يەنە: "字母'əyn'不与元音拼读时，则要屏一下气"。 ("ئەين" ھەرپى بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە، نەپەسنىڭ

بىر بوغۇلۇپ ئۆتۈشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ) دەپ، tə?dad (سان)، mə?dəni (مىنېرال) دېگەن سۆزلەرنى مىسال قىلىدۇ («پارس تىلىدىن ساۋات»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1990 ـ يىل نەشرى، 56 ـ بەت). مەن 1986 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلغىچە، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى بىلەن دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىرلىشىپ ئاچقان پارس تىلى سىنىپىغا ئوقۇغۇچى بولۇپ، سودا نەشرىياتى نەشر قىلغان «پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»نىڭ مۇئەللىپلىرى، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق پارس تىلى مۇتەخەسسىسلىرى پروفېسسور جاڭ خوڭنىيەن، زىڭ يەنشېڭ ئەپەندىم، لى شياڭ خانىملاردىن دەرس ئالغانىدىم. ئىككى يىللىق ئوقۇش جەريانىدا، بۇ ئۇستازلارنىڭ "ئەيىن" ھەرپىنى ئوقۇغاندا "屏—下气" قىلىشلىرىنى تالاي قېتىم ئاڭلىدىم. مېنىڭ ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ سەزگىنىم شۇ بولدىكى، ئۇلار "tə?dad"، "mə?dən" دېگەندەك سۆزلەرنى ئوقۇغاندا، "ئەين" ھەرپىنى ئەرەبلەردەك ئېغىر سىرىلاڭغۇ، بوغۇز تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلمىسىمۇ "tə" بىلەن "dad" ئارىسىدا، "mə" بىلەن "dən" ئارىلىقىدا "ئ" قىلىپ، نازۇككىنە بىرنى ئىنجىقلاپ ئۆتىدىكەن. مېنىڭچە، بىر ھەرپ تاۋۇشسىز (无音) بولسا، ئۇنى "拼读" قىلىش (ئوقۇش، تەلەپپۇز قىلىش) مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر "ئەين"ھەرپى تاۋۇشى بار(有音) ئۇزۇك تاۋۇش بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىز ئۇنى "拼读" قىلىمىز (يەنى ئوقۇيمىز، تەلەپپۇز قىلىمىز). "拼读" قىلغان چاغدا،

ئاشۇ بىزنى "屁—下气" قىلدۇرغان (يەنى نەپەسىنىڭ بىر بوغۇلۇپ ئۆتۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان) نەرسە "ئەين" ھەرپىنىڭ كارامىتى، يەنى دەل ئاشۇ "ئەين" ھەرپىنىڭ تەلەپپۇزدىن ئىبارەت، خالاس. ئەڭ مۇھىمى، مەيلى قانداق بولمىسۇن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرىنى جەزمەن پارس تىلى قائىدىسى بويىچە ھەل قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز يوق. شۇڭا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىنى پارس تىلىنىڭ تەييار تېلىپى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرچىنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت ئەمەلىيىتى بىلەن ھەل قىلىشىمىز، مەسىلىنى پاكىتقا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم، دەپ قارايمەن.

ئۇچىنچى، دۇرۇست، سامايلوۋىچ، يۇنۇس ئېكمان قاتارلىقلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بويىچە جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، بۈيۈك نەتىجە ياراتقان دۇنياۋى ئالىملار. شۇ تۈپەيلى ئۇلار بىزنىڭ قەلب تۆرىمىزدە مۆھتەرەم ئورۇنغا ئىگە. بىراق، بىز ئۇلارنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىنى، ھەربىر جۈملىسىنى چېقىلغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس دەستۇر قىلىۋالساق، بۇنداق ئەھۋالنى ئۇ ئالىملارنىڭ ئۆزلىرىمۇ راۋا كۆرمەس دەپ ئويلايمەن. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىزنىڭ ئاتا-بوۋىمىزنىڭ تىلى. بىزنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ قالدۇقلىرى، تىرىك ئامىللىرى مەۋجۇت. ھالبۇكى، بىز مۇشۇ ئالاھىدىلىكىمىز بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى پەقەت ئومۇمىيەت، جەھەتتىنلا تەتقىق قىلغان، كونكرېت، ئۇششاق ھەم ئىنچىكە تەرەپلىرىگە كۆڭۈل

بۆلۈشكە بولسا، ياكى شارائىتى يار بەرمىگەن، ياكى پۇرسەت بولمىغان چوڭ ئالىملارنىڭ تونۇپ يېتەلمىگەن بەزى مەسىلە-لەرنى بىز تونۇۋالساق، ھېچقانداق غەلىتە ئىش بولمايدۇ، دەپ ھېسابلايمەن.

مەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا "ۆ" دەيدىغان بىر ئۇزۇك تاۋۇش بولغانىدى دېيىشتە تۆۋەندىكلەرنى ئاساس قىلىمەن:

بىرىنچى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان فونېتىك ئالاھىدىلىكلىرى ئىچىدە، تەلەپپۇزغا بىنائەن كېلىدىغان، ئېنىق ئاڭلاتقىلى بولمايدىغان ياكى تەلەپپۇز قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە ئۇشۇقچە تۇيۇلىدىغان بەزى تىل تاۋۇشلىرى مۇئەييەن تىل شارائىتىدا ئۇتتۇقتا چۈشۈرۈپ قويۇلىدىغان، تەلەپپۇز قىلىنغان چاغدا قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بولغان بوغۇم، مەزكۇر تىل تاۋۇشى (يەنى ئۇزۇك تاۋۇش) چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇمغا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت بار. مەسىلەن:

| قەدىمكى تىلىمىزدا | ھازىرقى تىلىمىزدا |
|---|---|
| ئۆتكەرمە (ətkərmə) | ətkə:mə |
| كارناي (karnay) | ka:nay |
| خەرمەن (hərmən) | ha:man |
| گەردەن (gərdən) | gə:dən |
| ئەھمەد (əḥməd) | ə:mət |
| سەھۋەن (səḥwən) | sə:wən |

هازىرقى تىلىمىزدىكى "sө:rimək" سۆزىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا "sədrəmək" تەلەپپۇز قىلىناتتى. مەسىلەن، "بىرى دېپ سۆدرەيلى خۇسرەۋغە تېگرۇ، بىرى دېپ ئېلىتالى باشىنى ئايرۇ" (بىرى خوسرەۋنىڭ ئالدىغا سۆرەيلى (sө:rəyli) دېسە، بىرى بېشىنى كېسىپ ئېپكېتەيلى، دەيتتى) «چاغاتاي تىلى» ناملىق كىتاب، 73 ـ بەت.)

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، يۇقىرىدىكى سۆزلەر تەركىبىدىكى "ر، ھ، د" ئۇزۇك تاۋۇشلىرى ئۆز زامانىسىدا تەلەپپۇز قىلىنمىغان بولسا، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ بۈگۈنكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكىللىرى بولمىغان بولاتتى. بۇ ـ پاكىت، بىز مۇشۇ پاكىت ئاساسىدا مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە ھەقلىقمىز:

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر تەركىبىدىكى ساكىنلىق "ئەين"، "ئەلىف" ۋە "ھەمزە" ھەرپلىرى ئۇزۇك تاۋۇش "ئ" [ʔ] تەلەپپۇز قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن. ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكەن بۇ ئۇزۇك تاۋۇش تەلەپپۇزغا بىنائەن بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە زامانىمىزغا كەلگەندە، نۇتۇقتا چۈشۈپ قالىدىغان بولغان. ئۇ ئۆز زامانىسىدا تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ ئەسلىدە تەۋە بولغان بوغۇمدىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش مەزكۇر ئۇزۇك تاۋۇش چۈشۈپ قالغانلىق بەدىلىگە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىپ كەتكەن.

| چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | | هازىرقى تىلىمىزدا |
|---|---|---|
| تەئتىل | [təˀtil] | tə:til |
| تەئسىر | [təˀsir] | tə:sir |
| تەئخىر | [təˀhir] | tə:hir |
| تەئنە | [təˀnə] | tə:nə |
| يەئنى | [yəˀnɪ] | yə:ni |
| بەئزى | [beˀzi] | bə:zi |
| مەئلۇم | [məˀlum] | mə:lum |
| («بۇلاق» ژۇرنىلى قاتارلىقلاردىن ئېلىندى) | | (ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتىمىزدىن ئېلىندى) |

ئىككىنچى، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىدا، تەلەپپۇزدا تىلغا كىرىشىپ بەرمەيدىغان ياكى تازا ئېنىق تەلەپپۇز قىلغىلى بولماي-دىغان، نۇتۇقتا بىئەپ تۇيۇلىدىغان بەزى تىل تاۋۇشلىرى تەلەپ-پۇزى ئوڭايراق ياكى ئوچۇق ئاڭلاتقىلى بولىدىغان تاۋۇشلارغا ئالماشتۇرۇۋېتىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت بار. ئالايلۇق:

| قەدىمكى تىلىمىزدا | هازىرقى تىلىمىزدا |
|---|---|
| ئۇد | ئۆي |
| نەبرە | نەۋرە |
| زەھمەت | زەخمەت |
| ئەھمەد | ئەخمەد |
| ياي | ياز |

ھازىرقى تىلىمىزدىكى "سارغايماق"، "قارايـماق" سۆزلىرىنى قەدىمدە "سارغارماق" "قارارماق" تەلەپپۇز قىلىناتتى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ خاس فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ئەرەبچە-دىن قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلەشكەن "ئ" ئۈزۈك تاۋۇشلۇق چاغا-تايچە سۆزلەرگىمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەن. يەنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئ" ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بەزى سۆزلەر زامانىمىزغا كەلگەندە "ي" ئۈزۈك تاۋۇشلۇق سۆزلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن.

مەسىلەن:

| ھازىرقى تىلىمىزدا | چاغاتايچىدا | |
|---|---|---|
| səydin | [səʔdin] | سەئدىن |
| saydulla | [səʔdulla] | سەئدۇللا |
| məydə | [məʔdə] | مەئدە |
| pəyl | [feʔl] | فېئل |

دېمەك، ئەگەر "ئ" ئۈزۈك تاۋۇشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا تەلەپپۇز قىلىنمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ "ي" ئۈزۈك تاۋۇشقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى كۆرۈلمەس ئىدى.

ئۈچىنچى، "ئ" ئۈزۈك تاۋۇشى ئۇيغۇرلار تەلەپپۇز قىلالماي-دىغان ۋە ئۇيغۇر تىلىدا ئەزەلدىن پەقەتلا يوق تاۋۇشمۇ ئەمەس. ئالايلۇق، بۈيۈك ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئۆز دىۋانىدا "ئائ" [aʔ] دېگەن بىر سۆزنى بېرىپ، ئۇنى "ھەيران قېلىش ۋە ئەجەبلە-نىشنى بىلدۈرىدىغان سۆز" دەپ ئىزاھلىغان ۋە "ئول مەنى ئائ

قىلدى" (ئۇ مېنى ھەيران قالدۇردى) دېگەن مىسالنى كۆر-سەتكەن («تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980-يىل 8-ئاي نەشرى، 1-توم، 55-بەت). مىڭ ئەپسۇس، بۇ سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيسى سەۋەنلىكتىن "ā" (a:) قىلىپ قويۇلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم، 107-بەتتىن 112-بەتكىچە بولغان ئارىلىقتا بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپتۇكى، مەھمۇت قەشقەرى "a:" (ā) ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشنى ئۈستىگە زەبەر بەلگىسى قويۇلغان ئىككى "ئەلىف" ھەرپى بىلەن ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، "a:t، a:q، a:z، a:r، a:s، a:x، a:y" دېگەن سۆزلەردە، "a:" ئۈچۈن ئىككى "ئەلىف" ئىشلىتىپ ساكىن بەلگىسىنى ئۇزۇك تاۋۇشلار "t، q، z، r، s، x، y"لارنىڭ ئۈستىگە قويغان. ئەمما، "ئائ" [aʔ] سۆزى ئۈچۈن بولسا زەبەرلىك بىر "ئەلىف" يېزىپ، يېنىدىكى ئىككىنچى "ئەلىف" ھەرپىنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق قىلىپ بىر ساكىن بەلگىسى قويغان. بېرىلگەن مىسالدىمۇ شۇنداق! مەزكۇر ساكىن بەلگىسى ئاشۇ بەلگە ئاستىدا تۇرغان "ئەلىف"نىڭ ئەسلى تاۋۇشى "ئ" [ʔ] ئۇزۇك تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلىنىڭ دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايمەن.

ئەمەلىيەتتە، ھېلىھەممۇ بىز قاتتىق ھەيرانلىق ۋە تەئەججۈپ ئىلكىگە چۈشسەك "ئائ، مائ، ئۇئ، بۇئ..." دەپ كېتىمىز.

ئۈچىنچى، خەلقىمىز ئىچىدە، ھېلىھەممۇ چاغاتايچە قول يازمى-

لاردىكى، قۇرئاندىكى ساكىنلىق "ئەيىن، ئەلىف ۋە ھەمزە" ھەرپلىرىنى ئۇزۇك تاۋۇش "ئ" تەلەپپۇز قىلىدىغانلار بار. ئالايلۇق، خەتمىدىن ئۆتكەن قارىلار، دىنىي زاتلار «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىنى تىلاۋەت قىلغاندا ياكى «ھەدىس»تىن مەسىلە قىلىشقانلىرىدا "مۆئمىنۇن ۋە مۆئمىنات" "ئاللانىڭ نىئمەتى" دېگەندەك سۆزلەردە، ئاشۇ ئۇزۇك تاۋۇش "ئ"نى ناھايىتىمۇ ئېنىق تەلەپپۇز قىلىدۇ.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان بىر خىل تىل ھەقلىق يوسۇندا دەسلەپ شۇ مىللەت زىيالىيلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدۇ، ئالدى بىلەن زىيالىيلار ئارىسىدا ئومۇملىشىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆز زامانىسىدىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى "ئالدى بىلەن موللام-لارنىڭ، زىيالىيلارنىڭ تىلى بولغانىدى" دېيىشمۇ توغرا. ئەمدى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى موللىلارنىڭ پۇشتىدىن بولغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر قارىيلىرىنىڭ "ئ" ئۇزۇك تاۋۇشىنى ئەينەن تەلەپپۇز قىلىپ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنىڭ ئۆزى بىزنىڭ ماۋزۇيىمىزدىكى مەسىلىنىڭ ھەقىقەتلىكىگە جانلىق پاكىت ۋە تىرىك شاھىت بولالايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ھەقىقەتەنمۇ "ئ" دەيدىغان بىر ئۇزۇك تاۋۇش ئىستېمال قىلىنغان. بىراق، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، "ئ" ئۇزۇك تاۋۇشىنىڭ كەڭ دائىرىلىق قوللىنىلغانلىقى سۆزلەنمەيدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر

تىلىنىڭ ئومۇمىي ئىستېمالىدىمۇ "ئۇ" دەيدىغان ئۆزۈك تاۋۇش يوق. بۇ ھال بىر مىللەت تىلى فونېتىكىسىنىڭ تولىمۇ نازۇك خاسلىقىغا ئىگە ۋە ئىنتايىن مۇتەئەسسىپ بولىدىغانلىقىنى، باشقا مىللەت تىلىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن ھەرقانداق فونېتىك ھادىسىلەرنىڭ ھامان ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزلىشىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، ئاقىۋەت شاللاپ چىقىرىۋېتىلىدىغانلىقىنى ياكى ئۆزىگە خاس فونېتىك خۇسۇسىيەت ئاساسىدا ئۆزگەرتىۋېتىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

1990- يىل 9- ئاپرېل.

## "ئەلمساق" ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى

تىلىمىزدا "ئەلمساق" دەيدىغان بىر ئاتالغۇ بار. بۇ سۆز
ئەمەلىيەتتە "ئالەم بىنا بولغان چاغ، ئالەم بەرپا بولغان كۈن"
دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئەلمساقتىن بېرى
(يەنى 开天辟地以来) (قاراڭ: «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەت»، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتىنىڭ 1982-يىل نەشرى، 731-بەت). مەزكۇر "ئەلمە-
ساق" ئاتالغۇسى تىلىمىزغا ئەرەب تىلىدىن بىۋاسىتە قوبۇل قىلىن-
غان سۆز ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى ئەرەبچە "كۈن" مەنىسىدىكى
"يەۋم" سۆزى بىلەن "ئەھدە" مەنىسىدىكى "مساق" سۆزىدىن
تۈزۈلگەن ئەرەبچە ئىزافەتلىك بىرىكمە بولۇپ، ئۇ "يەۋم+ئەل
(ئەلفلام)+مساق=يەۋمۇلمساق" ئوقۇلۇپ، "ئەھدە كۈنى"
دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرەتتى. مەزكۇر "يەۋمۇلمساق" ئەرەبچىدىمۇ
دائىم ئىشلىتىلىدىغان دىنىي ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇزۇن يىللىق ئىس-
تېمال جەريانىدا بىرىكمە تەركىبىدىكى "يەۋم" (كۈن) سۆزىنى
تاشلىۋېتىپ "مساق" (ئەھدە) سۆزىگە ئەرەبچىدىكى ئالاھىدە
كۆرسىتىش بەلگىسى "ئەل" (ئەلفلام)نى قوشۇپ، "ئەلمساق"
دېيىمۇ، ئاشۇ "ئەھدە كۈنى" مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان خاس
ئاتالغۇ بولۇپ قالغان. شۇنداق قىلىپ، مەزكۇر "ئەلمساق"

ئاتالغۇسى كېلىش مەنبەسى ئەرەبچە بولغان دىنىي رىۋايەتلەر ئارقىلىق ئالدى بىلەن خەلقىمىزنىڭ جانلىق تىلىغا ئاندىن جانلىق تىلدىن ئەدەبىي تىلىمىزغا سىڭىپ كىرگەن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىگە مەنسۇپ بولغان دىنىي ئاتالغۇلار ئىچىدىكى "روزىمىساق" سۆزى («قۇرئان كەرىم»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1986-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 164-بەت) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى "ئەلمىساق" ئاتالغۇسىنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ئاتىلىشى ھېسابلىنىدۇ. روشەنكى "روزىمىساق" ئاتالغۇسى تىلىمىزغا پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان. ئۇ "كۈن" مەنىسىدىكى "روز" سۆزى بىلەن "ئەھدە" مەنىسىدىكى "مىساق" سۆزىدىن تۈزۈلگەن پارسچە ئىزافەتلىك بىرىكمە بولۇپ، پارسچىدىمۇ "روز+ى (تەلەپپۇزدا قوشۇپ ئوقۇلىدىغان ئىزافەت قوشۇمچىسى) +مىساق = روزىمىساق" ئوقۇلۇپ "ئەھدە كۈنى" دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ.

جانلىق تىلىمىزدا "روزىمىساق" ئاتالغۇسىنىڭ ئەمەس، بەلكى "ئەلمىساق" سۆزىنىڭ ئۆزلىشىپ كەڭ ئىشلىتىلىپ كەلگەنلىكى ئۆز زامانىسىدا ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ پارس تىلىنى ۋاستە قىلمايمۇ ئۇيغۇرچىغا بىۋاستە قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلەشكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

"ئەلمىساق" ئاتالغۇسى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەردە "ئەلمىساق، روزىمىساق، مىساق" دېگەن شەكىللەردىن باشقا، بەزى نوپۇزلۇق ئەسەرلەردە يەنە "مىساق كۈنى" دەپمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، "مىساق كۈندە بىر بولەك قەۋمنى

كۆردى" («ئۇ» مىساق كۈنى بىر بۆلەك خەلقنى كۆردى)
(«قىسەسۇل ئەنبىيا»، بۈيۈك بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسى نۇسخىسى، 19-بەت،
يۇقىرىدىن 8-قۇر). دېمەك "مىساق كۈنى" دېگەن سۆز "ئەھدە
كۈنى"مەنىسىدىكى ئەرەبچە "يەۋمۇل مىساق" پارسچە "روزىمى-
ساق" ئاتالغۇسىنىڭ ئۆز زامانىسىدا تۈركىي تىلدىكى تولۇق ئاتى-
لىشى بولۇپ سانىلىدۇ.

ئەمدى مۇزكۇر "ئەھدە كۈنى"مەنىسىدىكى ئاتالغۇ "ئەلمى-
ساق" قانداق بولۇپ "ئالەم بىنا بولغان چاغ" ئۇقۇمىدىكى سۆز
بولۇپ قالغان؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۈچۈن ئاشۇ "ئەلمىساق"قا ئائىت
دىنىي رىۋايەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

"...خىتابى ھەزرەتى ئىلاھى (جانابى ئاللادىن خىتاب)
بولدىكى، ئى ئادەم، سەنى كىم ياراتتى؟ ھەزرەتى ئادەم ئەي-
دىلەر: سەن ياراتتىڭ، پەرۋەردىگارىم سەندۇرسەن. خىتابۇ
رەببىلئەرباب (تەربىيىچىلەرنىڭ تەربىيىچىسى — ئاللانىڭ
خىتابى) كېلدىكى، بەندە بولساڭ ماڭا سەجدە قىل دېدى. دەرھال
سەجدە قىلدىلەر. فەقىرلىك يۈزلەرىنى سەجدەلىك تۇفراققە
قويدىلەر. خىتاب كېلدىكى سەندىن ئەھد پەيمانلەر ئالۇرمەن،
تا ئانى بىرلەن (يەنى ئۇنىڭ بىلەن) ئارادەكى دوستلىغ مەھكەم
بولۇپ، ئىشق بائىسى (سەۋەبى) پەيدا بولدى ۋە مەنى بىرلەن
(مېنىڭ بىلەن) فەرزەندلەرىڭنى (پەرزەنتلىرىڭنىڭ) ئاراسىدا
بىر زەۋق شەۋق پەيدا بولسۇن. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالام

بەجانىدىل قەبۇل قىلدىلەر. ھەزرەتى ھەق جەللۇئەلا (ئۇلۇغ ئاللا) قاراسۇق (قاراسىيا)نى كېلتۈرۈپ، پەرمان بولدىكى، بىر ئاق تاش كېلتۈرۈدىلەر ياقۇتتىن ئېردى. ھەزرەتى ئادەمدىن تا نەفھى سۇرغەچە (يەنى ئادەم ئەلەيھسسالامدىن تارتىپ تاكى قىيامەت سۇرنايى چېلىنغىچە) بولادۇرغان ئادەمنى (ئادەملەرنىڭ) روھىنى ھازىر قىلدىلەر.... مىساق كۈنى ئۇشال كۈندۇر (ئەلمىساق ئاشۇ كۈندۇر). بۇ ئەھدنامەنى بىتىب، موھر باسىب، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى (قاراتاشنىڭ) ئاغزىغە قويدىلەر". (قاراڭ: «قىسەسۇل ئەنبىيا»، 1895_يىلى تاشكەنت نەشرى، 80_، 81_ۋە 83_بەتلەر).

بۇ رىۋايەتتە مىساق كۈنى (ئەلمىساق) دە ئادەم ئەلەيھسسالامنىڭ ئاللا بىلەن ئەھد_پەيمان تۈزۈشكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ياراتقۇچىسىغا بەندىلىك قىلىپ سەجدە قىلغانلىقى بايان قىلىنغان بولسا، لىۋانلىق مەشھۇر تارىخشۇناس ئەلى ھەسەنى خەر بۇتەلى ئۆزىنىڭ «بەيتۇللانىڭ تارىخى» ناملىق كىتابىدا، ئاشۇ كۈنى ئادەم ئەلەيھسسالام (ئاللاغا) سەجدە قىلغان جاي ھەققىدە توختىلىپ: "ئادەم ئەلەيھسسالام (ئاللاغا) سەجدە قىلغان جاي ئالەم بىنا قىلىنغان جايدۇر" دەپ يازىدۇ. بۇ جۈملە ئەرەبچىدە "مۇسەللە ئادەم ئەلەيھسسالام (ئادەم ئەلەيھسسالامنىڭ سەجدىگاھى) ۋە ھۇۋا «ئۇ» مەۋزىئۇلخەلۇق (خەلق ئېتىش مەيدانى، يارىتىش جايى)" دېيىلگەن بولسا، خەنزۇچىغا دەل "阿丹礼拜的地方，即开天辟地的地方" مەنىسى بويىچە

دەپ تەرجىمە قىلىنغان («تارىخولكەئىبە»، ئەرەبچە، 183-بەت.

بېيرۇت، 1976-يىل نەشرى).

(《天房史话》，第176页，世界知识出版社1987年出版)

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، تىلىمىزدىكى "ئەلمىساق" ئاتالغۇسى ئىسلامىيەت چۈشەنچىسى بويىچە ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى، ئالەمنىڭ بەرپا قىلىنىشى شەرھلىنىدىغان دىنىي رىۋايەتتىن كەلگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى "ئەھدە كۈنى" يەنى مۇسۇلمانلارمۇ، ناسارالارمۇ، يەھۇدىيلارمۇ ئوخشاشلا ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىسى دەپ قارايدىغان ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى ئوتتۇرىسىدا ئەھدە تۈزۈلگەن كۈن دېگەن بولىدۇ. ئەمدى، ئىسلام دىنى چۈشەنچىسى بويىچە شۇ كۈنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆز ياراتقۇچىسىغا سەجدە قىلغان ئورۇن "ئالەم بىنا بولغان جاي" (开天辟地的地方) دەپ قارالغاچقا، مەزكۇر "ئەھدە كۈنى" (ئەلمىساق)نىڭ ئۆزى تەبىئىي ھالدا "ئالەم بىنا بولغان چاغ (كۈن، ۋاقىت) (开天辟地之时)نى كۆرسىتىدىغان خاس ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

1988-يىل 10-ئاي.

# چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى تۈپكى ئارتۇقچىلىقى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا ۋە گرامماتىكا جەھەتتە قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى بىلەن بىر چاغدا، لېكسىكا جەھەتتە ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدىن نۇرغۇنلىغان سۆز-ئىبارىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆز سوستاۋىنى بېيىتقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

مەلۇمكى، تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ياشىغان رايونلارغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرى ئاساسەن دىگۇدەك ئەرەبچە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇيغۇرلاردىن ئەرەبچە ۋە پارسچە ئوقۇغان قوش تىللىق ۋە كۆپ تىللىق زىيالىيلار كۆپەيدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تالانت ۋە ئىختىساسلىرىنىڭ ئەرەب-پارس زىيالىيلىرىدىن قىلچە قېلىشمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ قويۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۆز ئەسەرلىرىنى بىۋاستە ئەرەبچە ياكى پارسچىمۇ يازىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرچاغدا، ئۇيغۇرلاردىن خېلى بۇرۇنلا ئىسلام دىنىغا كىرگەن پارسلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى ئىزىغا چۈشكەن ھەمدە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن خېلىلا روناق تاپقان ئەدەبىياتىنىڭ

ئەسرى كۈنسايىن كۈچەيدى. مۇشۇنداق شەرت-شارائىت ۋە زامانىنىڭ تەقەززاسى ئارقىسىدا، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام دىنىغا خاس ئۇقۇملارنى تۈرك-ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەش يۈزىسىدىن نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەر قوبۇل قىلىندى.

دەرۋەقە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە قوبۇل قىلىنغان ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەرنىڭ سانى ۋە سالمىقى ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر چېگرىسىدىن خېلىلا ھالقىپ كېتىپ، تەدرىجىي ھالدا تۈرك-ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمدىن قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بەزى ئاتالغۇلارنى ئىستېمالدىن قالدۇرۇۋەتكەن ئەھۋاللارمۇ بولغان. بىراق، بىز ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ھامان قىسمەنلىكنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى، ئەرەب-پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىدا ئەسلىدىن بار بولغان ئاتالغۇلار بىلەن تەڭ قىسمەتتە قوللىنىلغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل سۆزلەملەر ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، مەيلى فونېتىكا جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئۇقتۇرىدىغان مەنىسى جەھەتتىن بولسۇن ئۇيغۇرچىغا ئۆزلىشىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندى ئاساسىي گەۋدە بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، سۆزلەمگە باي بولۇش چاغا-

تاي ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ تۈپكى ئارتۇقچىلىقى. قەدىمكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مۇددىئاسىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىۋاتقان ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بۇ نۇقتىنى توغرا تونۇش رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى تۈپكى ئارتۇقچىلىقىنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تەرەپتىن كونكرېت شەرھلەش مۇمكىن.

بىرىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، تەڭ مەنە ۋە تەڭ قىممەتتە ئىشلىتىلىدىغان مەنىداش سۆزلەر ناھايىتى نۇرغۇن. مەسىلەن: كۆك = فەلەك = ئاسمان = ئەرش = ساما = چەرخ = گەردۇن = سىپەھر (جەمئىي سەككىز سۆز)

كۈن = قۇياش = شەمس = ئافتاب = خۇرشىد = مېھر (جەمئىي ئالتە سۆز)

ئاي = قەمەر = ماھ = ھىلال = بەدر (جەمئىي بەش سۆز)

تىل = زەبان = لۇغەت = لىسان = لەفز (جەمئىي بەش سۆز)

ئەقىل = ئىدراك = ھوش = فەھم = خىرەد (جەمئىي بەش سۆز)

مۇنداقلا قارىماققا يۇقىرىدىكى تەڭ مەنىلىك سۆزلەر سان جەھەتتىن بەك جىقتەك كۆرۈنىدۇ. بۇ ئەھۋالغا نىسبەتەن، بۇرۇن بىزدىمۇ "بۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى بىر خىل غەيرىي نورمال ئەھۋال" دەيدىغان مۇجمەل قاراش بولغان. ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل

قاراشنىڭ ناتوغرىلىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز. چۈنكى، ھەرقانداق بىر تىل ئامىلىدىن يەكۈن چىقارغان چاغدا، سۇبيېكتىپ تونۇشنى ئەمەس، بەلكى مەزكۇر تىلنى ئىشلەتكۈچى خەلقنىڭ شۇ تىل ئامىلىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشىمىز دۇرۇسراق بولۇشى مۇمكىن. ئالايلۇق، "ئاسمان" دېگەن سۆز بىلەن تەڭ مەنىدىكى سەككىز ئاتالغۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىز تەرىپىدىن ئالتە-يەتتە ئەسىرلىك ئۇزاق زامانلار جەريانىدا ئىستېمال قىلىنىپ، پەقەت "سپەھر" دېگەن بىر ئىبارىلا شاللاپ چىقىرىۋېتىلگەن. "چەرخ" سۆزى تەدرىجىي ھالدا "چاق" ("ئا" تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش)قا ئۆزگىرىپ كەتكەن. قالغان بەش ئاتالغۇ بولسا پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىنغان. بۇ سۆزلەر تاكى ھازىرغىچە ئەدەبىي ۋە جانلىق تىللىرىمىزدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن: ئاسمان جىسىملىرى؛ كۆك بىلەن بويى تالىشىپ تۇرغان بىنالار؛ پەلەككە يەتكەن غەيرەت؛ دۇلدۇل يۇرەر سامادا يېگانە كېزىپ؛ ئەرشنىلا (يۈكسەك ئاسمان)غا چىقىپ كەتمەك، گەردۇن چىنە (چوڭ چىنە) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

"كۈن" مەنىسىدىكى ئالتە سۆزنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىشىپ، تا ھازىرغىچە ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن، كۈن چىقتى = قۇياش كۆتۈرۈلدى = ئاپتاپ چىقتى، دېگەن سۆزلەر ئوخشاش مەنە، ئوخشاش قىممەتتە ئاقىدۇ. "خۇرشىد، مېھر، شەمس" دېگەن ئىبارىلەرنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز چۈشەنگەنلىكى

ئۈچۈنلا ئۆز باللىرىغا ئىسىم قىلىپ قويغان. مەسىلەن، خۇرشىدە (قۇياش،) مېھرىنىسا (كۈن، نۇر قىز) شەمشىنۇر (نۇرلۇق قۇياش) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

"ئاي" مەنىسىدىكى بەش سۆزمۇ تولۇق قوبۇل قىلىنغان. ھازىرمۇ "ئاي" بىلەن مەنىداش بولغان "ھىلال، قەمەر، ماھ، بەدر" سۆزلىرى ئىسىملاردا، ھىلالىدىن (دىنىنىڭ يېڭى چىققان ئېيى) قەمەرنىسا (ئاي قىز)، ماھىنۇر (نۇرلۇق ئاي)، بەدرىدىن (دىنىنىڭ تولۇن ئېيى) قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە.

"تىل" مەنىسىدىكى بەش ئىبارىنىڭ ھەممىسى تاھازىرغىچە تىرىك. مەسىلەن، لۇغەت تەركىبى، لۇغەت فوندى؛ لىسان ئۇقمايدىغان ئادەم (غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم — شېۋىلەردە)؛ زۇۋان سۇرمەك (گەپ قىلماق)؛ "لەفز" سۆزى "لەۋز"گە ئۆزگىرىپ "گەپ، ۋەدە" مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، لەۋزىدە تۇرماق. ئۇندىن باشقا قەشقەردە "لەفز" سۆزى "لەپىز" قىلىنىپ، "سۆز، تىل، تەلەپپۇز" مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، قۇرئان سۆزلىرىنى تەكەللۇمىسىنى كەلتۈرۈپ، مۇڭلۇق، تەسىرلىك قىرائەت قىلىدىغان ئادەم "لەپىزى ئىسسىق قارىي" دەپ تەرىپلىنىدۇ.

"ئەقىل" مەنىسىدىكى بەش سۆزلەمنىڭ "نىرەد"تىن باشقىسى ھازىرقى تىلىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئەقلى بار=ھوشى بار=پەمى بار، ئەقىل-ئىدراك دېگەنلەرگە ئوخشاش.

دېمەك، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، بىر مەنىنى ئۇقتۇرىدىغان بەش ئالتە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىبارە تەڭ قىممەتتە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، كۆپ ئەسىرلىك تىل ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك روللىرىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. شۇنداق ئىكەن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى مەنىداش سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكى غەيرىي نورمال ئەھۋال ئەمەس، ئەكسىچە تىل ماتېرىياللىرى جەھەتتىكى بايلىق، لۇغەت فوندىدىكى پاراۋانلىق دەپ ھېسابقا ئېلىنىشى كېرەك.

ئىككىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەر تولىمۇ مول. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسى ھەقىقەتەنمۇ كۆپ. بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كېلىپ، ھازىرمۇ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان بىرنەچچە سۆزلەمنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى مەنىلىرى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى لۇغەت مەنىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، "ئىززەت، رەقىب، غەيرەت، ساۋات" دېگەن تۆت سۆزنى ئالساق، بۇلار شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982-يىلى نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەتنىڭ 161-، 399-، ۋە 642-بەتلىرىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇنداق ئىزاھلانغان:

ئىززەت: ①尊敬，敬意②荣誉，名誉。

رەقىب: ① 竞争者，对手，敌手，对头，冤家。

② 热可甫（男名）

ساۋات: 识字、文化、常识、知识。

غەيرەت: 劲头、干劲、毅力。

دېمەك، يۇقىرىقىلار "ئىززەت، رەقىب، ساۋات، غەيرەت" سۆزلىرىنىڭ ھازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدا ئىپقۇاتقان مەنە-لىرىدىن ئىبارەت. ئەمدى، بىز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ سۆزلەرنىڭ ھازىرقى ئىستېمالدىن قېلىپ قالغان يەنە كۆپ خىل لۇغەت مەنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن:

ئىززەت: شىددەت، قاتتىقلىق؛ ئۇلۇغ، ھەيۋەتلىك؛ جاپا.

رەقىب: كۆزەتكۈچى، تەكشۈرگۈچى، ئۆلچىگۈچى؛ جىسەكچى، ساقچى، پاسىۋان.

سەۋاد: قارا، قارارەڭ، قاراڭغۇلۇق؛ كۆپچىلىك؛ ئەتراپ، چۆرە، مۇھىت؛ ئورىگىنال، كۆچۈرمە نۇسخا.

غەيرەت: قىزغىنلىق؛ غۇرۇر، ئىپتىخار؛ ساداقەت؛ ئادىللىق؛ قىزغىنىش، كۆرەلمەسلىك، ھەسەت، رەشك.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش يالغۇز مەزكۇر تىلنى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كلاسسىك ئەسەرلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز-ئىبارىلەرنى ئىگىلەشتە،

ئۇلارنىڭ ھازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدىكى مەنىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالساق، ئۇ ھالدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرنى توغرا چۈشىنەلمەي قالىمىز-دە، كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدىكى يەشمىسىنى بېرىشتە ئاسانلا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىمىز. ئەڭ مۇھىمى ئەگەر كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىكى سۆز-ئىبارىلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى توغرا شەرھلەنمىسە، شەرھلەنگۈچى كلاسسىك ئەسەرنىڭ ئەسلى مەزمۇنىغا ۋە بەدىئىي روخسارىغا بەلگىلىك نۇقسان يېتىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئالايلۇق:

خارلىق ھەددىن ئاشۇرماڭ، چۈنكى ئىززەت يولدادۇر،
ئاتىڭىز نەئلىندە بىزنى خاكى راھ ئەيلەب ئۆتۈڭ.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن كىتابنىڭ 242-بېتىدە مەزكۇر بېيىتنىڭ يېشمى مۇنداق بېرىلگەن:

خارلىقنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار، چۈنكى ئىززەتمۇ يولىدا بولۇشى كېرەك.

ئېتىڭىزنىڭ ئايىغى ئاستىدا بىزنى يول توپىسىغا ئايلاندۇرۇپ ئۆتۈڭلار.

بىز بۇ بېيىتنىڭ يېشمىنى تۆۋەندىكىدەك بەرگەندە، ئاندىن توغرا بولارمىكىن دەپ قارايمىز:

خارلىقنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەڭ، چۈنكى قاتتىقلىق (دېگەنمۇ) يولىدىراق بولغىنى ياخشى.

مېنى (ھېچ بولمىسا) ئېتىڭىزنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى يول

توپسىچىلىك كۆرۈپ ئۆتتۇق.

"ئىززەت" سۆزىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، "قاتتىقلىق، قاتتىقچىلىق، جاپا" مەنىلىرىدە ئىشلىتىلگەنلىكىگە باشقا ئەسەر- لەردىنمۇ مىسال كۆرسىتىش مۇمكىن:

ئۆمرى ئىچىدە كۆرمەسە ئول ئىززە-كۆلفەتنى،
ئاچ گەدانىڭ ئالدىدا ئول ئولسا مۇھتەرەم.

يۇقىرىقى كىتاب، 566-بەت.

خۇددى "تەربىيە" سۆزى "تەربىيەت" سۆزىنىڭ ۋارىيانتى بولغىنىدەك، بۇ بېيىتتىكى "ئىززە" سۆزىمۇ "ئىززەت" سۆزىنىڭ ۋارىيانتىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى، بۇ يەردە "كۆلپەت" بىلەن جۈپ سۆز بولۇپ كەلگەن "ئىززەت"نىڭ يېشىمىنى مۇنداق بېرىمىز:

ئۆمرىدە جاپا-مۇشەققەت تارتمىسا،
ئاچ گادايلارنىڭ ئالدىدا ئۇ ھۆرمەتلىك كىشى بولسا.

يەنە مەسىلەن:

تىشلەر رەقىبىڭ بارسام ئىشىكىڭگە گەدا تېپ،
ئىتلىكنى مەگەر قىلدى ئول ئۆزىنە قەبالە.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن كىتابنىڭ 203-بېتىدە مەزكۇر بېيىتنىڭ يېشىمى مۇنداق بېرىلگەن:

ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا بارسام، رەقىبلىرىڭ مېنى گاداي دەپ تالايدۇ، ئۇلار ئىتلىقنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىۋالغان.

يۇقىرىدا بىز "رەقىب" سۆزىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى-

دىكى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى لۇغەت مەنىلىرىنى كۆرسەتـ-
تۇق. روشەنكى ئىزاھلىغۇچىنىڭ بۇ يەردە "رەقىب" سۆزىنى
ئىشلىتىشى جايىدا بولمىغان، قوشۇپ قويۇلغان "لار" قوشۇمچە-
سىنىڭمۇ قىلچە ئاساسى يوق. بىزنىڭچە مەزكۇر بېيىتنىڭ يېشمى
مۇنداق بولۇشى مۇمكىن:

ئىشكىڭنىڭ ئالدىغا بارسام، ئىشىك باقارىڭ مېنى گاداي
دەپ تالايدۇ، ئۇ ئىتىلىقنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان ئوخشايدۇ.

يەنە مەسىلەن:

يەنە شۇ كىتابنىڭ 382 - بېتىدىن باشلاپ بېرىلگەن زەلىلى-
نىڭ «مۇخەممەس»ىنىڭ 5 - كۇپلېتىدا مۇنداق مىسرالار بار:

دەبىرستان دەردىڭدە بىرۇر دەرسى مۇھەببەتتىن،
بىغەير ئەز داغ ھاسىل بولمادى كۆڭلۇمدە ھەسرەتتىن.
گىرىبان تابدامەن چاك ئېتەرمەن بەسكى غەيرەتتىن،
. . . . . . . . . . . .

بۇمىسرانىڭ يېشمى 385 - بەتتە تۆۋەندىكىچە بېرىلگەن:

مەكتەپ سېنىڭ دەردىڭدە مۇھەببەتتىن دەرس بېرىدۇ،
كۆڭلۇمدە ھەسرەتتىن بۆلەك ھېچقانداق داغ - ئەلەم يوق.
كۈچ - غەيرەتكە كېلىپ ياقامنى تارتىشلاپ يىرتىۋەتتىم.
. . . . . . . . . . . .

بۇ يەردىكى "غەيرەت" سۆزىنىڭ مەنىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
تىلىدىكى "غەيرەتكە كېلىپ، كۈچىنىپ ئىشلەپ"تىكى "غەيرەت"
بويىچە بېرىلىپ قالغىنى توغرا بولمىغان. چۈنكى، كونتېكستتا "يار"

نىڭ گۈزەللىكى ھەممە يەرگە داڭ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ مۇھەب-
بىتىگە نائىل بولالىمىغان "مەن"نىڭ بولسا، زادىلا چىداپ
تۇرالمايۋاتقانلىقى ناھايىتى چۇشىنىشلىك تەسۋىرلەنگەن بولۇپ،
بۇ يەردىكى "غەيرەت" سۆزى "رەشك"مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.
شۇڭا يۇقىرىدىكى مىسرالارنىڭ يېشىمى مۇنداق بولسا توغرا
بولار:

مەكتەپ سېنىڭ دەردىڭدىن مۇھەببەت دەرسى ئۆتتۈۋاتىدۇ.
كۆڭلۈمدە ھەسرەت دېغىدىن بۆلەك ھېچقانداق نەرسە يوق،
رەشكتىن ياقامنى يىرتىۋەتكىدەك بولۇۋاتىمەن.

. . . . . . . . . . . . .

"غەيرەت"سۆزىنىڭ "قىزغىنىش، رەشك"مەنىسىنى بىلدۈرگەن-
لىكىغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەردە مىساللار ئاز
ئەمەس. مەسىلەن:

«ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق بىر مۇقام ھەم بۇ مەلىكەنىڭ
ئىختىرا ئاتلارى ئېردى، سۇلتان كەمالى غەيرەت يۈزىدىن ئۆز
ئاتىغە نىسبەت بەرىپ مۇغەننىلەرغە ئۆرگەتتىلەر.

«تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»، قول يازما، 37 — 38-بەتلەر.

«ئىشرەت ئەنگىز» «شادلىق قوزغىغۇچى» ناملىق بىر مۇقام-
نىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى. كۈچلۈك. رەشك يۈزىسىدىن
سۇلتان (ئابدۇررەشىدخان) بۇنى ئۆز نامىدا قىلىۋالغان ۋە شۇ
بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگىتىلگەن.

يۇقىرىقى ئەسەر، يېشىم قىسمى، 67-بەت.

يۇقىرىدا، زۆرۈرىيەت بولۇپ، بۇ چاغقىچە ئېلان قىلىنغان
چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ يېشىمدىكى ئۇقۇش-
لاردىن بىر-ئىككى نەمۇنە كۆرسەتتۇق. غەرىزىمىز ھەرگىزمۇ
قەستەن قۇسۇر تېپىش ئەمەس، بەلكى يولداشلارنىڭ ئەستاي-
دىللىراق بولۇشىنى تىلەشتىن ئىبارەت.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىسلام دىنى
ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى شارائىتىدىكى تەرەققىياتى بولۇش سۈپىتى
بىلەن، پۈتكۈل تىل-يېزىق تارىخىمىزدا ئىشلىتىلگەن ۋاقتى
بىرقەدەر ئۇزۇن بولغان تىل بولۇپلا قالماي بەلكى يەنە لۇغەت
فوندىغىمۇ نىسبەتەن باي تىل ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ دەۋرد-
مىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن كلاسسىك ئەسەرلىرىمىز ئىچىدە مەزكۇر
تىل بىلەن يېزىلغانلىرى مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ.
كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېرى شۇكى، نۆۋەتتە كلاسسىك
ئەسەرلىرىمىزنى ئومۇميۈزلۈك رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشى
رەسمىي كۈن تەرتىپكە قويۇلۇپ، خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇل-
ماقتا. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي
ئالاھىدىلىكى، شۇ جۈملىدىن ئۇنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى ئارتۇق-
چىلىقى ھەققىدىمۇ ئېنىق ۋە يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولۇشنى
تەۋسىيە قىلىشنىڭ رەتلەپ ۋە ئىزاھلاپ ئېلان قىلىنغۇسى
كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ سۈپەت كاپالىتىگە ئاز-تولا ياردىمى
بولار دەپ قارايمىز.

1987-يىل 4-ئاي.

# "ئوقەت" سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەنىسى ھەققىدە

تىلىمىزدىكى "ئوقەت" سۆزى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982-يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەت»دە مۇنداق ئىزاھلانغان:

okət: ①生意，买卖；M· ɵkət kilmak 作生意。

②营生、M· okət tapmak 找营生

③东西 M· bu kandak okət 这是什么东西

يۇقىرىقىلار "ئوقەت" سۆزىنىڭ ئۆلچەملىك تىلىمىز تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ لۇغەتكە ئېلىنغان، شۇنداقلا، ئورتاق ئەدەبىي تىلىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان مەنىلىرىدىن ئىبارەت. بىراق، بىز جانلىق تىلغا چوڭقۇر چۆكىدىغان بولساق، بەزى شىۋىلەردە مەزكۇر سۆزنىڭ يۇقىرىقى لۇغەتتە كۆرسىتىلگەن "تىجارەت، ئېلىپ-ساتارچىلىق، سودا، نەرسە" دېگەن مەنىلىرىدىن باشقىچە مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، قەشقەر رايونىدا ھېچقانداق بىر ئېلىپ-ساتارلىق بىلەن شۇغۇللانمايدىغان قارا دېھقانلارمۇ ئۆزئارا ئەھۋال سوراشقاندا، "سىلىنىڭ ھالى ئوقەتلىرى قانداق؟" "مېنىڭ ھالى ئوقىتىم خېلى

ياخشىلىنىپ قالدى" دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىدۇ. "ھالى ئۇقەت" سۆزى جانلىق تىل شارائىتىدا بەزىدە "ھال ئۇقەت" قىلىپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىراق، ئۇ جۈپ سۆز ئەمەس، بەلكى چاغاتايچە ئىزافەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر "ھالى ئۇقەت" سۆزىنى ھازىرقى تىل قائىدىمىز بويىچە توغرىلاپ ئېيتساق "ئۇقەت ھال، ئۇقەتنىڭ ھالى" بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، بۇ يەردىكى "ئۇقەت"نىڭ مەنىسى زادى نېمە؟ بۇنى بىلىش ئۈچۈن مەزكۇر سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىزدىنىشىمىزچە، ھازىرقى تىلىمىزدىكى "ئۇقەت" سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئەۋقات" سۆزىدىن كەلگەن. خۇددى چاغاتايچىدىكى "سەۋدا" (تىجارەت) سۆزى زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ بۈگۈنكى "سودا" [so:da] بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش، "ئەۋقات" ئاتالغۇسىنىڭ تەلەپپۇزىدىمۇ تاۋۇش ئۆزگىرىشى بولۇپ ھازىرقى "ئۇقەت" بولۇپ قالغان. مەزكۇر "ئەۋقات" سۆزى چاغاتايچىدا "ۋەقت" (ۋاقىت) نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، كۆپىنچە "ۋاقىتلار، چاغلار، مەزگىللەر" مەنىسىدە، بەزىدە بولسا، گەرچە ئۆزى كۆپلۈك شەكىل بولسىمۇ يەنىلا بىرلىك شەكىل ئورنىدا "ۋاقىت، چاغ، مەزگىل" مەنىسىدە ئىشلە-تىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئەۋقاتدا كۆپ غەرايىب ۋاقىئە ھادىس دوركى، ئول ۋاقىئە بىر ئۇ ھۆسن ۋە نازىن يا ئۆز ئىشق ۋە نىيازىن شەرھ ئېتەرگە

بائس بولۇر. (بۇ مەزگىللەردە، يا بىر گۈزەلنىڭ ھۆسن-نازىنى ياكى ئۆزىنىڭ ئىشق-ئىلتىجاسىنى ئىزاھلاشقا سەۋەب بولىدىغان ئاجايىپ ۋەقەلەر كۆپ يۈز بېرىدۇ.)

ئەلىشىر ناۋايى: «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»دىن.

نىھايەتدىن ئېرۇر كۆپ ئاندا ئافات،
ۋەلى بۇكىم ئەيان بولدى بۇ ئەۋقات.
مەھىن بانۇ بىلە خسراۋ ياراشتى،
خۇسۇسىيەت ئارادا ھەددىدىن ئاشتى.

(ئۇ يەردە بالايىئاپەت ناھايىتى كۆپ ئىدى. لېكىن بۇ چاغدا، مۇنداق بىر ئەھۋال ئايان بولدى: مەھىنبانۇ بىلەن خسراۋ ياراشتى، ئىككىسىنىڭ يېقىنچىلىقى ھەددىدىن ئاشتى)

ئەلىشىر ناۋايى: «چاھار دىۋان»، قول يازما، 251-بەت.

بىز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما ئەسەرلەردە، "ئەۋقات" سۆزىنىڭ "تىجارەت، سودا-سېتىق، نەرسە"مەنىلىرىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى زادىلا ئۇچراتمىدۇق.

خوش، ئۇنداق بولسا، "ئەۋقات"دىن ئۆزگەرگەن "ئوقەت" سۆزى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قانداق بولۇپ، ئاساسەن "تىجارەت، ئېلىپ-ساتارچىلىق" مەنىسىدىكى ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قالغان؟

بىزنىڭچە، "ئەۋقات"سۆزى چاغاتايچىغا ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئاتالغۇ بولغاچقا، ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، تاۋۇش ئۆزگىرىشى قىلىپ، "ئوقەت" بولۇپ قالغانلىقى ئوبىيېك-

تىپ تىل قانۇنىيتىگە ئۇيغۇن ئىش. بىراق، بىر چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇ، ئۇ قوبۇل قىلىنغانلا ئىكەن، باشتا، ھەدېگەندىلا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئاساسلىق مەنىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى بىلەن قىلچىمۇ ئالاقىسى بولمىغان يېڭى مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

مۇشۇ خىل قاراش ئاساسىدا ئېلىپ بارغان چەكلىك تەكشۈرۈشىمىزدىن مەلۇم بولدىكى، "ئوقەت" سۆزى ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىمۇ دەسلەپتە "ۋاقىتلار، چاغلار" مەنىسىدە، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتتە "ۋاقىتلار، چاغلار" مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان "كۈن" سۆزى ئورنىدا قوللىنىلغان. ھازىرمۇ "ھالى ئوقەت" سۆزىنى ئىشلىتىدىغان جايلاردىكى خەلقنىڭ مەزكۇر سۆزنى ھامان "ھالى كۈن" ئاتالغۇسى بىلەن پاراللېل تەڭ قىممەتتە ئىشلىتىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھازىرقى تىلىمىزدىكى "ھالى كۈن" سۆزىمۇ جانلىق تىل شارائىتىدا، كۆپىنچە "ھال كۈن" تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىراق، ئۇ جۈپ سۆز ئەمەس. بەلكى "ھالى ئوقەت" ئاتالغۇسىغا ئوخشاشلا چاغاتايچە ئىزافەت بولۇپ، مەنىسى "كۈنلۈك ھال، كۈندىلىك ئەھۋال" دېگەن بولىدۇ. "ھالى ئوقەت" سۆزىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىدىغان جايلاردىكى كىشىلەر غەيرىي تىجارەتچىلەر ئۈستىدە، بىراۋنىڭ "ھالى ئوقىتى ياخشى بولدى" دېگەنلىرىدە، شۇ كىشىنىڭ "ھالى كۈنى ياخشى بولدى" دېگەن ئۇقۇمىنى

بىرىدۇ-دە، بۇ يەردىكى "ئۇقەت" سۆزى "كۈن" دىگەن بولىدۇ. مانا بۇ "ئۇقەت" سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىدۇر.

بىراق هازىرقى ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ "هالى كۈن"نى "هالى ئۇقەت" سۆزى بىلەن ئىپادىلەيدىغان غەيرىي تىجارەتچىلەر پەقەت قىسمەنلىكنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە، "هالى ئۇقەت" سۆزى مەخسۇس تىجارەتچىلەر-نىڭ، ئىلىپساتارلارنىڭ "كۈندىلىك ئەھۋال"نى بىلىش ياكى بىلدۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ هال ئۆز ۋاقتىدا پاراللېل تەڭ قىممەتتە ئىشلىتىلگەن "هالى ئۇقەت" بىلەن "هالى كۈن" سۆز-لىرىنىڭ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا "دۇكان ئايرىپ"، بىرسىنىڭ (هالى كۈن) ئومۇمەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ "كۈندىلىك هال"نى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ خىزمەت قىلغان بولسا، يەنە بىرسىنىڭ (هالى ئۇقەت) مەخسۇسلا تىجارەتچىلەرنىڭ "كۈندىلىك هال"نى بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

"ئۇقەت" سۆزىنىڭ "تىجارەت" مەنىسىدىكى ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قىلىش جەريانىنى بىلىش ئۈچۈن يەنە مەزكۇر "ئۇقەت" سۆزىد-دىن ياسالغان "ئۇقەتچىلىك"، "ئۇقەتچى" ئاتالغۇلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز مۇمكىن.

مەلۇمكى، جانلىق تىلىمىزدا "جاهاندارچىلىق"، "جاهان-دارچى" دەيدىغان سۆزلەر بار. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئايرىم-ئايرىم هالدا "كۈن ئۆتكۈزۈش"، "كۈن ئۆتكۈزگۈچى" بولىدۇ.

مەزكۇر "جاھاندارچىلىق" "جاھاندارچى" سۆزلىرى قەشقەر يوپۇرغا رايونىدا ئېنىق قىلىپ "كۇندارچىلىق"، "كۇندارچى" دەپ ئىشلىتىلىدۇ.

بىرىنچىدىن، ئەينى زاماندا "ئوقەتچىلىك" سۆزى "كۇندارچىلىق // جاھاندارچىلىق" سۆزى بىلەن، "ئوقەتچى" ئاتالغۇسى بولسا "كۇندارچى // جاھاندارچى" ئاتالغۇسى بىلەن پاراللېل، تەڭ قىممەتتە ئىشلىتىلگەن. كېيىنچە، خۇددى "ھالى ئوقەت" سۆزى بىلەن "ھالى كۈن" ئاتالغۇسىغا ئوخشاشلا، بىلدۈرىدىغان ئۇقۇم دائىرىسى بويىچە "دۇكان ئايرىشىپ" غەيرىي تىجارەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ئېتىدال كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئادەم "كۇندارچى // جاھاندارچى"، ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكى "كۇندارچىلىق // جاھاندارچىلىق" دەپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان ئادەم "ئوقەتچى". ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكى "ئوقەتچىلىك" دەپ ئاتالغان. تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەسكى مۇئەييەن سودا ـ سېتىق، تىجارەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان "كۇندارچى // جاھاندارچى" ئادەم "ئوقەتچى" ئاتالغاندىن كېيىنلا، مەزكۇر "ئوقەتچى" شۇغۇللىنىدىغان تىجارەت پائالىيىتىنىڭ ئۆزى تەبىئىي ھالدا "ئوقەت" ئاتىلىپ قالغان. مانا شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدا "ئېلىپساتارچىلىق" ئاتالغۇسىغا مەنىداش بولغان "ئوقەت" سۆزى بارلىققا كەلگەن.

ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا، "ئوقەتچىلىك" ئاتالغۇسى ئۆز ۋاقتىدا، بۇخارادىن، باغداتتىن مال يۆتكەپ قىلىنىدىغان

كاتتا تىجارەتنى ئەمەس، بەلكى ئۇششاق ئىلىپساتارچىلىق، پارچە-پۇرات سودا-سېتىقچىلىقنى كۆرسىتىدىكەن. "ئوقەتچى" سۆزى بولسا، مۇناسىپ ھالدا، ئەتىگەندىن كەچكىچە سودا قىلىسمۇ، نەتىجىدە، "سۇنىڭ سۇغا كەتتى، قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇلى" بولىدىغان تۆۋەن تاپاۋەتلىك، دەسمايىسىنى تىرىلدۇرۇپ-تىرىلدۇرەلمەي دېگۈدەك يۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەرنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ ھال ئۆز ۋاقتىدا، "ئوقەتچىلىك" بىلەن "كونىدارچىلىق"نىڭ "ئوقەتچى" بىلەن "كونىدارچى"نىڭ ئەمەلىيەتتە مەنىداش سۆز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

دەرۋەقە، ھازىر نەچچە ئون مىڭ يەن، ھەتتا نەچچە يۈزمىڭ يەنگە كۆچى يېتىدىغان، غەربىي دىيار بىلەن شاڭخەي، گۇاڭجۇلار ئارىلىقىدا ئايروپىلان بىلەن بابكارنىڭ موكىسىدەك قاتناپ يۇرۇيدىغان چوڭ سودىگەرلەرمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن "ئوقەتچى" ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىلىدىغان بولۇۋاتىدۇ. "ئوقەت" سۆزى يەنە "ئىش، پائالىيەت، ھۈنەر-كەسىپ، تاماق (غىزا)" قاتارلىق مەنىلەردىمۇ قوللىنىلماقتا. مەسىلەن، "يېقىندىن بۇيان نېمە ئىش-ئوقەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يۇرۇيسەن"؛ "ئازراق ئوقەتلىنىۋالايلى" (ئازراق بىر نەرسە يېۋالايلى) دېگەندەك گەپ-لەرنىمۇ ئاڭلايمىز. بۇ ھال "ئوقەت" سۆزىنىڭ مەنە دائىرىسىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

1988-يىل 1-ئاي.

# تىلىمىزدىكى "مازار" ۋە "مازار-ماشايىخ" ئاتالغۇلىرى ھەققىدە

## 1. "مازار"

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982-يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەت»نىڭ 241-بېتىدە "مازار" سۆزى خەنزۇچىغا "坟" دەپلا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ تەرجىمە كىشىگە "مازار" سۆزىنىڭ پەقەت ئاشۇ "坟" (قەبرە، تۇپراق) دېگەن مەنىسىلا بار ئىكەن دېگەن چۈشەنچىنى بېرىدۇ.

بىراق، بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىل ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ قارايدىغان بولساق، مەزكۇر "مازار" سۆزىنىڭ "قەبرە، تۇپراق" مەنىسىدىن باشقا، "مۇقەددەس ئادەم، ئەۋلىيا" قاتارلىق مەنىلەرنىمۇ ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئالايلۇق، بەزى جايلارنىڭ (خۇسۇسەن قەشقەر رايونىنىڭ) خەلق تىلىدا، "سەن بىر گەپ قىلغىلى بولمايدىغان مازامىتىڭ (مازارمىدىڭ)"، "ھەرقانچە بىر مازا (مازار) بولۇپ كەتسەڭمۇ قورقمايمەن سەندىن" دېگەن سۆزلەر بار. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، بۇ سۆزلەر ھامان "سەن بىر گەپ

قىلغىلى بولمايدىغان ئەۋلىيامىتىڭ (ئەۋلىيامىدىڭ)»، «ھەر-قانچە بىر ئەۋلىيا بولسائىمۇ (ئەۋلىيا بولۇپ كەتسەڭمۇ) قورقمايمەن سەندىن» دېگەن گەپلەر بىلەن پاراللېل ئىشلىتىلىپ، «مازار» سۆزى ئەمەلىيەتتە «ئەۋلىيا» سۆزى بىلەن تەڭ قىممەتتە يۈرىدۇ. بۇ ھال بىزدىن «مازار» سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ كلاسسىك ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەپ كەلگەن مەنىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

«مازار» ئەسلىدە پارسچە ئاتالغۇ بولۇپ، پارس تىلىدا «قەبرە، تۇپراق» مەنىسىدىن باشقا، «مۇقەددەس ماكان» مەنىسىنىمۇ ئاڭلىتىدۇ («پارسچە-خەنزۇچە لۇغەت» 2177-بەت سودا نەشرىياتىنىڭ 1981-يىل نەشرى). چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ سۆز پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىمۇ ئومۇمىي قىلىپ ئىيتقاندا، خۇددى پارس تىلىدىكىگە ئوخشاشلا ھەم «قەبرە، تۇپراق» مەنىسىدە، ھەم «مۇقەددەس جاي» (圣地) مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن (غۇلام غوپۇرى، مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى، غوجى ئەخمەت يۇنۇسلار تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، 646-بەت). ئەپسۇسكى، بىزدە مەزكۇر «مازار» سۆزىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «قەبرە، تۇپراق» مەنىسىدىن بولەك، «مۇقەددەس جاي» مەنىسىنىمۇ بارلىقى ئەستىن چىقىرىپ قويۇلغاچ، بۇ چاغقىچە ئىزاھلانغان چاغاتايچە ئەسەرلەرنىڭ يېشىمىدە بەزى جىددىي

خاتالىقلارغىمۇ يول قويۇلۇپ كەلدى. ئالايلۇق:

مەزرەئى لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشق ئەلىنىڭ قىبلەگاھىدۇر مەزارى كاشغەر.

بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر كلاسسىك شائىرى گۇمنام يازغان «كاشغەر» رادىفلىق غەزەلىنىڭ باش بېيىتى بولۇپ، بۇنىڭ يېشمى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتابنىڭ 521 ـ بېتىدە مۇنداق بېرىلگەن:

قەشقەر ـ تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى تېرىلغان جايدۇر،
ئۇنىڭ مازارى ئاشىقلارنىڭ قىبلىگاھىدۇر.

مېنىڭچە، بۇ يەردە مۇنداق ئىككى خىل خاتالىق سادىر قىلىنغان: بىرى، "مەزارى كاشغەر" سۆزى چاغاتايچە ئىزافەت سۆز دەپ قارالغان؛ يەنە بىرى، "مەزار" سۆزىنىڭ بۇ يەردە "مۇقەددەس ماكان" مەنىسىنى بىردىغانلىقى ئەستىن چىقىرىپ قويۇلغان.

مەلۇمكى، چاغاتايچە "ئى" بىلەن باغلىنىپ كەلگەن، گراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ھازىرقى تىل ئادىتىمىزنىڭ دەل ئەكسىچە بولغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىزافەت (تەڭسىز بىرىكمە) بولىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، شاھى ئاباس، شەھرى كاشغەر دېگەنلەرگە ئوخشاش. مەشھۇر «غېرىب ـ سەنەم» داستانىدىكى "شاھى ئابباس" سۆزىنى تىل ئادىتىمىز بويىچە "ئابباس شاھ" دەيمىز. خۇددى "ئابباس شاھ" تىكى "ئابباس" بىلەن "شاھ" سۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق

بىر ئېنىقلاش ـ ئېنىقلىنىش، بېقىنىش ـ بېقىندۇرۇش مۇناسىۋەتى بولمىغىنىغا ئوخشاش "شاھى ئابباس"تىكى ئىككى سۆزلەم ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىزافەتلىك مۇناسىۋەت يوق. مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە، يۇقىرىقى بېيىتتىكى "دىيارى كاشغەر" سۆزى يېشىمدە "قەشقەر" دەپلا توغرا ئېلىنغان بولسىمۇ، "مەزارى كاشغەر" سۆزى "ئۇنىڭ (قەشقەرنىڭ) مازارى" دەپ پۈتۈنلەي خاتا قىلىپ قويۇلغان. مېنىڭچە، بۇ يەردىكى "مەزارى كاشغەر" خۇددى 1 ـ مىسرادىكى "دىيارى كاشغەر"گە ئوخشاشلا تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى سۆز. شۇڭلاشقا، خۇددى "دىيارى كاشغەر"گە "قەشقەر دىيارى" يەنى "قەشقەردىن ئىبارەت بۇ دىيار" دېگەن مەنىدە "قەشقەر" دەپلا يېشىم بەرگەندەك، "مازارى كاشغەر" دېگەن سۆزگىمۇ "قەشقەر تاۋاپگاھى" يەنى "قەشقەردىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ماكان" دېگەن مەنىدە "قەشقەر" دەپلا يېشىم بېرىش كېرەك ئىدى. چۈنكى، يۇقىرىدىكى بېيىتنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل غەزەلنىڭ مەزمۇن ئورامىدىن قارىغاندا، بۇ يەردىكى "مەزارى كاشغەر" سۆزى قەشقەرنىڭ مازىرى (قەشقەردىكى قەبرىلەر)نى ئەمەس، بەلكى قەشقەردىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ماكاننىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقى ئېنىق. شۇنداق بولغاندا، يۇقىرىقى بېيىتنىڭ يېشىمىنى مۇنداق بەرسەك:

قەشقەر ـــ تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى تېرىلغان جايدۇر.

ئۇ (قەشقەر) ـــ ئاشىقلارنىڭ قىبلىگاھىدۇر.

«ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»نىڭ 524 ـ بېتىگە بېرىلگەن گۇمنامنىڭ يەنە بىر غەزىلىدىكى "نە ھاجەت ھەججى ئەكبەر كاشغەر ئىچرە مەزارىم بار" دېگەن مىسرا شۇ كىتابنىڭ 525 ـ بېتىدە "ماڭا ھەجگە بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار، چۈنكى قەشقەردە مازارىم تۇرسا" دەپ يېشىلگەن. بۇ يەردىكى "مەزار" سۆزىنىڭ مەنىسى ھازىرقى تىلىمىز بويىچە ئېنىق يېشىپ بېرىلمىگەن. مەزكۇر مىسرانىڭ يېشىمىنى، "تاۋاپگاھىم قەشقەردە تۇرسا، ماڭا (ئەرەبىستانغا) ھەجگە بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟" دەپ بەرگەندە ئاندىن توغرا بولىدۇ دەپ قارايمەن.

يۇقىرىدىكى مىسرالاردىكى "مەزار" سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدىكى يېشىمدە ئەنە شۇنداق "坟" مەنىسى بويىچە بېرىلىپ قالغاچقا، يولداش لى گوشياڭ يازغان 《维吾尔文学史》 دېگەن كىتابتىكى خەنزۇچە تەرجىمىمۇ شۇ خىل خاتالىقنى تەكرارلىغان. يەنى:

ئىشق ئەھلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر مەزارى كاشغەر

(喀什噶尔的）每一座玛扎，可做情人们的指针。

（李国香：《维吾尔文学史》第183页）

نەھاجەت ھەججى ئەكبەر كاشغەر ئىچرە مەزارىم بار

我呀，并不需要去天方朝觐访胜，喀什有的是玛扎。

（李国香：《维吾尔文学史》，第184页）

مېنىڭچە يۇقىرىدىكى ئىككى مىسرانىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى

مۇنداق مەزمۇندا بولسا، ئاندىن توغرا بولىدۇ:

ئىشق ئەھلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر مەزارى كاشغەر،

喀什噶尔是情人们面向崇拜的圣地。

نەھاجەت ھەججى ئەكبەر، كاشغەر ئىچرە مەزارىم بار.

我的朝圣地在喀什，（因此）我并不需要去天方朝觐。

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، تىلىمىزغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە پارس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن "مازار" سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا "مزار" يېزىلىپ، چاغاتاي ئەدەبىي تەلەپپۇزىدا "مەزار" تەلەپپۇز قىلىنغان ۋە ئەدەبىي تىل ئىستېمالىدا خۇددى پارس تىلىدىكىگە ئوخشاشلا "قەبرە، تۇپراق" ۋە "مۇقەددەس جاي" مەنىلىرىدە قوللىنىلغان. بىراق، ئۇ ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئۆزلەشتۈرۈشى ئارقىلىق فونېتىكا جەھەتتىن ئۇيغۇرچىلىشىپ "مازار// مازا" شەكلىدە مۇقىملاشقىنىدىن باشقا، ئاڭلىتىدىغان مەنىسى جەھەتتىنمۇ كېڭىيىپ، "قەبرە، تۇپراق، مۇقەددەس جاي" ئۇقۇمىدىن باشقا، "مۇقەددەس ئادەم، مەشھۇر دىنىي زات، ئەۋلىيا" مەنىسىنىمۇ ئاڭلىتىدىغان ئاتالغۇغا ئايلانغان. شۇ سەۋەبتىن ھېلى ھەم مومايلار ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇراتقان چاغلىرىدا: "پۇرۇ- تۇلغان ياغنىڭ ساۋابىنى ئۇ دۇنيانى بېسىپ ياتقان جىمى ئەۋلىيا- ئەمبىيا (ئەنبىيا) ۋە مازايىماشايىق (مازار- ماشايىخ) لارنىڭ روھىغا يەتكۈزگىن، خۇدايىم" دەيدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان لۇغەتتە "مازارغا چالما ئاتقاندەك" دېگەن تۇراقلىق ئىبارە خەنزۇچىغا "往陵园里扔土块(太岁头上动土)" دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ تەرجىمە مازار سۆزىگە ئەسلىدە پەقەت "坟" دەپلا ئىزاھ بېرىلگىنىگە قارىماي، خەنزۇچىدىكى "坟" سۆزىنى نامۇۋاپىق ھالدا "陵园" سۆزىگە باراۋەر قىلىپ قويغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىپادىلىگەن مەزمۇنى جەھەتتىن، "مازارغا چالما ئاتماق، دېگەنلىك 'ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك ئادەم ۋە نەرسىگە نىسبەتەن بىھۆرمەتلىك قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ'" (رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر سۆزلۈكى»، 323-بەت) دېگەن چۈشەنچىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. دېمەك، يۇقىرىدىكى تەرجىمىنىڭ ئۆزىمۇ ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، "مازار" سۆزىنى "坟—قەبرە، تۇپراق" دەپلا ئىزاھلاش كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ئۇنىڭ "مۇقەددەس يەر—圣地، ئۇلۇغ ئادەم—伟人، ئەۋلىيا—圣人" دېگەن مەنىلىرىنىمۇ لۇغەتلەردە ئېنىق كۆرسىتىش لازىم.

## 2. "مازار-ماشايىخ"

"مازار" سۆزىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە "مۇقەددەس ئادەم، مەشھۇر دىنىي زات، ئەۋلىيا" مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ "ماشايىخ" سۆزى بىلەن بىرىكىپ جۈپ سۆز ياسىغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ دەلىللەيدۇ. "ماشايىخ" سۆزى ئۇيغۇر تىلىغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن

كىرىپ ئۆزلەشكەن ئاتالغۇ بولۇپ سانىلىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا "مشايخ" يېزىلىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا "مەشايىخ" تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بۇ سۆز ئەرەبچىدىكى كۆپ مەنىلىك ئاتالغۇ "شەيخ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۆز شەكلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، "شەيخلەر، ئىسلام دىنى ئالىملىرى" قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، بۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا خۇددى "ۋەلى"نىڭ كۆپلۈك شەكلى "ئەۋلىيا"، "نەبى"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان "ئەنبىيا" سۆزلىرىگە ئوخشاشلا كۆپىنچە بىرلىك شەكلى ئورنىدا ئىشلىتىلگەنىنىڭ سىرتىدا، ھەمىشە دېگۈدەك "ئەۋلىيا" سۆزى بىلەن پاراللېل ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

تەرىقەتتە نەۋۇ نەۋۇ مەشايىخى ئىزام ئەۋلىيايى زەبەردەست كىراملارنىڭ مۇرشىدى ئېردى (تەرىقەتتە ھەر خىل ئۇلۇغ شەيخ ۋە ھۆرمەتلىك ئەۋلىيالارنىڭ پىرى ئىدى. («تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، قول يازما، 31-بەت، يېشىم قىسمى، 63-بەت).

ئەۋلىيايى كىبار ۋە مەشايىخى ئالىمىقدار قەددەسەللاھۇ ئەسرارەھۇم (بۈيۈك ئەۋلىيا ۋە كاتتا ماشايىخ — ئاللاھ ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي) («مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»، تۈركىيە ئەقدام كىتابخانىسى باستۇرغان نۇسخا، 72-بەت).

مۇئەييەن بىر ئۇقۇمنى مەنىداش ئاتالغۇلار بىلەن تەكىتلەپ ئىپادىلەش چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ستىلىستىكا جەھەتتىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى سانىلىدۇ. ھالبۇكى، "ماشايىخى ئىزام"

بىلەن "ئەۋلىيايى كىرام" نىڭ "ئەۋلىيايى كىبار" بىلەن "مەشايىخى ئالىمقدار" نىڭ پاراللېل قويۇلۇپ ئىشلىتىلگەنلىكى مەزكۇر "مەشايىخ" سۆزى بىلەن "ئەۋلىيا" ئاتالغۇسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا كەڭ مەنىدىكى ئۇقۇمداش سۆزلەردىن بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۇشۇ خىل پاكىتلار ئاساسىدا تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەسكى، ئەلىي ئىستېمالدا "شەيخ، كاتتا دىنىي ئالىم، ئەۋلىيا" ئۇقۇمىنى بىردىغان "ماشايىخ" سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ جۈپ سۆز ھاسىل قىلغان "مازار" ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى پەقەت ۋە پەقەتلا "ئۇلۇغ دىنىي زات، ئەۋلىيا" بولۇشى مۇمكىنكى، "قەبرە، تۇپراق" بولۇشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھازىرقى تىلىمىزدىكى "مازار ـ ماشايىخ" جۈپ سۆزىنى "دىنىي ئۇلۇغ زاتلار، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا" دەپ ئىزاھلىساق بولىدۇ.

بىراق، بىزدە تا بۈگۈنگىچە مەزكۇر جۈپ سۆز "مازار ـ ماشايىخ" نىڭ مەنىسىگە نىسبەتەن چۈشەنچە يېتەرلىك بولمىغانلىقى، چۈشەندۈرۈشتە بىرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرغىچە چىققان ھېچقايسى لۇغەتتە ئۇنىڭغا ئىزاھات بېرىلمەي كەلگەنلىكى سىرتىدا، ئەدەبىي تىل ئىستېمالدا تۈرلۈك دەرىجىدىكى خاتالىقلارغا يول قويۇلۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

"ئۇيغۇرلاردا ئايالنىڭ تۇغماس بولۇپ قېلىشى ئەيىب سانىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايال تۇغۇش ـ پەرزەنت

كۆرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك سەۋەبلەرنى قىلاتتى: ئۆزىنى تىۋىپلارغا كۆرسەتەتتى، دورا يەيتتى، ئانىلارنى سىغىنىپ مازار-ماشايىخلارغا بىرىپ يىغلايتتى، سەدىقىلەر بىرەتتى" («شىنجاڭ داشۆسى ئىلمي ژۇرنىلى»، 1987-يىللىق 4-سان، 58-59-بەت).

روشەنكى، بۇ مىسالدىكى "مازار-ماشايىخ"، سۆزى ئەمەلىيەتتە "قەبرە، قەبرىگاھ" مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن، بۇ توغرا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

دۇرۇس، جانلىق تىلدا "مازار-ماشايىخلارغا بارماق" دىگەن گەپ بار. مىنىڭچە، بۇ ئىبارىنىڭ ئەسلى "مازار-ماشايىخ قەبرىگاھلىرىغا بارماق" بولۇپ، جانلىق تىلدا "مازار-ماشايىخلارغا بارماق" شەكلىدە تۇراقلىشىپ قىلىشىدا مۇنداق ئىككى خىل سەۋەب بار دەپ قارايمەن: بىرى، بۇ-دىنىي ئېتىقاد تۇپەيلىدىن بولغان. "مازار-ماشايىخلار"غا چوقۇنغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە، ئۇلارنىڭ بىرىپ تاۋاپ قىلىۋاتقىنى قانداقتۇر بىر ئاددىي قەبرە، تۇپراق ياكى قەبرىگاھ ئەمەس، بەلكى، گويا بىر ئۇلۇغ مازار غوجام، دىنىي ئۆلىما، ئىسلام غازات سەركەردىسى ياكى بىر ئەۋلىيانىڭ ئۆزى. شۇڭا، ئۇلار قەبرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ يالۋۇرۇپ يىغلايدۇ، خۇددى بىر تىرىك ئادەمگە گەپ قىلغاندەك قەبرىگە مۇڭ-زارىنى تۆكىدۇ.

يەنە بىرى، بۇنى ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ ئىخچاملىق ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. مەلۇمكى، ئۇيغۇر جانلىق تىلى باشقا ھەرقانداق مىللەتنىڭ جانلىق تىلىغا ئوخشاشلا ئۇقۇزەلارنى

ئىخچام ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەش ئاللاھىدىلىكىگە ئىگە. مەسىلەن، "ساقچى ئىدارىسىگە بارماق" دېگەن سۆز جانلىق تىلدا "ساقچىغا بارماق" دېيىلىدۇ. "دوختۇرخانىغا بارماق" دېگەن سۆز بولسا، جانلىق تىلدا "دوختۇرغا بارماق" دېيىلىدۇ. ئىنچىكىرەك كۆزەتسەك، جانلىق تىلدىكى بۇ خىل ئىخچاملىقنىڭ بەلگىلىك قانۇنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئالايلۇق، "ساقچى ئىدارىسىگە بارماق" دېگەندە، ئاخىرقى مۇددا "ئىدارە" بىلەن كۆرۈشۈش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەيلى باشلىق بولسۇن ۋە مەيلى كىم بولسۇن مەلۇم بىر ساقچى بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىبارەت. "دوختۇرخانىغا بارماق" دېگەنىدىمۇ، مەسىلە "دوختۇرخانا" بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى كونكرېت بىر دوختۇر بىلەن ھەل بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا "مازار-ماشايىخلار قەبرىگاھلىرىغا بارماق" دېگەنىدىمۇ، تاۋاپچىلار نەزىرىچە، ئۇلارنىڭ ئىلتىجاسى "قەبرىگاھ" بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا ياتقان "مازار-ماشايىخ" (ئەۋلىيا-ئەنبىيا) بىلەن ھەل بولىدىغان بولغاچقا، نەتىجىدە، مەزكۇر ئىبارىدىكى "قەبرىگاھ" سۆزى ئادەت بويىچە تاشلىنىۋېتىلىپ، "مازار-ماشايىخلارغا بارماق" دېيىلىدىغان بولغان.

بىراق، بىزنىڭ ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلىمىزدا "ئەمەت-سەمەتلەرگە بارماق"، "ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلارغا بارماق" دېيىشنىڭ ئەدەبىي تىل قائىدىسىگە خىلاپ ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە مەلۇم. ھالبۇكى، جانلىق تىلدا مۇشۇنداق

دېيىلىدىغۇ دەپلا "مازار-ماشايىخلارغا بارماق" دەپ يازساق خاتا بولىدۇ. مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە بولغاندا، يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىسالدىكى "مازار-ماشايىخلارغا بېرىپ يىغلايتتى" دېگەن جۈملىنى "مازار-ماشايىخلارنىڭ قەبرىگاھلىرىغا بېرىپ يىغلايتتى" دەپ ئۆزگەرتكەندىلا ئاندىن توغرا بولىدۇ.

يەنە بىر مەسىلەن:

بۇ جايغا چۈشكەن ئېتىز-ئېرىقلار ئاپئايانلا سۈنئىي كۈچ بىلەن بىنا بولغان: ئۇنىڭ نېرىسىدا نە قوشنا يېزا-مەھەللە يوق؛ بېرىسىدا نە قورغان-قەلئە؛ نە تاغلىرىنىڭ تومۇرى يوق، نە سۇلىرىنىڭ مەنبەسى؛ نە ئاسماندا مازار-ماشايىخلارنىڭ مۇنارە-پەشتاقلىرى، نە يەردە بازار-رەستىلەرگە ئۆتىدىغان كۆۋرۈك كۆرۈنمەيدۇ...

(«قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، 2-توم، 48-بەت).

بۇ ئابزاسنىڭ خەنزۇچىسى مۇنداق:

此处置一天庄，分明是人力造作成的，远无邻村，近不负郭，背山无脉，临水无源，高无隐寺之塔，下无通市之桥，

（《红楼梦》，第一卷，第192页）。

بۇ يەردە، زادى قانداق چۈشەنچە بىلەن "隐寺" نى "مازار-ماشايىخ" دەپ تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، "مازار-ماشايىخ"نىڭ "بۇتخانا"غا بەدەل قىلىنغانلىقى تۈپتىن خاتا بولغان.

1988-يىل 3-ئاي.

# ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشتا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئېلېمېنتلىرىدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك

ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدە "ئىخچام بولۇش" پىرىنسىپىنى ھەقىقىي يوسۇندا نەزەرگە ئېلىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئېلېمېنتلىرىدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك. ئەپسۇسكى بىزدە چاغاتاي ئۇي-غۇر تىلى ئېلېمېنتلىرىغا، خۇسۇسەن ئەسلىي ئەرەبچە ۋە پارسچە بولغان چاغاتايچە سۆزلەرگە سوغۇققىراق مۇئامىلە قىلىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. بۇ — ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشتا، تىلىمىزدىكى ئاتالمىش "ئەرەب-پارسچە سۆزلەر"گە زادى قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ ماقالىدە مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە قىسقا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

## 1. تىلىمىزدىكى ئاتالمىش "ئەرەب-پارسچە سۆزلەر"

دۇنيادا ئۆز سوستاۋىغا باشقا مىللەت تىلىدىن سۆزلەم

قوبۇل قىلىنغان ساپ تىل مەۋجۇت ئەمەس. ئۇيغۇرلارمۇ ئۇز تارىخىدا خەنزۇ، رۇس، ئىنگلىز، ئەرەب، پارس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن سۆزلۈك قوبۇل قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغانلىرى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. تىلىمىزغا ئەرەب-پارسچىدىن سۆز قوبۇل قىلىش ئىشى، ئۇز ۋاقتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى شۇنداقلا پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر بىلەن بىر رايوندا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى قاتارلىق سەۋەب ۋە شارائىتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا تىلىمىزدا "ئاللا، دىن، ئىسلام، ئېتىقاد، جەننەت، قىيامەت، ساۋاب..." دېگەنگە ئوخشاش ساپ ئەرەبچە دىنىي ئاتالغۇلاردىن باشقا، "نان، گۆش، ھەپتە، يەكشەنبە، دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە پەيشەنبە، شەنبە، شەھەر، سىبۋەت، زەمبىل، زەرگەر، موزدوز..." دېگەنگە ئوخشاش ساپ پارسچە تۇرمۇش ئاتالغۇلىرىمۇ بار. بۇنداق سۆزلەرنىڭ تىلىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقىنىغا قاراخانىلار دەۋرىدىن ھېسابلىغاندىمۇ مىڭ يىلدىن ئاشتى. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، مىڭ يىلدىن بۇيان، بۇ سۆزلەر مەيلى يېزىقتا بولسۇن، مەيلى ئېغىزدا بولسۇن پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچىلىشىپ كەتكەچكە، ھازىر بىز ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى يازساق ئەرەب-پارسلار ئوقۇيالمايدۇ، ئېيتساق تازا چۈشىنەلمەيدۇ. بىراق بىز تېخىچە ئۇلارنى "ئەرەب-پارسچە سۆزلەر" دەۋاتىمىز. تېگىنى سۈرۈشتۈرسەك،

بۇنداق سۆزلەرنىڭ تىلىمىزغا كىرىشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە راسا ئەۋجىگە چىققان ۋە ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ خەزىنىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

## 2. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى — ئۆز ئانا تىلىمىز

بىزدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدىكى ئىستېمىللىق تەتقىقاتنىڭ باشلانغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان بولسىمۇ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ئاز ئەمەس. مەخسۇس چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا بېغىشلانغان يىرىك ئەمگەكلەر، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى ۋە ئۇنىڭ بىزنىڭ پۈتكۈل تىل تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى ۋە ئوينىغان رولى قاتارلىق مەسىلىلەرنى خېلى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىدىغان نوپۇزلۇق ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى. بەزى ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇس دەرس تەسىس قىلىنىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئاساسىي بىلىملەرنى ئىگىلىگەن شاگىرتلار يېتىشتۈرۈلمەكتە. بىراق، شۇنداق بولسىمۇ، زىيالىيلار قوشۇنى ئىچىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بويىچە ساۋاتسىزلار يەنىلا كۆپ سانىنى ئىگىلەپ تۇرماقتا. شۇڭلاشقا، ئۆزى چۈشىنەلمىگەن چاغاتايچە سۆز-ئىبارىلەرنى "ئاما چۈشەنمەيدىغان موللامچە ئاتالغۇلار" دەپ يەكلەش، چەتكە قېقىش خاھىشى خېلىلا كەڭ بازارغا ئىگە.

مەلۇمكى XIV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئورتاق ئىشلەتكەن چاغاتايچە تىل ئەسلىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. شۇڭا "ئەلىشىر ناۋايى ئۇنى ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتايدۇ... ناۋايىنىڭ قارىشىچە، لۇتفى، سەككاكىلار ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ كامالەتكە يەتكەن پېشىۋالىرىدۇر. ناۋايىنىڭ ئۆزىمۇ ئەنە شۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە ئالەمشۇمۇل يىرىك ئەسەرلەرنى ياراتقان"①. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭلا ئاساسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭمۇ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىمكان بار ئەدەبىي تىلغا يېقىنلىشىپ راۋاجلانغان. بۇ جەرياندا، ئۇيغۇر مولىلىرىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرى، پەند-نەسىھەتلىرى، مەسچىت-خانىقالاردىكى ۋەزلىرى ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئېڭىغا، ئاتالغۇ سۆزلەم جەھەتتىن ئۇلارنىڭ جانلىق تىلىغا سىڭىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئاتايى، لۇتفى، سەككاكى، ناۋايىدىن تارتىپ تاكى نىزارى، نازىم، تەجەللىلەرگىچە بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىنىڭ ئۆلمەس نامايەندىلىرىنىڭ غەزەللىرىمۇ خەلق ئىچىگە سىڭگەن، يەنى چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ دۇردانىلىرىدىن تەركىب

تاپقان بۇ گۈزەل نەزمىلەرنى خەلق قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تېكىستى قىلىپ، ئەسىرلەر بويى ياڭرىتىپ كەلگەن. تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەسكى، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىن ئىبارەت ئۇنۇملۇك تۇپراق، پايانسىز مەيدانغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا، شۇنچىۋالا كۆپ مېۋىلەرنى بېرەلىگەن ۋە شۇنچىۋالا ئۇزاق زامانغىچە دەۋر سۈرەلىگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى تېگى- تەكتىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي ئەدەبىي تىلىغا يېقىنلىشىپ راۋاجلانغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى شەكىللەنگەندىن كېيىنكى شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا "ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى خەلق ئېغىز تىلى بىلەن ئاساسەن بىردەك"② بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. قىسقىسى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى "موللام تىلى" دېيىشنىڭ ئاساسى يوق. بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى جانلىق تىلىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان يېقىنقى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن كېيىنلا تۇرىدىغان كلاسسىك ئانا تىلىمىزدۇر.

## 3. ئىخچاملىق ــ چاغاتايچە ئېلېمېنتلارنىڭ تۆپكى ئارتۇقچىلىقى

يېقىندا بەزى يولداشلار مەخسۇس ماقالە يېزىپ، جايلاردا "ساجۇيجاڭ، ئاچۇجاڭ..." دېگەندەك، ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى ئۆز تىلىمىزنىڭ قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان رەۋىشتە ئاتاش ئەھۋالىنىڭ ئومۇملىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ خىل ئەھۋالنى تۈزىتىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاۋام خەلق نېمە ئۈچۈن "ئىدارە باشلىقى ساۋۇت" دېمەي "ساجۇيجاڭ" دەپ ئاتاشقا، "باشقارما باشلىقى ئابدۇللا" دېمەي "ئاچۇجاڭ" دەپ ئاتاشقا خۇشتار؟ بۇنىڭدا خەلقنىڭ تىلدىكى ئەنئەنىۋى قائىدىنى ئەمەس، بەلكى تەلەپپۇزدىكى ئىخچاملىقنى قوغلىشىۋاتقانلىقى ئېنىق. يەنى كىشىلەر "ئىدارە باشلىقى" (ئالتە بوغۇم) دەپ بولغۇچە، "جۇيجاڭ" (ئىككى بوغۇم) دېيىسەكلا، "باشقارما باشلىقى" (ئالتە بوغۇم) دەپ بولغۇچە، "چۇجاڭ" (ئىككى بوغۇم) دېيىسەكلا، خالاس تاپىدىكەنمىزغۇ دەپ قارىغان. ۋىلايەت باشلىقىنى "ۋالىي" ناھىيە باشلىقىنى "ھاكىم" دەپ ئاتايدىغان جايلاردا، كىشىلەر "جۇەنيۇەن"، "شيەنجاڭ" دېگەن سۆزلەرنى قوللانماي، شۇ سۆزلەرنىڭ ئىككى بوغۇملۇق تەلەپپۇز بىلەن ئادا بولىدىغان ھەمدە ئۆزلىرىگىمۇ چۈشىنىشلىك بولغان، "ۋىلايەت" ۋە "ھۆكۈمەت" بىلەن تومۇرداش بولغان

"ۋالىي"، "ھاكىم"نى قوللىنىشنى ئەۋزەل كۆرگەن. "ئۈنئالغۇ"
"كىرئالغۇ" دېگەن ئاتالغۇلار نېمىشقا شۇنچە تېز ئومۇملىشىپ
كەتتى؟ بۇنىڭغىمۇ شۇ ئاتالغۇلارنىڭ خەنزۇچىدىكى "录音机"،
"洗衣机" دېگەنلەرگە ئوخشاشلا ئۈچ بوغۇملۇق تەلەپپۇز
بىلەن ئادا بولىدىغان ئىخچام سۆزلەر بولغانلىقى مۇھىم
سەۋەب بولغان. ئەگەر ئۇلارنى "ئاۋاز ئېلىش ماشىنىسى"،
"كىر يۇيۇش ماشىنىسى" دېگەن بولساق، خەلق يەنىلا
"لۇيىنجى"، "شىيىجى" دەۋەرگەن بولاتتى. مانا بۇ ئەھۋال
بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇكى، خەلق
ئۆز تىلىنى سۆيىدۇ، خەلق ئاتالغۇلارنىڭ ئىخچام بولۇشىنى
خالايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تىلىمىزدىكى
چاغاتايچە ئېلېمېنتلار خەلققە ياقىدۇ. چۈنكى چاغاتايچە
ئېلېمېنتلار مەيلى توپ سۆز بولسۇن (مەسىلەن، كىتاب، قەلەم،
ئىلىم، زۇلۇم، زەر، قەتل...)، مەيلى ياسالما سۆزلەر بولسۇن
(مەسىلەن، كىتابخان، قەلەمكەش، ئالىم، زالىم، زەرگەر،
قاتىل...)، مەيلى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بولسۇن (مەسىلەن،
نا، بى، دان، زار، گاھ...) ۋە مەيلى باغلىغۇچىلار بولسۇن
(مەسىلەن، ۋە، ھەم، ئەمما، لېكىن، چۈنكى) ھەممىسى
ناھايىتى ئىخچام. ئىخچاملىق چاغاتايچە ئېلېمېنتلارنىڭ تۈپكى
ئارتۇقچىلىقى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۆز ئانا تىلىمىز بولۇش
سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ ئۇنىڭ بۇ خىل ئارتۇقچىلىقىدىن ھەمىشە
تولۇق پايدىلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

## 4. چاغاتايچە ئېلېمېنتلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ھەققىدە بىرقانچە تەكلىپ

(I) ئەدەبىي تىلىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چاغاتايچە ئېلېمېنتلارنى يېڭىچىلىك بىلەن ئىستېمالدىن چىقىرىپ تاشلىماسلىق لازىم.

مەن "بىز تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى ساقلىشىمىز لازىم، بەزىلەر نۇتۇق، ماقالە ۋە شېئىرلىرىدا، ئەرەب-پارسچە سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ئامراق..." دەپ رەنجىپ يۈرگەن يولداشلارنى خېلى ئۇچراتقان. بىراق، تا ھازىرغىچە "ئەرەب-پارسچە سۆز" لەرنى ئىشلەتمەي نۇتۇق سۆزلىگەن، ماقالە يازغان بىرمۇ ئۇيغۇرنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۆز ئانا تىلىمىز دېگەن ئاڭنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى ئەزىزلەش، ئاسراش، قەدىرلەش لازىمكى، ئۇنى يېڭىچىلىك بىلەن ئىستېمالدىن قالدۇرۇۋەتمەسلىك لازىم. بىراق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى شەكىللەنگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ھەر قېتىملىق ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشىدا، بىر بۆلەك چاغاتايچە سۆزلەر ئەدەبىي تىل ئىستېمالىدىن زورمۇزور قالدۇرۇۋېتىلدى. مەسىلەن، بەينەلمىلەل، مەزلۇم، جاپاكەش دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۆز ۋاقتىدا "بەينەلمىلەل"نى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا

"ئىنتېرناتسىئونال"نى قوبۇل قىلىش بىھۇدە بولغان. چۈنكى
بىرىنچىدىن، "بەينەلمىلەل" ئاتالغۇسى "ئىنتېرناتسىئونال"دىن
ئىككى بوغۇم ئىخچام؛ ئىككىنچىدىن، "بەينەلمىلەل" سۆزى
"ئىنتېرناتسىئونال" ئاتالغۇسىغا قارىغاندا چۈشىنىشلىك، ئېنىق.
چۈنكى، "بەينەلمىلەل"نى تەشكىل قىلغۇچى ئىككى سۆزنىڭ
بىرى "مىلەل" ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان "مىللەت" سۆزىنىڭ
كۆپلۈك شەكلى؛ يەنە بىرى "بەينە" بولسا "ئارا، ئوتتۇرا،
ئىچى" مەنىسىدە بولۇپ، چاغاتايچىدا كۆپىنچە "مابەينە"
شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: "...مابەينەلارى بىر ئۆي
داخىلىدۇر." (ئوتتۇرىسى بىر ئۆينىڭ ئىچىنى تەشكىل قىلىدۇ).
(«بابۇرنامە»دىن) ھازىرقى تىلىمىزدىمۇ شۇ شەكىل ۋە شۇ خىل
مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇز يىلنىڭ مابەينىدە (ئوتتۇز
يىلنىڭ ئىچىدە، يەنى ئوتتۇز يىلنىڭ باشلانما يىلىدىن تا ھازىر-
غىچە بولغان ئارىلىقتا) دېگەنلەرگە ئوخشاش. "مەزلۇم" سۆزىگە
كەلسەك، "زۇلۇم، زالىم" (زۇلۇم قىلغۇچى) سۆزلىرى ئىشلىتى-
لىۋاتقان يەردە "مەزلۇم" (زۇلۇم قىلىنغۇچى)نى چىقىرىۋېتىشنىڭ
ئاساسى يوق. ئۇنى تىلىمىزدىكى "ئېزىلگۈچى" سۆزى بىلەن
پاراللېل ئىشلىتىۋەرسەك ئوخشۇقلۇق قىلمايتتى. "جاپاكەش"نىڭ
مەنىسى "ئەمگەكچى". "ئەمگەك" سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىدىن باشلاپلا "جاپا" مەنىسىگە ئىگە. ھازىرمۇ "ئەمگەك"
سۆزى "راھەت"كە نىسبەتەن "جاپا" مەنىسىدە ماڭىدۇ.
"بەينەلمىلەل، مەزلۇم، جاپاكەش" قاتارلىق سۆز-

لەرنىڭ دائىملىق ئەدەبىي تىل ئىستېمالىدىن قېلىشىنى "بۇ ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى" دەۋېلىش ئەمەلىيەتتە تازا ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى بۇ خىلدىكى سىياسىي ئاتالغۇلارنىڭ قايسىسىنى ئىشلىتىپ قايسىسىنى ئىشلەتمەسلىك ھامان مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ "پرىنسىپ بويىچە مۇقام بەلگىلەپ بېرىشى"، تەھرىرلەرنىڭ ئىجرا قىلىشى، ئاممىنىڭ ئىلاجسىز دورىشى ئارقىلىق بولۇپ كەلمەكتە. مەسلەن، ئۆز ۋاقتىدا "ۋېيۋۇجۇيى ۋە جىڭيەنجۇيى" دەيدىغانلار دېگەندە، ئاممىۋى بويىچە دېگەن. ھازىر "ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبىچىلىك" دەيلى دېگەندىمۇ ماقۇل دەپ كېلىۋاتقىنىغا ئوخشاش.

چاغاتايچە ئاتالغۇلار ئىنچام، ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال ئاساسىغا ئىگە، چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئوڭاي، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

(2) ئەدەبىي تىلىمىزدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان چاغاتايچە سۆزلەرنى "ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش"نىڭ ئىستىقبالى يوق.

بەزى يولداشلار مەخسۇس ماقالە يېزىپ مۇنداق لايىھىلەرنىمۇ قويىدى:

| هازىر ئىشلىتىلىۋاتقىنى | ئۆزگەرتىلىدىغىنى |
|---|---|
| زەرگەر | ئالتۇنچى |
| باپكار | توقۇمىچى، بۆزچى |
| هارۋىكەش | هارۋىچى |
| هەيكەلتىراش | هەيكەلچى |
| نەققاش | نەقىشچى |
| رەسسام | رەسىمچى |
| بىئەدەب | ئەدەبسىز |
| بىنومۇس | نومۇسسىز |
| بەتتەم | تەمسىز |
| بەتقىلىق | قىلىقسىز |
| بامەسلىھەت | كېڭەشلىك |
| بەتبۆي | سېسىق (پۇراق) |
| بەتبەشرە | سەت (چىراي) |
| ناكار | يارامسىز |
| مەۋجۇدىيەت | بارلىق③ |

يېتەكچى ئىدىيە زىددىيەتلىك بولسا، قىلغان ئەمگەك بىھۇدە بولۇپ چىقىدۇ. يۇقىرىدىكى لايىھىدە مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال بار. بىرى، ئەدەبىي تىلدىمۇ، جانلىق تىلدىمۇ ئوخشاشلا كەڭرى ئىشلىتىلىدىغان بەزى چاغاتايچە سۆزلەرنى ئىستېمالدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلاش تەۋسىيە قىلىنغان.

يەنە بىرى، بىر بۆلەك چاغاتايچە قوشۇمچىلارنى ئەنئەنىۋى
ئۇيغۇرچە قوشۇمچىلارغا ئالماشتۇرۇش تەرغىپ قىلىنغان. چىقىرىد-
ۋەتمەكچى بولغان "زەرگەر، باپكار، بەتبۆي، بەتبەشىرە،
ناكار، مەۋجۇدىيەت" ئاتالغۇلىرى ئىچىدە "زەرگەر، باپكار"
سۆزلىرى كەسىپ ناملىرى بولۇپ، بۇ ناملارنى قايسىبىر
تىلشۇناس ياكى ئاتالغۇ كومىتېتى بېكىتىپ بەرگەن ئەمەس،
بەلكى شۇ كەسىپ ئەھلىلىرى ئۆزلىرى قويغان. "ئالتۇننىڭ
قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ"، "موزدوز يالىڭاياغ، باپكار ئىشتانسىز"
دېگەن ماقال-تەمسىللەردىن مەلۇمكى، "زەرگەر، باپكار" ئاتال-
غۇلىرى ئەدەبىي تىلىمىزغا خەلق تىلىدىن يەنى جانلىق تىلدىن
قوبۇل قىلىنغان. ھالبۇكى، ئۇلارنى چىقىرىپ تاشلايمەن
دېيىشنىڭ ئۆزى بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتىن ئىبارەت، خالاس.
يەنە بىر تەرەپتىن، "زەرگەر" سۆزىنى چىقىرىپ تاشلاش "زەر"
تۈپ سۆزى بىلەن "-گەر" قوشۇمچىسىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بىز
ئەگەر "زەر" سۆزىنى چىقىرىۋېتىمىز دېسەك "زەر باسماق" مەسى-
لەن، "زەر باسقان دوپپا" سۆزلىرىنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ
بىللە مۇزاكىرە قىلىشىمىز لازىم. "-گەر" قوشۇمچىسىنى چىقى-
رىپ تاشلايمىز دېگەندە "سودىگەر، ھىيلىگەر، جادۇگەر" قاتار-
لىق سۆزلەردىكى "-گەر" قوشۇمچىسىنىمۇ لايىھە كۆرسىتىشىمىز
كېرەك. "باپكار" سۆزىنى يوقىتىمىز دېگەندە، لۇغىتىمىزدىكى
"زەرباپ، بىكار" ئاتالغۇلىرىنىمۇ ئىسىمىزگە كەلتۈرۈشىمىز
كېرەك. "بەتبۆي، بەتبەشىرە" سۆزلىرىنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك

دېگەندە، "خوش بۇي، ئەپت-بەشىرە" قاتارلىق "بۇي، بەشىرە"
لىك سۆزلەرگىمۇ مۇقام بەلگىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. "ناكار"،
"مەۋجۇدىيەت" سۆزلىرىگە كەلسەك، "نا" قوشۇمچىسى ھازىرقى
ئەدەبىي تىلىمىزدا ۋە جانلىق تىلىمىزدا ئوخشاشلا كەڭرى
ئىشلىتىلىدىغان سۆز ياسىغۇچىلارنىڭ بىرى. مەسىلەن، نائۇستا،
نالايىق، نامۇۋاپىق، نائەھلى، نائۇمىد دېگەنلەرگە ئوخشاش.
دېمەك، بىرىنچىدىن، "ناكار"دىكى "نا"نى چىقىرىۋېتىش
بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، "نا"مۇ، "سىز"مۇ
ئوخشاشلا بىر بوغۇملۇق قوشۇمچە. "ئىخچام بولۇش" پرىنسىپى
نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىككى قوشۇمچىنى ئورۇن ئالماشتۇرۇش
بىلەن نەتىجە ئۆزگەرمەيدۇ. "مەۋجۇدىيەت" سۆزىدىكى
"مەۋجۇد"نى كەڭرى ئىشلىتىمىز. "مەۋجۇدىيەت" بىلەن
"بارلىق"نى، "مەۋجۇد" بىلەن "بار"نى پاراللېل ئىشلەتسەك
بولۇۋېرىدۇ. ئاتالغۇلارنى "قېلىپلاشتۇرۇش" ھەرگىزمۇ ئاتالغۇ-
لارنى "يېتىملاشتۇرۇش" بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. مۇشۇ
مەنىدىن ئېيتقاندا، "ئەدەبسىز، نومۇسسىز، كېڭەشلىك" سۆزلە-
رىنى يېتىم قىلىپ، ئۇلار بىلەن پاراللېل ئىشلىتىلىدىغان
"بىئەدەب، بىنومۇس، بامەسلىھەت" ئاتالغۇلىرىنى چىقىرىپ
تاشلاشنىڭ پايدىسى يوق. "بەتقىلىق، بەتتەم" سۆزلىرىنى
چىقىرىۋېتىمىز دېگەندە، شۇ تۈركۈمدىكى "بەتبەخت، بەترەڭ،
بەتنىيەت، بەتنام" قاتارلىق ئاتالغۇلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت
قىلماسلىقىمىز لازىم. بىلىش لازىمكى، بۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبە-

دىكى "بەت" چاغاتايچە "بەد"تىن كەلگەن. ئۇنىڭ مەنىسى "ئوسال، يامان، ئەسكى" دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ھەممىلا يەردە "-سىز" قوشۇمچىسىنى دەسسىتىشكە بولىۋەرمەيدۇ. ئالايلۇق، "بەتبەخت"نى "بەختسىز"، "بەترەڭ"نى "رەڭسىز" دېسەكقۇ بولار، بىراق، "بەتنىيەت"نى "نىيەتسىز"، "بەتنام"نى "نامسىز" دېسەك ئاقارمۇ؟ "نەققاش، رەسسام" سۆزلىرى چاغاتايچىدىكى "مۇبالىغە ئىسىملار" تۈركۈمىگە خاس بولۇپ، ھازىرقى تىلىمىزدىكى "مەككار، كاززاپ، باققال، سەرراپ، دەججال، جاللات، قەللاب" قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ. "رەسسام" بىلەن "رەسىمچى" ئايرىم-ئايرىم ئىككى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردۇر. "رەسسام" رەسىم سىزىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى، "رەسىمچى" بولسا رەسىم تارتىش (سۈرەت تارتىش) بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى كۆرسىتىدۇ. "ھارۋىكەش"نى "ھارۋىچى"، "ھەيكەلتىراش"نى "ھەيكەلچى" دېيىشىڭمۇ ئۇقۇم قالايمىقانچىلىقى تۇغدۇرىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ.

دۇنيادا ئۆز تىلىنىڭ ساپلىقىنى خالىمايدىغان مىللەت بولمىسا كېرەك. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بەزى يولداشلارنىڭ تىلىمىزدىكى چاغاتايچە ئېلېمېنتلارنى (ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئەرەب-پارس تىللىرى بولغانلىقى ئۈچۈن) چىقىرىپ تاشلاپ، ئورنىغا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئامىللىرىنى دەسسىتىش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈشىمۇ چۈشىنىشلىك. بىراق، بىزنىڭ تىلىمىزنى ساپلاشتۇرۇشىمىز "ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇش" پرىنسىپى ئاساسىدا

بولۇشى لازىم. ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھەرگىزمۇ "زەرگەر"نى "ئالتۇنچى" دەمدۇق ياكى "زەرگەر" دەۋېرەمدۇق دېگەن مەسىلە ئەمەس، بەلكى "计算机"نى "جىسۇەنجى" دەمدۇق ياكى خەتمۇخەت تەرجىمە قىلىپ "ھېسابلاش ماشىنىسى" دەمدۇق ۋە ياكى ئىخچام قىلىپ "ھېسابچى" دەمدۇق دېگەندىن ئىبارەت، يەنى قانداق قىلىپ خەنزۇ تىلى ئارقىلىق كىرىۋاتقان يېڭى ئۇقۇملارغا ئۇيغۇرچە-مىزدىن مۇۋاپىق، ئىخچام، ئېنىق ئاتالغۇ تېپىپ بېرىش مەسىلە-سىدىن ئىبارەت. بۇنداق شارائىتتا، چاغاتايچە ئېلېمېنتلار بىز ئۈچۈن قېزىپ پايدىلىنىلىدىغان مەنبەلەرنىڭ بىرى بولغىنى تۈزۈك.

(3) بەدىئىي ئەدەبىياتتا چاغاتايچە ئېلېمېنتلاردىن پايدى-لىنىش تېخىمۇ كەڭرەك ئىمكانىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

مەيلى نەسرى ئەسەر بولسۇن، مەيلى نەزمىي ئەسەر بولسۇن، ئومۇمەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ چاغاتايچە ئېلېمېنتلارغا بولغان ئېھتىياجى ئادەتتىكى نۇتۇق، ماقالىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئالايلۇق، تارىخىي ھېكايە، رومان، داستان-لاردا كونا دەۋردىكى تۈرلۈك تەبىقىلەرگە خاس بولغان، ياش-قۇرامى ئوخشىمايدىغان پېرسوناژلار، كونىچە شارائىت ۋە مەنزىرىلەر بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان دەۋرگە مەنسۇپ بولغان ئادەملەرنىڭ ئېغىزىدىن چىققان گەپ-سۆزلەر دەۋر ئالاھىدى-لىكىگە ماس ھالدا ئوخشاش بولمايدۇ. مۇشۇنداق كونا زامانغا تەئەللۇق پېرسوناژلارغا زامانىسىغا مۇناسىپ تىل بېرىشتە،

شۇنداقلا كونا زامانىنى ئاشۇ "كونا"لىق قىياپىتى بويىچە تەسۋىر-لەشتە چاغاتايچە سۆز- ئىبارىلەر كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ھازىرلا "قۇربان" بولۇپ ئۇ دۇنياغا كېتىشىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن، قىيامەت قايىم بولغاندا، مەھشەرگاھدا "فىلسىرات" نىڭ ئالدىدا مۇشۇ زامانداشلىرى بىلەن "ئۇچرىشىدىغان"لىقىنى ئۇ تېخىمۇ بىلمەيتتى. (سەيپىدىن ئەزىزى: «سۇتۇق بۇغراخان»، 649-بەت).

ئارقىسىدىن ئىككى نەپەر كېنىزەك، لەشكىرىي سىپاھلارچە كېيىنگەن مەخسۇس ئالتە نەۋكەر كېلەتتى.

(سەيپىدىن ئەزىزى: «سۇتۇق بۇغراخان»، 653-بەت).

سىرتتا ئاسمان گۈمبىزى سىرلىق ئىدى، سۇرلۇك ئىدى،
كۆكتە قولۋاقتەك ئۈزۈپ يۈرگەن قەمەر نۇرلۇق ئىدى.
جىنچىراغ گۆڭگا ياناتتى كونا كۆلبە ئىچىدە،
سۆزلىشەتتى ئۈچ قەدىردان بۇ سىھىرلىك كېچىدە.

(ماموت زايىت: «گۈلمېروي»، 64-بەت).

باش پىچىمچى سەيدىن قارى ئۇستاملارغا ۋەكالەتەن مىننەتدارلىق بىلدۈردى:

چەت ئەلدىكى قېرىنداشلارنىڭ تېنى سەھەت، ياشلىرى ئۇزۇن، ئىش-ئوقەتلىرى مۇزەپپەر، تۇرمۇشى بەختلىك بولغاي...

(ئابلىمىت ھاجى: «توتىيا»، 81-بەت).

بۇيرۇقىڭنى بەر جاللات،
مېنى دارغا ئېسىشقا.
ئەلقىساسۇ مىنەلھەق،
ساڭا يول يوق قېچىشقا.

(ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»، «نۇزۇگۇم»، 19 ـ بەت).

باشقا مىللەت ئاپتورلىرى يازغان تارىخىي ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان چاغدىمۇ زامان پۇرىقىنى، دەۋر ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۇرۇش يۈزىسىدىن چاغاتايچە ئېلېمېنت-لاردىن پايدىلىنىشقا موھتاج بولىمىز. مەسىلەن، «قىزىل راۋاق-تىكى چۈش»نى ئالساق، ئۇنىڭ تەرجىمىسىدە ئىشلىتىلگەن "ئەبيەز، رەققاس، تەقسىر، چەشمە، زەكى، لەتىپ، بەرنا، بىنەزەر، بىگانە، زەمىر، پارىغ، نائىل، تەۋەززۇ، كارگەر..." قاتارلىق سۆزلەر مۇشۇنداق ئېھتىياج بىلەن ئىشلىتىلگەن.

ئادەتتىكى شېئىر-داستانلارنىڭ چاغاتايچە ئېلېمېنتلارغا بولغان ھاجىتىمۇ ئادەتتىكى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭكىدىن چوڭ بولىدۇ. چۈنكى، شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس تۇراق، رىتىم، ۋەزىن، قاپىيە، رادىپ دېگەن ئالاھىدە رامكىلىرى بار، ئۇلار لۇغىتىمىزدە مەنىداش سۆزلەرنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى، قاپىيە-داش، ۋەزىنداش ئاتالغۇلارنىڭ جىقراق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەگەر بىر شائىر ئاخىرى "-ئۇم/-ئۈم" بوغۇملۇق سۆز قاپىيە قىلىنغان بىر شېئىر يېزىپ، "كۆڭلۈم،

مەلۇم“ قاتارلىق سۆزلەرگە ”تەرەققىيپەرۋەر“ قاتارلىق سۆز-لەرنى قاپىيە قىلىپ ئىشلەتسە، ”سەن چاغاتايچە سۆزلىدىڭ“ دەپ چەكلىمەسلىك لازىم. چۈنكى بىرىنچىدىن، مەزكۇر ”تەرەققىي، تەرەننۇم“ سۆزلىرىنى كلاسسىك شائىرلىرىمىز ئىشلەتكەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۆز ئەسىرىدە مەزكۇر سۆزلەرنى ئىشلەتكەن شائىر ئۇلارنى ئۆزى چۈشىنىدۇ. چۈنكى ئۇ شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ كلاسسىك پىر-ئۇستازلىرى ئاشۇ خىل سۆزلەرنى ئىشلىتىپ يازغان تالاي شېئىرلارنى ئوقۇغان، ياد ئالغان. ئۈچىنچىدىن، مەزكۇر ”تەرەققىي، تەرەننۇم“ سۆزلىرىنى شائىرلار، شېئىرىيەت ساھەسىدىكىلەر — كەسپداشلار چۈشىنىدۇ. ”ئاممىنى نەزەردە تۇتۇش دېگەندە ئاممىنى زادى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ كەڭ مەنىدىن چۈشەنگەندە، ھەر مىللەت خەلقلىرى ’ئامما‘ ھېسابلىنىدۇ. خەلق ئاممىسى كەڭ قوللىنىدىغان يېڭى سۆز-ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرغاندا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چۈشىنىشىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. لېكىن ئاتالغۇلارنىڭ كەسپىيلىك، خاسلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ھېسابقا ئالغاندا، مەخسۇس بىر ساھەنىڭ كەسپىي ئاتالغۇلىرىغا نىسبەتەن، شۇ كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئەلۋەتتە شۇ ساھەنىڭ ’ئامما‘سى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم بىر كەسپكە تەئەللۇق بولغان ئاتالغۇلارنى شۇ كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ’ئامما‘نىڭ چۈشىنىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالماي، ’ئامما‘ چۈشەنمەيدۇ دەيدىغان بولساق، بۇ بىر تەرەپلىمىلىك قاراش

بولۇپ قالىدۇ."[4] مۇشۇ روھ بويىچە بولغاندا، شائىرلىرىمىزنىڭ شائىرلار ۋە شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى ئارا چۈشىنىشلىك بولغان سۆز-ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىپ شېئىر يېزىش ھوقۇقى بولۇشى كېرەك. خاس شائىرلار ئۈچۈن "شېئىرىي ئاتالغۇلار لۇغىتى"، "قاپىيە لۇغىتى" قاتارلىقلار ئىشلىنىشى، بۇنداق لۇغەتلەردە چاغاتايچە ئېلېمېنتلار ئۆگىنىشكە ئۈچرىماسلىقى لازىم.

بەزى يولداشلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە "ئەرەب-پارس سۆزلىرى"نىڭ قوللىنىلىشى ھەققىدە مەخسۇس ماقالىمۇ ئېلان قىلدى ۋە ماقالىدە "تەكەللۇم (جانلىق تىلدا تەكەللۇمىنى كەلتۈرۈپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلماق دەپ ئىشلىتىلىدۇ)، كەبەتۇللا (جانلىق تىلدا كەبىتۇللا، ھەرەم دەپ ئىشلىتىلىدۇ)، لەرزە، چىللە (ئەڭ سوغۇق پەسىل)" دېگەن سۆزلەرنى "چۈشىنىكسىز ئەرەب-پارس سۆزلىرى" دەپ ئالاھىدە ئىزاھلاپ كۆرسەتكەندىن باشقا، "ئەگەر يازغۇچىلىرىمىز يەنە داۋاملىق ئەرەب-پارس سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىۋېرىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ ساپ ئۇيغۇر تىلىنى يوقىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ"[5] دەپ ئەندىشە بايان قىلدى. مېنىڭچە، ھازىرقى ۋاقىتتا، ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب-پارس تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت چاغاتايچە سۆزلەرنى ئىشلىتىش (ئەسەر بېغىشلانغان نىشانغا قاراپ) مەسىلىسىلا مەۋجۇت. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۆز ئانا تىلىمىز بولغاچقا، ئۇنىڭدىن

ئۇنۇملۇك پايدىلانساق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تېخىمۇ روناق تاپىدۇ، گۈللىنىدۇ. ھازىرقى زامان شائىرلىرىمىز ئۆز شېئىرلىرىنى چاغاتايچە سۆزلەر بىلەن بېزەشنى ياقتۇرىدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ كلاسسىك تىلىنى سۆيىدۇ. ئالايلۇق:

ئانجان، تۇغقان ئېلىم جۇڭگو، ئۇنىڭ پەرزەندىمەن،
رىشتىگە جىسمىم بىلەن، ئىشقىم بىلەن پەيۋەندىمەن.

(تېيىپجان ئېلىيېۋ: «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»دىن)

قەسەم بىللا، سېنىڭدەك يارۇ-جانان تېپىلماس،
ۋەسلىڭ ئۈچۈن مېنىڭدەك شەيدايى جان تېپىلماس،
مۈلكى جاھان تەختىدە بولسام شاھى سۇلايمان،
باسقان ئىزىڭ خاكىچە مۈلكى جاھان تېپىلماس.

(ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر: «ئۆمۈر مەنزىللىرى»، 65-بەت)

بۇ ئىشرەتگاھ، بۇك-باراقسان چىمەنزار،
بەرنالارنى يۇتقان مۇدھىش جەھەننەم.
بۇندا ئۈچقان ئېسىل ئارمان ساماغا،
مۇڭلۇق نالە بولاقلارغا مۇجەسسەم.

(ئوسمانجان ساۋۇت: «چېنىلۇق شاھ سالقىنلىقىدا»)

مەلۇمكى تىل ئۆزىنىڭ نىشانىغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ، بۇ تىل سەنئىتىدىكى ئەقەللىي ساۋات، بۇنچىلىك ساۋاتنى بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز، تىلچىلىرىمىز ئوبدان بىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەلۇم بىر كلاسسىك ئەدەب ياكى مۇزىكانتقا بېغىشلانغان مەرسىيىنىڭ تىلى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان بىر

باغقا ئاتالغان قەسىدىنىڭ تىلى تەبىئىكى ئوخشمايدۇ ۋە ئوخ-
شىماسلىقى كېرەك. ئۆسمۈرلەر، ئىشچىلار، دېھقانلار نىشان
قىلىنغان گېزىت-ژۇرناللاردىكى ھەرقانداق ئەسەرنىڭ تىلى
شۇلارنىڭ چۈشەنچىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى لازىم، ئەلۋەتتە.

(4) چاغاتايچە ئاتالغۇلارنى تەرتىپكە سېلىپ قېلىپلاشتۇرۇش-
تىمۇ ئومۇمىيەتنى نەزەردە تۇتقان مۇئەييەن پرىنسىپ بولۇشى
لازىم.

«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1987-يىللىق 12-سانىنىڭ
«كىچىك لۇغەت» قىسمىدا، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىلىدىكى
ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش-بېكىتىش كومىتېتى تەرىپىدىن
قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىلگەن بىر قىسىم ئاتالغۇلار ئېلان قىلىندى.
ئۇنىڭدا "ھايۋانات" سۆزىگە مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: "ھايۋا-
نات سۆزى 'ھايۋان' سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭغا
يەنە كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشۇپ، 'ھايۋاناتلار' دېيىشكە
بولمايدۇ."

دۇرۇس، ھازىرقى تىلىمىزدا "ھايۋان" سۆزىمۇ، ئۇنىڭ
ئەسلىدىكى كۆپلۈك شەكلى "ھايۋانات"مۇ ئىشلىتىلىدۇ.
شۇنداقلا، "ھايۋانات" سۆزى بۇ چاغقىچە بىرلىك شەكىل بويىچە
مۇئامىلە قىلىنىپ "ھايۋاناتلار باغچىسى"، "ھايۋاناتلار دۇنياسى"
قىلىپ ئىشلىتىلىپ كەلدى. بىراق، بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى
مەسىلە بار. بىرى، "ھايۋانات"قا ئوخشاش سۆزلەملەرگە
بىرلىك شەكىل ئورنىدا مۇئامىلە قىلىش ھەرگىزمۇ بۈگۈنكى

كۆندە ئۇلارنىڭ ئەسلىدە كۆپلۈك شەكلى ئىكەنلىكىنى ئۇقماس-
لىقتىن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس. ئەسلى كېلىش مەنبەسى
ئەرەب-پارسچە بولغان بۇنداق سۆزلەرنىڭ كۆپلۈك شەكلىگىمۇ
بىرلىك ئورنىدا مۇئامىلە قىلىش چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ
لېكسىكا جەھەتتىكى بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ھازىرغىچە
ئۇرغۇن ئەسىرلەرنى بېسىپ كەلگەن كونا تىل ئادىتىمىزدۇر.
مەسىلەن:

ھەر جايدىن مەشايىخلار (شەيخلەر)، ئۇلەمالەر (ئالىملار)
كېلىپ ھەزرەتى پەھلەۋاندىن ئىستىفادە ئېلىپ بەش
ئون يىل قالۇرلەر ئېردى.

(مۆنجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، قول يازما قىسمى، 29-بەت).

يەشمىسى: تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن مەشايىخ ۋە ئۆلىمالار
ھەزرىتى پەھلەۋاندىن تەلىم ئېلىپ بەش-ئون يىل تۇرۇپ
قالاتتى.

(«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، يېشىم قىسمى، 62-، 63-بەتلەر)

يەنە بىرى، بۇ خىل ئەسلىدىكى بىرلىك شەكلىمۇ، كۆپلۈك
شەكلىمۇ ئىستېمال قىلىنىدىغان ھەممە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ
ئادىتى بويىچە كۆپلۈك شەكلىنىڭ ئاخىرىغا يەنە كۆپلۈك قوشۇم-
چىسى "-لار/-لەر" قوشۇلۇپ كېلىۋېرىدىغان سۆزلەر ھازىرقى
تىلىمىزدا يالغۇز "ھايۋان، ھايۋانات"لا ئەمەس. ئالايلۇق:

| بىرلىك شەكلى | كۆپلۈك شەكلى |
|---|---|
| ھال | ئەھۋال (ئەھۋالات) |
| تەشكىل | تەشكىلات |
| تەقسىم | تەقسىمات |
| تەلىم | تەلىمات |
| تەشۋىق | تەشۋىقات |
| تەرغىب | تەرغىبات |
| تەتقىق | تەتقىقات |
| تەپسىل | تەپسىلات |
| تەمىن | تەمىنات |
| يار | ياران |
| جان | جانان |
| مەرت (مەرد) | مەردان |
| مەلۇم | مەلۇمات |
| ئالىم | ئۆلىما |
| ئاجايىپ | ئاجايىبات |
| قازى | قۇززات |
| ۋەلى | ئەۋلىيا |
| نەبى | ئەنبىيا |
| شەيخ | ماشايىخ |
| خەلق | خالايىق |

| بىرلىك شەكلى | كۆپلۈك شەكلى |
| --- | --- |
| مۇشكۇل | مۇشكۇلات |
| تىلسىم | تىلسىمات |
| ئىزاھ | ئىزاھات |
| مۆجىزە | مۆجىزات |
| مەخلۇق | مەخلۇقات |
| مەشغۇل | مەشغۇلات |
| مەھسۇل | مەھسۇلات |
| مەۋجۇد | مەۋجۇدات |

يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ئىشلىتىلىشى "ھايۋان" بىلەن "ھايۋانات"نىڭ ئىستېمال قىلىنىشىغا ئوپئوخشاش بولۇپ، كۆپلۈك شەكلىگە يەنە كۆپلۈك قوشۇمچىسى "لار/لەر" قوشۇلۇپ كېلىۋېرىدۇ، مەسىلەن، غارايىباتلار دۇنياسى، تىلسىماتلار ماكانى، ئۆلىمالار، ماشايىخلار، ئەۋلىيا-ئەنبىيالار دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئەمدى، ئاتالغۇلارنى ئىمكان بار ئىخچام قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىر بوغۇم بولسىمۇ قىسقارسۇن دېسەك، "ھايۋانات" قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا "-لار/-لەر"، "گۈلزار"، "دەرەخزار" قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا "لىق"نى قوشماسلىقنى تەرغىپ قىلىشىمىزمۇ توغرا، ئەلۋەتتە. بىراق، بۇنداق سۆزلەردىن بىرىنى تاپساق بىرگە،

ئىككىنى ئۇچراتساق ئىككىگە ئايرىم قارار ماقۇللاپ ئولتۇرماي، شۇ تۈركۈمدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى جۇغلاپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەپسىلىي ئېنىقلاپ، ئاندىن ھەممىگە ماس كېلىدىغان بەلگىلىمە چىقىرىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بىزنىڭ بېكىتمىلىرىمىز تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئەمەلىي خىزمەتتە تېخىمۇ ياخشى رول ئوينىيالايدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى، ھازىرقى تىلىمىزنىڭ ئاساسى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەنتلىرى خۇددى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەنتلىرىغا ئوخشاشلا قىممەتلىك بولۇپ، ئاتالغۇلارنى قېلىپ-لاشتۇرۇشتا، پايدىلىنىش ئوبيېكتى بولۇش لاياقىتىگە ئىگە، بىز بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇشىمىز لازىم.

1989 - يىل 5 - ئاي.

ئىزاھات:

① تېيىپجان ئېلىيېۋ: «‹ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر›گە كىرىش سۆز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل نەشرى، 5 - بەت.

② ئابدۇسالام ئابباس، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتال-غۇلار مەسىلىسى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1982 - يىل 2 - سان، 2 - بەت).

③ بۇ لايىھە «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1988 - يىللىق 1 - سان، 120 - ، 121 - بەتلىرىدىن كۆچۈرۈلدى.

④ ئىلى ئابىت: «سۆز - ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 - يىل 8 - سان، 14 - بەت).

⑤ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 - يىل 8 - سان، 24 - بەت.

# چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىس جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكا جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. ئەمما، بىز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا سىنتاكسىس جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ تەركىبىدە، تۈزۈلۈشى جەھەتتە ھازىرقى تىلىمىزدىكى بىلەن تولۇق ئوخشىمايدىغان سۆز بىرىكمىلىرى — ئەرەبچە- پارسچە ئىزاپەتلىك بىرىكمىلەردىن باشقا، قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم جۈمىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

1. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت قاتارلىق جۈملە بۆلەكلىرى جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ ۋە مەزكۇر جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى جەزمەن جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى بولغان خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. بىراق، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملە قۇرۇلۇشىدا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى جۈملە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇشۇ تۈپ قائىدىسىگە خىلاپ بولغان ئۆزگىچە ئەھۋالنى، يەنى

جۈملىنىڭ ئەگەشمە بولەكلىرىنىڭ جۈملىنىڭ باش بۆلىكى بولغان خەۋەرنىڭ كەينىدە كېلىدىغان ئالاھىدە ئەھۋالنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

(1) (ئۇلار) تەملىخا دېگەن رەفىقلارىنى شەھەرگە
ئىگە

يىبەرمىشلار تەئام كەلتۈرۈرگە.
خەۋەر — ھالەت

(ناۋايى: «تارىخى ئەنبىيا»دىن)

(ئۇلار تەملىخا دېگەن بۇرادىرىنى شەھەرگە تاماق كەلتۈرۈشكە ئەۋەتىپتۇ.)

(2) (ناۋايى) تۈت غەزەلىيات دىۋانى تەرتىپ قىلىپتۇر
ئىگە — خەۋەر

غەرايىبۇسسىغەر، نەۋادىرۇششەباب، بەدىئۇلۋەسەت،

فەۋايىدۇلكىبەر ئاتلىق.
ئېنىقلىغۇچى

(«بابۇرنامە»دىن)

(ناۋايى «باللىقتىكى ئاجايىپ ئىشلار»، «يىگىتلىك نادىرلىقلىرى»، «ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىدىكى قىممەتلىكلەر»، «قېرىلىقتىكى پايدىلىق ئىشلار» نامىلىق تۆت دىۋان تۈزگەن.)

(3) (ئۇ) شىمالى سارىغە شەھىنەشىندا ئىككى تۆشەك
ئىگە

سالدىلەر بىر ـ بىرىگە روبەرو.

خەۋەر هالەت

(«بابۇرنامە»دىن)

(ئۇ، شىمال تەرەپتىكى سۇپىغا بىر ـ بىرىگە روبىرو قىلىپ ئىككى پارچە سىلىنچا سالدى.)

(4) (مەن) ئۇل شەھەر ئوتتاسىدا بىر كۆشك كۆردۇم

ئىگە خەۋەر

سەنگى مەرمەردىن.

ئېنىقلىغۇچى

(رابغۇزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دىن)

(مەن بۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەرمەر تاشتىن ياسالغان بىر قەسىرنى كۆردۇم)

(5) پادىشاھ بۇ سۆز بىرلە ۋەئدەسىنى سۇندۇرۇپ

ئىگە

مۆھرىنى يىرتىپ تاشلادى غىرىب سەنەمگە مەلامەت يەتكۈرگۈ

ئىزاھلىغۇچى هالەت خەۋەر

دىك دىپ.

(«بۇلاق»، 11 ـ سان، 223 ـ بەت).

(پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، غىرىب ـ سەنەمگە مالامەت يەتكۈزگۈدەك دەپ، مۆھۈرلۈك تىلخەتنى يىرتىپ تاشلىدى.)

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، بۇ خىلدىكى جۈملىنىڭ باش بۆلىكى بولغان خەۋەرنىڭ كەينىدە كېلىدىغان ئەگەشمە بۆلەكلەر بەزى هاللاردا جۈملە خەۋىرى بىلەن "كى // كىم" ئارقىلىق باغلىنىپ

كېلىدۇ. مەسىلەن:

(7) (ئۇلار) بىر تاغنىڭ ئۈستىگە دىۋارلارىبنا قىلىپتۇركى

خەۋەر

رۇخام تاشىدىن.

ھالەت

(رابغۇزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دىن)

(ئۇلار بىر تاغنىڭ ئۈستىگە مەرمەر تاش بىلەن تام قوپۇرۇپتۇ).

ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىدىن بولغان خەۋەرنىڭ كەينىدە كېلىشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىس جەھەتتىكى مۇھىم ئۆزگىچىلىكى ھېسابلىنىدۇ. دەسلەپكى قەدەمدىكى ئۆگىنىشىمىز ۋە سېلىشتۇرۇپ ئىزدىنىشىمىزچە، بۇ خىل ئۆزگىچىلىك چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئۆزلەشكەن. ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىدا، جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت قاتارلىق بۆلەكلىرى ھامان جۈملە خەۋىرىنىڭ كەينىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەرسەلنە ئابدەللاھ ئىلەلمەدىنە لىشىرائى.

(ئەۋەتتۇق ئابدۇللانى شەھەرگە «مال» سېتىۋېلىشقا).

خەۋەر

ئەجەبتۇلىئۇستازە قاشىمان (جاۋاب بەردىم مۇئەللىمگە ئۆرە

خەۋەر

تۇرۇپ) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىس جەھەتتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ھال پېئىللارنىڭ مۇستەقىل ھالدا جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، مۇئەييەن بىر ئاياغ-لاشقان ئوي پىكىرنى ئىپادىلىگۈچى جۈملىلەر تۈرلۈك مەيل ۋە زامان قوشۇمچىسىغا ئىگە پېئىللارنىڭ خەۋەر بولۇپ كېلىشىدىن باشقا، ھال پېئىللارنىڭ خەۋەر بولۇپ كېلىشى ئارقىلىقمۇ تۈزۈلۈۋېرىدۇ. مۇنداق ھال پېئىلدىن بولغان خەۋەرنىڭ قايسى مەيل ۋە قانداق زاماندا كەلگەنلىكىنى كونتېكست ئارقىلىق پەرق قىلىپ، ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

(فەرھاد) قويۇپ تۇپراققە يۈز ئەيلەپ تەزەررۇئى،

خۇدايىدىن قىلىپ نۇسرەت تەۋەققۇئ.

ئاتاسى ئاياقىغە قويۇپ باش،

دۇئايى ھىممەت ئىستەپ ئاقىزىپ ياش.

ئاتا ئەيلەپ ياقاسىن چاك يىغلاپ،

بولۇپ بارى ئۇلۇس غەمناك يىغلاپ.

(ناۋايى: «فەرھاد-شىرىن»دىن)

بۇ مىسالدىكى ئاستى سىزىلغان "قىلىپ، ئاقىزىپ، يىغلاپ" دېگەن ھال پېئىللار مەزكۇر شېئىرىي جۈملىلەردىكى خەۋەر بولەكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قايسى مەيل ۋە قانداق زامان

بىلەن كەلگەنلىكىنى ئاشۇ كونتېكستتا بايان قىلىنۋاتقان ۋەقە-لىككە ۋە سۆزلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىغا قاراپ ئۇنىڭغا مۇنداق يېشىم بېرىشىمىز مۇمكىن:

(فەرهاد) يەرگە يۈزىنى قويۇپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ، خۇدا-دىن نۇسرەت تىلىدى. ئاتىسىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، ھەممەت دۇئاسى ئىزدەپ ياش تۆكتى. ئاتا ياقىسىنى يىرتىپ تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. بارلىق خەلق غەمگە چۆكۈپ يىغا-زار قىلىشتى.

بۇ خىل ھال پېئىللار خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان ئۆزگىچە ئەھۋال يالغۇز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي ئەسەرلەردىلا ئەمەس، بەلكى نەسرىي ئەسەرلەردىمۇ ئۇخشاشلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

پادىشاھ بۇ ئىشدىن مەسرۇر بولۇپ تەملىخاغا يول باشلاتىپ ئەسھابى كەھف سۆھبەتىغە مۇشەررەف بولۇپ، ئۇلار تەئام يەپ تەگرى تەئالاغە سەجداتى شۈكر قىلىپ يانا ئۇيقۇغا بارمىشلار.

(ناۋايى: «تارىخى ئەنبىيا»دىن)

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ مىسالنى "بولۇپ، باشلاتىپ، بولۇپ، يەپ، قىلىپ" دېگەن چېتىلما رەۋىشداشلار بىلەن چېتىلىپ ھاسىل بولغان بىر دانە ئاددىي جۈملە، بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى "پادىشاھ" خەۋىرى "بارمىشلەر"، "مەسرۇر بولۇپ"، "يول باشلاتىپ"، "مۇشەررەف بولۇپ"، "سەجداتى شۈكۈر

قىلىپ" دېگەنلەر بولسا مۇشۇ بىر جۈملىنىڭ ھالەتلىرى دېيىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايرىم-ئايرىم ئىگىسى بولغان ئىككى يۈرۈش ئىش-ھەرىكەتنى بايان قىلغان مۇستەقىل ھالدىكى ئىككى جۈملە بولۇپ، بىرىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى "پادىشاھ"، خەۋىرى "مۇشەررەپ بولۇپ"تىكى "بولۇپ"، ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى "ئۇلار" (غار ساھابىلىرى)، خەۋىرى بولسا "بارمىشلەر"دىن ئىبارەت. مەزكۇر بىرىنچى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كەلگەن "بولۇپ" دېگەن بۇ ھال پېئىلنىڭ قايسى زامان ۋە قانداق مەيلدە كەلگەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئالدى-كەينىدىكى جۈملىلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە ۋە سۆزلەرنىڭ ئورامىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىمىز. ئاندىن، ئۇلارغا مۇنداق يېشىم بېرىمىز:

پادىشاھ بۇ ئىشتىن خۇشال بولۇپ، تەملىخاغا يول باشلىتىپ بېرىپ، غار ساھابىلىرىنىڭ سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولۇپتۇ. ئۇلار (غار ساھابىلىرى) تاماق يەپ، تەڭرى تەئالاغا رەھمەت يۈزدىسىدىن سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

يەنە مەسىلەن:

ئول پادىشاھ ئول غار ئىشكىدە ئۇلۇغ گۇمبەد ياساپ ئالارنى
ئىگە

مەدفۇن قىلىپ ئول يەر خەلايىققە ئەزىم مەئبەد بولمىش.
خەۋەر ئىگە خەۋەر

(ناۋايى: «تارىخى ئەنبىيا»دىن)

روشەنكى، بۇ مىسالدىكى ئاستى سىزىلغان "قىلىپ" دېگەن هال پېئىلمۇ "پادىشاھ" تەرىپىدىن ئورۇنلانغان ئىش-ھەرىكەتنى بايان قىلغان مۇستەقىل بىر جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا ئۇنىڭ يېشىمى مۇنداق بولىدۇ:

ئۇ پادىشاھ ئۇ غارنىڭ ئېغىزىغا كاتتا گۈمبەز ياساپ، ئۇلارنى دەپنە قىلىپتۇ. (شۇندىن كېيىن) ئۇ يەر خالايىق ئۈچۈن بىر ئۇلۇغ ئىبادەتخانا بولۇپ قاپتۇ.

مەلۇمكى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى قول يازمىلاردا تىنىش بەلگىلىرى ۋە جۈملە بىلەن جۈملىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېكىت قاتارلىقلار ئومۇمەن ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغاندا، بولۇپمۇ قول يازمىلارنىڭ يېشىمىنى بەرگەندە، هال پېئىللارنىڭمۇ مۇستەقىل خەۋەر بولۇپ كېلەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئۆزگىچىلىككە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

3. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي ئەسەرلەردە ۋەزىن، قاپىيە ۋە شېئىرىي ئاھاڭدارلىقنى كاپالەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن، بەزى ھاللاردا، ئايرىم-ئايرىم شېئىرىي جۈملىگە تەئەللۇق بولغان ئىككى سۆز ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

چەمالىڭ ۋەسفىنى قىلدىم چەمەندە،
قىزاردى گۈل ئۇياتتىن ئەنجۇمەندە.

(«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 156-بەت)

بۇ بېيىتتىكى "چەمەندە" سۆزى بىلەن "ئەنجۈمەندە" سۆزى پەقەت ۋەزىن ئېھتىياجىدىنلا ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ كەلگەن. بىراق، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي ئەسەرلەردە مۇنداق ئىككى جۈملىگە تەۋە بولغان سۆزلەرنىڭ مۇئەييەن شەرت ئاستىدا، ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۆزگىچىلىك يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن كىتابنىڭ 157 ـ بېتىدە مەزكۇر بېيىتنىڭ يېشىمى:

چىمەندە جامالىڭنىڭ تەرىپىنى قىلۇۋىدىم،

بەزمىدە گۇل ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كەتتى.

دەپ خاتا بېرىلىپ قالغان. بىزنىڭچە مەزكۇر بېيىتنىڭ توغرا يېشىمى تۆۋەندىكىدەك بولۇشى مۇمكىن:

بەزمىدە (ئولتۇرۇشتا) جامالىڭنىڭ تەرىپىنى قىلۇۋىدىم،

چىمەنزاردىكى گۇل (ئاڭلاپ قىلىپ، سېنىڭ گۇلدىنمۇ چىرايلىق ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ) ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ كەتتى.

4. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، "ھەققىدە // توغرىسىدا // توغرۇلۇق" بىلەن ئىسىملارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىسىم ـ تىركەلمە قۇرۇلمىسى مۇئەييەن ھەرىكەت ياكى ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنىنى بىلدۈرۈپ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ ۋە مەزكۇر ئىسىم ـ تىركەلمە قۇرۇلمىسىدىن تۈزۈلگەن ھالەت ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، جەزمەن ئاشۇ ئۆزى مەزمۇنىنى

بىلدۈرگەن ھەرىكەت ياكى ھۆكۈم ئوبيېكتىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن باھار ھەققىدە شېئىر يازدىم.

بۇ خىلدىكى ئىسىم-تىركەلمە قۇرۇلمىسى پەقەت ئاشۇ ئۆزى مەزمۇنىنى بىلدۈرگەن ھەرىكەت ياكى ھۆكۈمنىڭ ئوبيېكتى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىلگەن ئەھۋال ئاستىدىلا ئاندىن ئالاھىدە كۆرسىتىش بەلگىسى "نى" قوشۇلغان ھالدا، ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ كەينىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

مەن بۇ شېئىرنى باھار ھەققىدە يازدىم.

ئەمدى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا "ھەققىدە // توغرۇلۇق // توغرىسىدا" نىڭ يەنە "بارەسىدە // بابىدا // توغراسىدىن // خۇسۇسىدا" قاتارلىق ۋارىيانتلىرىنىمۇ ئۇچرىتىمىز ۋە ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ ئىسىم-تىركەلمە قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەزكۇر ئىسىم-تىركەلمە قۇرۇلمىسى خۇددى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاشلا جۈملىدە مۇئەييەن ھەرىكەت ياكى ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنىنى بىلدۈرۈپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. بىراق، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئىسىم + ھەققىدە" قۇرۇلمىسىنىڭ پۈتكۈل جۈملىدىكى ئورنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش نىسپىي جەھەتتىن تۇراقلىشىپ، قېلىپلىشىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن. يەنى "ئىسىم + ھەققىدە" قۇرۇلمىسى ھالەت

بولۇپ كەلگەن خىلى نۇرغۇن جۈملىلەردە، مەزكۇر "ئىسىم+ ھەققىدە" قۇرۇلمىسىنىڭ، جۈملىدىكى ھەرىكەت ئوبيېكتى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئوخشاشلا ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ كەينىدە كەلگەنلىكىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن:

(ئۇ) كۆپ ياخشى رىسالە بۇفەن ھەققىدە پۈتۈدىلەر.

(تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، قول يازما، 14 ـ بەت).

يېشىمى: (ئۇ) بۇ پەن ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ياخشى رىسالەلارنى يازغان.

(ئۇ) رىسالەئى دەۋۋار نامىلىق بىر كىتاب بۇ فەن خۇسۇسىدا تەسنىق قىلدىلەر.

(«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، قول يازما، 16 ـ بەت).

يېشىمى: (ئۇ) بۇ پەن توغرىسىدا «جاھانكەشتىلەر رىسالىسى» نامىلىق بىر كىتاب يازدى.

(ئۇ) تەلخىس ئاتلىق بىر كىتاب فەساھەت، بەلاغەت ھەققىدە، خۇسۇسەن قورئاننىڭ فەساھەت، بەلاغەتى ھەققىدە ئىجاد قىلدى.

(«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، قول يازما، 33 ـ بەت).

يېشىمى:

(ئۇ) پاساھەت ۋە بالاغەت ھەققىدە، بولۇپمۇ قۇرئاننىڭ پاساھەت ۋە بالاغىتى ھەققىدە «ئومۇمىي بايان» نامىلىق بىر

كىتاب تۈزدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن بىرقانچە نۇقتىلىق مەسىلىلەر ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىس جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى يالغۇزلا ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئەرەبچە-پارسچە ئىزافەتلەر ۋە بىر قىسىم ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى جۈملە قۇرۇلۇش جەھەتتىكى بىر قاتار ئۆزگىچىلىكلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىچىلىكلەر ئۈستىدە يەنىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرى بويىچە تەپسىلىي قىلىپ كۆرسىتىشمۇ مۇمكىن. مۇنداق قىلىشنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات تارىخىنى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ جۈملە قۇرۇلۇشىنىڭ قېلىپلىشىش جەريانىنى چۈشىنىشتە مۇناسىپ ئەھمىيىتى بار.

1986-يىل 1-ئاي.

# ھەمزە ھەققىدە

—«رىيازەت چەككەن سەككىز ھەرپ»نى ئوقۇغاندىن كېيىن—

مەن يولداش مۇھەممەت رەھىمنىڭ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1986-يىللىق 11-سانىغا بېسىلغان «رىيازەت چەككەن سەككىز ھەرپ» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. مېنىڭچە، ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى ھەققىي ئەھۋال. يېزىقىمىزدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇش ھەرپىنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى بىرنەچچە قېتىملىق ئىملا قائىدىسىدە ۋە ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا، ھامان "نىرى تۇر-بىرى تۇر"غا ئۇچراپ، بەزىدە كالپۇكلىرى سوزۇلۇپ باشقا ھەرپلەرگە ئۇلاپ يېزىلىدىغان قىلىنسا، بەزىدە ئاشۇنداق "يەكلەپ" تىرناق ئىچىگە سولاپ قويۇلۇپ "رىيازەت چەككەن"لىكى راست.

مەزكۇر سەككىز ھەرپ زادى نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق رىيازەتلىك تەقدىرگە دۇچار بولىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبكارى — ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 24 ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىنىڭ ھېچقايسىدا يوق، پەقەت سەككىز سوزۇق تاۋۇش ھەرپىدىلا بار بولغان ھەمزە (ئـ، ئ)دىن ئىبارەت. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەزكۇر ھەمزە ھەرپمۇ ياكى بەلگىمۇ؟ ئۇنىڭ رولى

زادى نېمە؟ بۇ ھامان بىركۆنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە.

مەلۇمكى، ھەمزە ئەسلىدە ئەرەب يېزىقىدا ئەرەب تىلىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش "ءُ" [ʔ]"نى ئىپادىلەيدىغان بىر ھەرپ بولۇپ، بىزنىڭ يېزىقىمىزغا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن تۇنجى ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن. ئۇ خاقانىيە تىلى دەۋرى بىلەن ئۇزاق ئەسىرلىك چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئۇزۇك تاۋۇش "ءُ"نى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۆز ۋاقتىدا، مەزكۇر "ءُ"نىڭ ئۇزۇك تاۋۇشلۇق شەكلى ساكىن (ە) بىلەن ئىپادىلىنىدىغەندى. مەسىلەن، مأمور (مەئمۇر)، تأمين (تەئمىن)، مؤمن (مۇئمىن) دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئۇنىڭ سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكىللىرى بولسا، زەبەر (ـَ)، زىر (ـِ) ۋە پەش (ـُ)تىن ئىبارەت سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى ئارقىلىق ھاسىل قىلىناتتى. مەسىلەن:

ألب (ئالب) (: قەھرىمان. («دىۋان»، 1 - توم، 58 - بەت)

أب (ئەپ): تەكتىلەش، ئاشۇرۇش قوشۇمچىسى («دىۋان» 1 - توم 47 - بەت)

أرك (ئۆرۈك): ئۆرۈك، ئۆرۈمە. («دىۋان»، 1 - توم، 94 - بەت)

إم (ئىم): ھەربىي قوشۇنلاردا باش قوماندان تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن مەخپىي بەلگە (پارول). («دىۋان»،

1 - توم، 54 - بەت)

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، سۆز بېشىدا كېلىدىغان ھەمزىلەرگە ئېلىپ (ا) ۋەكىللىك قىلىدىغان بولدى. شۇڭلاشقا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسىدا، ئېلىپ (ا) نىڭ يېزىقتا ۋەكىللىك قىلىدىغىنى "ئا، ئە" تاۋۇشلىرىدىن باشقا يەنە "ئ" (ھەمزە) ئىكەنلىكىمۇ ئېنىق سۆزلىنىدۇ. (قاراڭ: «چاغاتاي تىلى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ 1986 - يىل نەشرى)

ئەمدى، ھازىر ئىشلىتىۋاتقان ئېلىپبەيىمىزنى ئىشلىگەن چاغدا، ئاشۇ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا ھەمزىگە ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەن ئېلىپ (ا) نىڭ ئورنىغا ئۇ ئۆزى ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەن ھەمزە (ئ) نىڭ ئۆزى ئالماشتۇرۇپلا قويۇلغان، خالاس. سېلىشتۇرۇپ قاراپ باقايلى:

| چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا | ھازىرقى يېزىقتا |
| --- | --- |
| آكا | ئاكا |
| آكر | ئەگەر |
| اون | ئون |
| اولاغ | ئۇلاغ |
| اوردك | ئۆردەك |
| اوجون | ئۈچۈن |
| ايردى | ئېردى |
| ايمان | ئىمان |

مېنىڭچە، ئۆز ۋاقتىدا، ئېلىپ (ا)نىڭ ئورنىغا مەزكۇر ھەمزە (ئ)نى ئالماشتۇرۇپ قويۇش بىر خىل بىھۇدە ئىش بولغان. چۈنكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا "ئ" دەيدىغان ئۆزۈك-تاۋۇش يوق. بۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئاللىقاچان ئورۇنلاپ بولغان. شۇنداق ئىكەن، ھەمزە (ئ)نى يەنە زورمۇ زور "ا، ە، و، ۇ، ۆ، ۈ، ې، ى" لەرنىڭ تۇمشۇقىغا ئۇلاپ قويۇشنىڭ زادى نېمە ئەھمىيىتى ۋە نېمە رولى بار؟ ھازىرقى يېزىقىمىزدىكى "ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ئې، ئى"لەرنىڭ ھېچقاي-سىسى بىر پۈتۈن ھەرپ ئەمەس. بەلكى ئىككى پارچىدىن تەركىب تاپقان قوراشتۇرما ھەرپلەردىن ئىبارەت. بۇ نابور-چىلارغىمۇ ئايان. ئەمدى، بۇ سەككىز ھەرپتە ئەمەلىي رول ئويناۋاتقىنى "ا، ە، و، ۇ، ۆ، ۈ، ې، ى" ھەرپلىرىنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇمشۇقلىرىغا ئۇلاپ قويۇلغان ھەمزە (ئ)نىڭ بىكارچى نەرسە ئىكەنلىكى ھەربىر ساۋاتلىق ئادەمگە مەلۇم.

مېنىڭچە، گېزى كېلىپ ھازىرقى يېزىقىمىزنى يەنە مۇۋاپىق ئىسلاھ قىلىش كۈنتەرتىپكە قويۇلغان چاغدا، سەككىز سوزۇق تاۋۇش ھەرپىنىڭ تۇمشۇقىدىكى ھەمزەلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئېلىپ تاشلاش كېرەك. بۇ چاغدا، تىلىمىزدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادە قىلغۇچى ھەرپلەرنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى مۇنداق بولىدۇ:

| تەرتىپى | يەككە شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | نامى | مىساللار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ا | | | ـا | A | ات، نان، رام |
| 2 | ە | | | ـە | Ə | ەمەت، رەم |
| 3 | و | | | ـو | O | ون، تون، رومبا |
| 4 | ۇ | | | ـۇ | U | ۇن، قۇم، رۇم |
| 5 | ۆ | | | ـۆ | Θ | ۆز، كۆز |
| 6 | ۈ | | | ـۈ | Ü | ۈن، كۈن، كۆرۈن |
| 7 | ې | ېـ | ـېـ | ـې | E | ېيىق، قېرى، بې (ھەرپ نامى)<br>دې (ھەرپ نامى) |
| 8 | ى | ىـ | ـىـ | ـى | I | ىز، بىز، وغلى، قىزى |

يۇقىرىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، سەككىز سوزۇق تاۋۇش ھەرپىدىكى ھەمزىنى چىقىرىپ تاشلىغاندا، مەزكۇر سوزۇق تاۋۇشلارنى يېزىقتا ئىپادىلەشكە قىلچىمۇ تەسىر يەتمەيدۇ. ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ھەمزىنىڭ چىقىرىپ تاشلىنىشى بىلەن سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىدىن جەمئىي 20 خىل شەكىل ئىخچاملىنىدۇ. بۇنىڭ مەتبەئەچىلىكتە، ھەرپ تىزىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى زور پايدىسى بار.

خوش، سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىدىكى ھەمزىنى ئېلىپ تاشلاش بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىدا ئەمدى ھەمزە پەقەت قالمامدۇ؟ ياق. "ئ" يەنىلا ئىشلىتىلىدۇ. ئەمدىكى "ئ"نىڭ ئىسمى، رولى ۋە ۋەزىپىسى ھەققىدە دۇدۇقلىماي ئېنىق گەپ قىلالايمىزكى، "ئ"نىڭ ئىسمى ھەمزە، ۋەزىپىسى بوغۇم ئايرىش. ئۇ ھەرپ ئەمەس، بەلكى بىر سۆز ئىچىدە، يېپىق بوغۇمدىن كېيىن، بوغۇم بېشى بولۇپ كېلىدىغان سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ ئالدىغا قوشۇپ يېزىلىدىغان بوغۇم ئايرىش بەلگىسىدىن ئىبارەت.

مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىنئام | (in'am) | ئالدىنئالا | (aldin'ala) |
| قەلئە | (kəl'ə) | تەلئەت | (təl'ət) |
| مەسئۇل | (məs'ul) | مەلئۇن | (məl'un) |
| قەتئىي | (kət'i) | سۇنئىي | (sun'i) |

ئۇيغۇر تىلىدا، سۆزنىڭ بىر بوغۇمىدا پەقەت بىرلا سوزۇق تاۋۇش بولىدىغان بولغاچقا، ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارقا-ئارقىدىن كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ بوغۇم ئايرىش بەلگىسىگە مۇتلەق ھاجىتى چۈشمەيدۇ. شۇڭا، بىر سۆز ئىچىدە، ئۇچۇق بوغۇمدىن كېيىن بوغۇم بېشى بولۇپ كېلىدىغان سوزۇق تاۋۇش-لارغا شۇ سوزۇق تاۋۇشنىڭ مۇناسىپ شەكلىنى بىۋاسىتە يېزىۋېر-سەك بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ماارىپ | (maarip)، | بىارام | (biaram) |
| تەبىەت | (təbiət)، | پاجىە | (pajiə) |
| گېولوگىيە | (geologiyə) | فېودال | (feodal) |
| شېىر | (xeir) | پېىل | (peil) |

گەپنىڭ قىسقىسى، ھېچقانداق ئەمەلىي رولى يوق ھەمزىنى ئېلىپبە جەدۋىلىدىن چىقىرىپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن يېزىقىمىزدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇش ھەرپى ھەرقانداق شەكىلدىكى رىيازەتتىن ئەبەدىي قۇتۇلىدۇ.

1987 - يىل 3 - ئاي.

# "ساۋات" سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇلاھىزە

دۇنيادا مەلۇم بىر تىلدىكى سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەندە، ھامان باشقا تىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدىغان ئەھۋال ئۇچراپلا تۇرىدۇ. ھازىرقى تىلىمىزدا "خەت تونۇش، ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىش"، "ئاساسىي بىلىم، ئومۇمىي چۈشەنچە" مەنىلىرىدە ئىستېمال قىلىنىۋاتقان "ساۋات" سۆزى ئەسلىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئۇيغۇرچىغا قوبۇل قىلىنغان ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا "سواد" يېزىلىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا "سەۋاد" تەلەپپۇز قىلىناتتى. مەزكۇر "سەۋاد" سۆزى زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنگارمونىزمى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك فونېتىكا قائىدىسىگە بويسۇنۇپ، بۈگۈنكى "ساۋات" سۆزىگە ئايلانغان. ئەمدى، مەزكۇر "ساۋات" سۆزىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولغان "سەۋاد" ئاتالغۇسى ئۆز زامانىسىدا قانداق مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن؟ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگۈچە ئۇنىڭ مەنە دائىرىسىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغان؟ بۇلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش — تىلىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان مۇشۇ

تۈركۇمدىكى ئۆزلەشمە سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىلمىي ئاساستا شەرھلەپ بېرىشتە مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش جەريانىدا تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە، ھازىرقى "ساۋات" سۆزىنىڭ ئەسلى شەكلى بولغان "سەۋاد" ئاتالغۇسى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەر-لەردە ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن:

1. قارا، قارا رەڭ، قارا تۈس. مەسىلەن:

بۇ سەبەبتىن ئانىڭ رەنگى بەياز سەۋادغە مۇبەددەل بولۇپ، تىلى شىكەستەلىك زاھىر قىلىپ، فەساھەت ۋە بەلاغەت ھىلىيەسىدىن ئارى قالدى.

(ئەلىشىر ناۋايى: «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»دىن)

يېشىمى: مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئاق رەڭگى قارىغا ئۆز-گىرىپ، تىلىدا كېكەچلىك پەيدا بولۇپ، ئىستىلىستىكا زىننىتىدىن مەھرۇم قالدى.

چۇن كۆكىن خۇسۇفزاد قىلدىڭ
ئاينىڭ كۇمۇشىنى سەۋاد قىلدىڭ.

(ئەلىشىر ناۋايى: «لەيلى ۋە مەجنۇن»دىن)

يېشىمى: ھاۋانى تۇتۇلدۇردۇڭ، ئاينىڭ كۇمۇش رەڭگىنى قارا قىلدىڭ.

2. خەت تونۇش، يېزىش-ئوقۇشنى بىلىش. مەسىلەن:

"رەۋان سەۋادى بار ئېدى، خەمسەتەين ۋە مەسنەۋى

كىتابلارنى ۋە تارىخلارنى ئوقۇپ ئېردى، ئەگەر شاھنامە ئوقۇر ئېردى.

(«بابۇرنامە»دىن)

يېشىمى: راۋان ساۋاتى بار ئىدى. ئىككى «خەمسە» (ناۋايىنىڭ «خەمسە»سى بىلەن نىزامى گەنجىۋىنىڭ «خەمسە»سى)لى، مەسنىۋىلەرنى ۋە تارىخلارنى ئوقۇغانىدى. ئۇ كۆپىنچە «شاھنامە»نى ئوقۇيتتى.

ئۇچۇنچى ئاي رەۋان بولدى سەۋادى،

بۇرۇنغى يىلدا قۇرئان بولدى يادى.

(ئەلىشىر ناۋايى: «فەرھاد ۋە شىرىن»دىن)

يېشىمى: ئىككى ئايدىن كېيىنلا ئوقۇپ، يازالايدىغان بولدى، بىرىنچى يىلدىلا «قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئېلىپ بولدى.

3. ئورگىنال، كۆپىيە، يازما ئەسەرنىڭ بىرىنچى نۇسخىسى. مەسىلەن:

ئۇزۇپ ھىكمەت ئەۋراقىنى تۇندباد،

كۇتۇب ئۇچتى-يۇ، ئېلگە قالدى سەۋاد.

(ئەلىشىر ناۋايى: «سەددى ئىسكەندەرى»دىن)

يېشىمى: ھېكمەتلەر يېزىلغان ۋاراقلارنى قارا بوران يىرتەۋەتتى، كىتابلار ئۇچۇپ كەتتى، بىراق، ئەل ئىچىدە ئۇنىڭ كۆپىيىسى قېلىپ قالدى.

4. پۇقرا، خەلق. مەسىلەن:

چۈن "ئەلەيكۇم بىسسەۋادىلنەئىزەم" ئەيدى مۇستافا،

سەندىك ئاق يۈزلۈك قارانى ئىلدىن ئىتتىم ئىختىيار.

(ئەجەللى: «قارا ھەققىدە قەسىدە»دىن)

يەشمىسى: مۇھەممەد پەيغەمبەر: "كۆپچىلىك خەلق بىلەن

بىرگە بولۇڭلار" دېگەن. شۇڭا مەن خەلق ئىچىدىن سەندەك

بىر ئاق يۈزلۈك قارا (پۇقرا)نى تاللىۋالدىم.

5. چۆرە، ئەتراپ. مەسىلەن: بوستان سەۋادى (باغنىڭ

چۆرىسى)، شەھەر سەۋادى (شەھەر ئەتراپى).

بۇ كىچە شوخلۇقىدىن دىلرەبا غەيرىگە يار ئەردى؛

قىزىل ياشىم سارىغ چېھرىمگە ھاي-ھاي زىننەتى بەردى،

زەلىلىنىڭ يۈزىدۇر يا سەۋادى كىمىيا دەرلەر.

زەلىلى: «مۇخەممەس»تىن، «ئۇيغۇر كلاسسىك

ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 384-بەت).

يەشمىسى: گۈزەل يارىم بۇ كېچە شوخلۇقىدىن ئۆزگىگە يار

ئىدى.

ھەي-ھەي، قىپقىزىل يېشىم ساپسېرىق چىرايىمغا

ئەجەب زىننەت بولدى،

(بۇنى كۆرگەنلەر) بۇ زەلىلىنىڭ يۈزىمۇ ياكى ئالتۇن

تاۋلايدىغان

ئوچاقنىڭ چۆرىسىمۇ دېيىشىپ قالار، بەلكىم.

ئۇندىن باشقا، بەزەن مەنبەلەردە مەزكۇر "سەۋاد" سۆز-

نىڭ يەنە "شەھەر، ئۆلكە، تېررىتورىيە، بەلگە، نىشان، يېزىق" قاتارلىق مەنىلىرىمۇ بولغانلىقى ئىزھار قىلىنىپ، ئۆز ۋاقتىدا "يازماق" دېگەن مەنىدە "سەۋاد ئەيلەمەك" سۆزىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى مىسال قىلىپ كۆرسىتىلدۇ («ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1986-يىل نەشرى، 359-بەت).

دېمەك، "سەۋاد" ئاتالغۇسى ئۆز زامانىسىدا ئۇندىن ئارتۇق مەنىگە ئىگە كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، تىلىمىز ئىستېمالىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا مۇتلەق كۆپچىلىك مەنىسىدىن قېلىپ، پەقەت "خەت تونۇش، يېزىش-ئوقۇشنى بىلىش" دېگەن ئەسلى مەنە ۋە "ئاساسىي بىلىم، ئومۇمىي چۈشەنچە" دېگەن يۇكلەنمە يېڭى مەنىگە ئىگە سۆز بولۇپ لۇغىتىمىزدىن ئورۇن ئالغان.

ئەمدى، بۈگۈنكى كۈندە "ساۋات" سۆزى زادى نېمە ئۈچۈن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئۆزى بىۋاسىتە ئىپادىلەپ باقمىغان "ئاساسىي بىلىم" دېگەن مەنىگە ئىگە سۆز بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ ئۇقۇمنىڭ ئۇ ئەسلىدە ئۆز زامانىسىدا ئىپادە قىلغان مەنىلىرى بىلەن ئالاقىسى بارمۇ-يوق؟ بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش — لېكسىكولوگىيىدىكى مۇھىم سېمانتىكىلىق ھادىسىلەردىن ھېسابلىنىدىغان "سۆزلەردىكى مەنە كۆچۈش ھادىسىسى"، "سۆزلەرگە يېڭى مەنىلەرنىڭ يۈكلىنىش ھادىسىسى" قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈشتە مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

مېنىڭ مۇلاھىزەمچە، "ساۋات" سۆزىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئاسلىقى "ئاساسىي بىلىم" مەنىسىدىكى ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قېلىشىدا مۇنداق ئىككى خىل ئېھتىماللىق بار:

بىرىنچى. مەزكۇر "ساۋات" سۆزى "خەت تونۇش، يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلىش" مەنىسىدە ئۇزاق زامان ئىشلىتىلىش جەريا- نىدا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن "يېڭى مەنە يۈكلىنىش ھادىسىسى" يۈز بەرگەن. مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر بىلىملىك ئادەم ئۈچۈن، "خەت تونۇش، يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلىش"نىڭ ئۆزى ئۇنىڭ بارلىق بىلىملىرىنىڭ ئۇلى، ئاساسى، يەنى ئەڭ ئىپتىدائىي باشلانغۇچ قىسمى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇ ۋەجىدىن، "ساۋات" سۆزى ئەمەلىي تىل ئىستېمالىدا، "خەت تونۇش، يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلىش" دېگەندىن ئىبارەت كونكرېت مەنىسىدىن باشقا، تەدرىجىي ھالدا" ئاساسىي بىلىم" دېگەن ئابستراكتلاشقان، ئومۇملاشقان مەنىنىمۇ ئۇقتۇرىدىغان ئاتالغۇغا ئايلانغان. تەسەۋ- ۋۇر قىلىش مۇمكىنكى، "ساۋات" سۆزى "ئاساسىي بىلىم" مەنىسىدە ئىشلىتىلگەندە، ئەڭ دەسلەپ بەلكىم يەنىلا ئاشۇ "خەت تونۇش، يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلىش" ئۇقۇمىنىلا بىلدۈر- گەن ياكى شۇ ئۇقۇمغا پاراللېل قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، ئۇ ئۇزاق ۋاقىت ئىستېمال قىلىنىش جەريا- نىدا، ئۇقۇم دائىرىسىنى ئايرىپ ۋە كېڭەيتىپ، ئاشۇ "خەت تونۇش، يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلىش"كە تەقلىد قىلىشقا بولىدى- غان ھەرقانداق باشلانغۇچ بىلىمنى كۆرسىتىدىغان ئۇنىۋېرسال

ئاتالغۇغا ئايلانغان.

ئىككىنچى. "ساۋات" سۆزىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئاساسلىقى "ئاساسىي بىلىم" مەنىسىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ قېلىشىغا ئۆز زامانىسىدا ئۇنىڭ "سەۋاد" شەكلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى "قارا" سۆزى بىلەن پاراللېل ئىشلىتىلگەنلىكىمۇ سەۋەب بولغان. مەلۇمكى، ساپ ئۇيغۇر تىلى لۇغەت خەزىنىسىگە مەنسۇپ بولغان "قارا" سۆزىمۇ ئۆز ۋاقتىدىكى "سەۋاد" ئاتالغۇسىغا ئوخشاشلا كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، تۈرلۈك مەنبەلەردە ئۇنىڭ "قارا، قارا تۈس؛ ئۇلۇغ؛ كەڭ؛ كۆنۈپىتىش ياق" («تۈركىي تىللار دىۋانى»، كىرىش قىسمى، 3 - بەتكە قارالسۇن) "پۇقرا؛ مىللەت؛ خەلق، ئۆي هايۋىنى؛ چارۋا، پادا" («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» 288 - بەتكە قارالسۇن.) "بەلگە، نىشان" قاتارلىق مەنىلىرىنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، بىرىنچى مەنىسى "قارا قارا تۈس" بولغان "سەۋاد" ئاتالغۇسى ئۆز زامانىسىدا، ساپ ئۇيغۇرچە "قارا" سۆزىنىڭ بىرىنچى مەنىسى "قارا، قارا تۈس" بىلەن پاراللېل ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، "قارىسى كۆرۈنمەك" سۆزى ئورنىدا "سەۋادى زاھىر بولماق" ئىبارىسىمۇ قوللىنىلغان. («ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، 359 - بەتكە قارالسۇن) ئەمدى، تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، "قارا" سۆزىنىڭ ئاشۇ "قارا، قارا رەڭ، قارا تۈس" دېگەن مەنىسىدىن كېلىپ چىققان "كىرىش، باش، باشلانما" دېگەن كۆچمە مەنىسىنىڭمۇ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئالايلۇق، ياغاچچى ئۇستىلىرىمىز ئىش راسلاشتىن

ئىلگىرى مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن ياغاچنىڭ ئۈستىگە قارا چېكىتۋالىدۇ. مانا بۇ، ئىشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشـقا، ئاۋام خەلق خۇسۇسەن كاسىپلار تىلىدا، "قارا قىلماق"، "قارىسىنى كەلتۈرۈپ قويماق" دېگەن سۆزلەر "يېڭىلا ئىش باشلىماق"، "بىسمىللا قىلماق" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن:

بۇ، باش ئەتىيازنىڭ چۈجىسىدى، كۆزنىڭ قارىسىنى ئېلىپلا تۇخۇملاشقا باشلىدى.

روشەنكى، بۇ يەردىكى "كۆزنىڭ قارىسىنى ئېلىپلا" دېگەن سۆز "كۆز پەسلى باشلىنىش بىلەنلا" دېگەن بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

مېنىڭچە، تېمىمىزدىكى "ساۋات" سۆزىنىڭ ھازىرغا كېلىپ، "ئاساسي بىلىم" مەنىسىدىكى ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى مەنىداش شېرىكى بولغان "قارا" سۆزىنىڭ "كىرىش، باش، باشلانما" دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇشى ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي زىچ مۇناسىۋەت بار. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، "ساۋات" سۆزى "قارا" ئاتالغۇسى بىلەن پاراللېل ئىشلىتىلىش جەريانىدا، بارا-بارا "قارا" سۆزىنىڭ "كىرىش، باش، باشلانما" دېگەن مەنىسىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى "خەت تونۇش، يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلىش" دېگەن مەنىسى بىلەن مەزكۇر ئۆزلەشمە "كىرىش، باش، باشلانما" دېگەن يېڭى ئۇقۇم ئورگانىك ھالدا بىرىكىپ، "باشلانغۇچ چۈشەنچە، ئاساسي بىلىم" مەنىسىدىكى

"ساۋات" سۆزى بارلىققا كەلگەن.

تىلىمىزدىكى ئۆزلەشمە سۆزلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىن يۈزەكى هالدا يەكۈن چىقىرىپ ئېيتقاندىمۇ، بىر تىلغا چەت تىلدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئۆزلىشىشى ھەقىقەتەنمۇ ئۇزاق بىر جەريان. بۇ جەرياندا ئۇلار ھامان شۇ تىلدا ئەسلىدىن بار سۆزلەر بىلەن تەڭ مەنىدە پاراللېل ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل پاراللېل ئىشلىتىلىش نەتىجىسىدە، چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئاستا-ئاستا شۇ تىلدا ئەسلىدىن بار بولغان شېرىكىنى ئىستېمالدىن قالدۇ-رۇپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغان ھالدا مۇقىملىشىدۇ. مەسىلەن، ئەرەب، پارسچىدىن كىرگەن "دۇنيا، شەھەر، خەلق" سۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىدا ئەسلىدىن بار بولغان "ئاجۇن، بالىق، بودۇن" سۆزلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۆزلىرى ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگىنىگە ئوخشاش. يەنە بەزەنلىرى ئۆزلىشىپ، شۇ تىلدا ئەسلىدىن بار بولغان سۆزلەر بىلەن مەنىداش سۆزلەرنىڭ توپىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئەرەب-چىدىن كىرگەن "ماغدۇر، قۇۋۋەت، قۇدرەت" سۆزلىرىنىڭ ساپ ئۇيغۇرچىدىكى "كۈچ" سۆزى بىلەن مەنىداش سۆزلەرنى ھاسىل قىلغىنىغا ئوخشاش. يەنە بەزىبىر سۆزلەمەلەر بولسا، ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئاشۇ چەت تىلدا ئىپادىلەپ كەلگەن كۆپچىلىك مەنىلىرىنى يوقىتىپ، پەقەت قىسمەن مەنىسىنىلا ساقلاپ قالغان، شۇنداقلا ئۆزى ئۆزلىشۋات-قان تىلنىڭ فونېتىك ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشىنى قوبۇل قىلغاندىن

تاشقىرى مەنە جەھەتتىكى ئۆزگەرتىشلەرنىمۇ قوبۇل قىلغان ھالدا ئۆزلىشىپ قالىدۇ. مەسىلەن، بۈگۈنكى ئىستېمالىمىزدىكى "ساۋات" ئاتالغۇسىغا ئوخشاش.

1983 ـ 1991 ـ يىللار.

# ئەلىشىر ناۋايى ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە» ھەققىدە

## 1

ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر ناۋايى 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ بۈيۈك شائىرى، مۇتەپەككۇرى ۋە جامائەت ئەربابى. ئۇ مىلادى 1441 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، خۇراساننىڭ پايتەختى ھىرات① شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. "ناۋايى" ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، "ناۋا قىلغۇچى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ناۋايىنىڭ دادىسى ئەدەبىياتنى سۆيىدىغان، بىلىمنى قەدىرلەيدىغان مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ "غەربى" ۋە "كابۇلى" تەخەللۇسلۇق ئىككى تاغىسىمۇ شائىر ئىدى. شۇڭلاشقا، ناۋايىنىڭ ئائىلىسى پات ـ پاتلا شائىرلار ئەنجۇمەن (ئىلمىي يىغىلىش) تۈزىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ تۇراتتى. مۇنداق ياخشى مۇھىت ناۋايىنى كىچىكىدىنلا زۆرۈر تەربىيىگە ۋە ياخشى تەسىرگە ئىگە قىلغانىدى. ناۋايى تۆت ياشقا كىرىپلا ئىلىم ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئۇ تولىمۇ زېرەك، ئەقىللىق بولۇپ،

ئۆزىنىڭ ياشتا تولىمۇ كىچىكلىكىگە قارىماي، زامانىسىدىكى داڭ-دار شائىرلارنىڭ پۈتۈن-پۈتۈن شېئىر-داستانلىرىنى يادقا ئوقۇپ بېرىپ، ھەممىنى ھەيران-ھەسلىكتە قالدۇراتتى. كېيىن-چە، ناۋايى ئۆزىنىڭ ئاشۇ خىل تەبىئىي تالانتى ئاساسىدا يېتىل-گەن زېھىن ئىقتىدارى خۇسۇسىدا ئەسلىمە بېرىپ: "يىگىتلىك زەمانى ۋە شەباب ئەييامى ئەۋانىدا، شېئىردا سېھىرساز ۋە نەزمىدە فۇسۇنپەرداز شۇئەرانىڭ شېرىن ئەشئار ۋە رەنگىن ئەبياتىدىن ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق ياد تۇتۇپمەن"②. (يىگىتلىك دەۋرى-لىرىمدە، ماھارەتلىك شائىرلارنىڭ ئېسىل شېئىرلىرىدىن ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق بېيىتنى «يەنى يۈز مىڭ مىسرا» يادقا بىلەتتىم) دەپ يازغان.

ناۋايى 15 ياشقا كىرگەندە، خېلى ئاتاقلىق شائىر بولۇپ قالغانىدى. بىراق، ئۇ پەلسەپە، لوگىكا، تىبابەت، ماتېماتىكا ۋە ئىسلام ئەدەبىياتى قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويمىغان. بۇ مەزگىللەردە، ئۇ ئاتاقلىق پارسىگوي (پارس تىلىدا يازىدىغان) شائىرلاردىن ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، ھافىز شىرازى، نىزامى گەنجىۋى قاتارلىقلارنىڭ، تۈركىي تىللىق مەشھۇر شائىرلاردىن ئوبەيدۇللا لوتفى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان.

ناۋايى پۈتكۈل ئۆمرىدە 60 پارچە يىرىك ئەسەر يازغان③. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرى دەپ 47 مىڭ مىسرالىق

غەزەلدىن تەركىب تاپقان «چاھار دىۋان»، بەش پارچە مۇتەقىل داستاندىن تەشكىل تاپقان «خەمسە»، ناۋايىنىڭ پەلسەپە، ئىلىم-پەن ۋە تۇرمۇش قاراشلىرى باي ھېسسىيات، چىن سەمىمىيەت ۋە يۈكسەك ماھارەت بىلەن باشتىن-ئاياغ قاپىيىلىك نەسر ئارقىلىق بايان قىلىنغان ئەسىرى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» («قەلبلەر سۆيگۈسى»)، ناۋايىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ۋە ئۆزى بىلەن دەۋ داش بولغان شائىر، يازغۇچىلارنىڭ تەرجىمەھالى ۋە ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان نەسرىي ئەسەر «مەجالىسۇن نەفايىس» (ئەدىبلەر ئەنجۇمەنى) ۋە تېمىمىزدىكى «ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە» (مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين)لەرنى كۆرسەتىش مۇمكىن.

تارىخىي ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا ياشىغۇچى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى ئاستا-ئاستا ئىسلام مەدەنىيىتى ئىزىغا چۈشۈرۈلگەن. شۇ ۋەجىدىن، جەمئىيەتتە ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلى ئارقىلىق تەربىيە كۆرىدىغانلار كۈنسايىن كۆپەيگەن. زىيالىيلار تەبىقىسى، ئەرەب ۋە پارس تىلى بىلەن شېئىر يېزىش، كىتاب پۈتۈش بارا-بارا بىر خىل مودىغا ئايلانغان. بۇ خىل ھالەتنىڭ شۇ تەرىقىدە ئۇزاق داۋاملىشىشى خېلى بىر بۆلەك تۈركىي تىللىق زىيالىيلارنىڭ كاللىسىدا ئەرەب-پارسچىغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ئىدىيىسىنى

تۇرغۇزۇپ قويغان. ئۇلار ھەتتا ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى شېئىر يازغىلى بولمايدىغان "قوپال تىل"، "تىكەنلىك" دەپ تىپ تارتـ- ماستىن ھاقارەتلەيدىغان، ئەرەب تىلىنى بولسا "ھەسەل تىل" (يەنى ئەرەبىي ئەسەلەست)، پارس تىلىنى "شېكەر تىل" (يەنى پارسىي شەكەرەست) دەپ خىجىل بولماي پۈدەپ كۆككە كۆتۈرد- دىغان بولۇپ كەتكەن. دەرۋەقە، بۇ مەزگىللەردە، ئاتايى، سەككاكى (1486 - يىلى ۋاپات بولغان) ۋە لۇتفى (1366 — 1465 - يىلار)دەك ئۆز ئانا تىلىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا، ئىجاد بېغىنى بىزەپ تۇرغان تۈركىي تىللىق شائىرلارمۇ بار ئىدى. ئىراق، كۆپچىلىك ئەدىبلەر، خۇسۇسەن ياش شائىرچاقلارنىڭ ئەرەب - پارسپەرەستلىك ئەسەبىيلىكى چېكىگە يەتكەنىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، پارسچىنىمۇ ئۆز ئانا تىلىدەكلا بىلىدىغان تىل ئۇستىسى، زاماندашلىرى تەرىپىدىن "زۇللىسانەين" (ئىككى تىل ساھىبى) دەپ قايىللىق بىلەن تەرىپلىنىۋاتقان ئەلىشىر ناۋايى، ئانا تىلىنى خۇددى ئانا ۋەتەنىدەكلا سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، تىل مەسىلىسىدە چەتكە خوراپىيلارچە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئۆمىلەپ مېڭىش مەسىلىكىگە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەن. گەرچە ئۇ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپكى چاغلاردا خۇسۇمەتچىلەر تەرىپىدىن "سەھـ- رايى"، "ھىراتنى ئىشەكلىك كېزىپ يۈرىدىغان ئەلىشىر" دېگەنـ- دەك مەسخىرىلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بولارغا قىلچە پىسەنت قىلماستىن ئۆز ئانا تىلىدا ئىجاد قىلىپ، ھەرقانداق خۇسۇ-

مەتچى ـ رەقبلەرنىڭ تىلىنى لال قىلىدىغان ئەمگەك سىمە-
رەلىرى ئارقىلىق، تۈركىي تىلىنىڭ لۇغەتكە باي، ئەۋرىشىم،
يۈكسەك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە، گۈزەل شېئىر ۋە يارقىن نەسىر-
لەرنى يازغىلى بولىدىغان ئېسىل تىل ئىكەنلىكىنى ئىلمىي ئاساستا
شەرھلەپ كۆرسەتكەن④. ئەلىشىر ناۋايى تۈركىي تىللىق
خەلقلەر، خۇسۇسەن ئۇيغۇر ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ تىل ـ ئەدەبى-
يات تارىخىدا، مىللىي تىلنى مەھكۇملۇقتىن قوغداپ قالغان
مىسلى كۆرۈلمىگەن مىللىي قەھرىماندۇر.
زوھىرۇددىن مۇھەممەد بابۇر ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى
«بابۇرنامە»دە ناۋايى ھەققىدە يېزىپ كېلىپ: "(ئۇ) ئوغۇل ۋە
قىز ۋە ئەھل ۋە ئەيال يوق، ئالەمنى تەۋرى فەرد (ئۆزى
يالغۇز) ۋە جەرىدە (يەنى بوي) ئۆتكۈزدى"⑤ دېگەن. دېمەك،
ئەلىشىر ناۋايى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ
تىلى، ئەدەبىياتى، سەنئىتى ۋە تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن
تولۇقى بىلەن تەقدىم قىلغان. ناۋايى مىلادى 1501 ـ يىلى 1 ـ
ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ھىرات شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 2

«ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە» ئەلىشىر ناۋايىنىڭ تۈركىي
تىل بىلەن پارس تىلىنى سېلىشتۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ
يازغان يىرىك ئەسىرى. بۇ ئەسەر 1499 ـ يىلى، يەنى ناۋايى

ۋاپاتىدىن ئىككى يىل بۇرۇن يېزىلغان. مەزكۇر ئەسەر پروفې-
سسور خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ نەشرگە
تەييارلىشىدا، 1988-يىلى 11-ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرد-
پىدىن نەشر قىلىندى. بۇ — مەزكۇر ئەسەرنىڭ دۆلىتىمىزدە
تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنىشى بولۇپ سانىلىدۇ. بىزنىڭ نەشرگە
تەييارلىشىمىز — كىرىش سۆز، ئەسلى مەتىننى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر يېزىقىدا ترانسكرىپسىيە قىلىش، ئەسلى مەتىننىڭ ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يېشىمىنى بېرىش ۋە سۆزلەملەرنى
ئىزاھلاشتىن ئىبارەت تۆت بۆلەكتىن تەركىب تاپتى.

بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاش جەريانى ۋە ئۇندىن كېيىنكى
ئۆگىنىشلەر ئارقىلىق مەن بۇ ئەسەرنىڭ يالغۇز تىلشۇناسلىققا
دائىر ئەسەرلا ئەمەس، بەلكى يەنە ناۋائىينىڭ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل
ئىجادىيەت ئۆمرىنى خۇلاسىلاپ يازغان ئىچچام ئەمما مۇكەممەل
بىر ئۆمۈر داستانى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. يۇقىرىقى ئۆگىنىش
ۋە چەكلىك ئىزدىنىش ئاساسىدا، مەن بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسلىق
مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ چۈشە-
نىشكە بولىدۇ، دەپ مۇلاھىزە قىلدىم:

بىرىنچى. ناۋائىي بۇ ئەسەردە پولاتتەك پاكىت ئارقىلىق،
ئۆز زامانىسىدىكى "تۈركىي تىل پارس تىلىغا يەتمەيدۇ" دەيدى-
غان خاتا قاراشقا رەددىيە بەرگەن.

ناۋائىي ئىسمى جىسمىغا لايىق تىل ئۇستىسى بولۇش سۈپىتى
بىلەن، پاكىت كەلتۈرۈش، زاكون سۆزلەش ئۇسۇلىنى قوللا-

ىسپ، "تۈركىي تىل زادى تىل ماتېرىيالى، ئىستىلىستىكىلىق ئىقتىدارى، سۆز ياساش ۋە مەنە ئىپادىلەش قابىلىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە پارس تىلىغا يېتەمدۇ-يوق؟ "دېگەن مەسىلىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن. ئۇ ئالدى بىلەن پارس تىلىدا تەڭ قىممەتتە ئىشلىتىلىدىغان سۆز شەكلى يوق دېيىشكە بولىدىغان يۈز دانە سۆزلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئۇلاردىن بىر مۇنچىسىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا نەزمە-بېيىتلارنىڭ ئىچىگە قويۇپ شەرھلە-گەن ۋە بۇ ئارقىلىق تۈركىي تىلنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى بايلى-قىنى نامايان قىلغان. ئاندىن، "تۈركىي تىلدا شېئىر يازغىلى بولمايدۇ" دەيدىغان سەپسەتىنى تۆۋەندىكىدەك ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئاغدۇرۇپ تاشلىغان: 1) تۈركىي تىلدا قاپىيىداش سۆزلەر پارسچىدىن كۆپ. ئالايلۇق، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش-لۇق سۆزلەرنى بىر-بىرىگە قاپىيە قىلىش پارسچىدىمۇ ئۇچرايدۇ، بىراق، ئىككى خىلدىن ئاشمايدۇ. مەسىلەن، خود (ئۆزى، ئۆز)نى، دۇد (تۈتۈن)غا قاپىيە قىلسا بولغىنىغا ئوخشاش. ئەمما تۈركىي تىلدا بۇ خىل ئىمكانىيەت پارسچىنىڭ-كىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، بۇ خىل قاپىيىلىك سۆزلەر تۆت خىل شەكىلگە ئىگە. مەسىلەن، ئوت، ئۇت، ئۆت، ئۈت (يەنى "ئۈتلىمەك"تىكى ئۈت) دېگەنلەرگە ئوخشاش. دېمەك، پارس تىلىدا، "ئۆ، ئۈ" تاۋۇشلىرى بولمىغىنى ئۈچۈن، بۇ خىلدىكى قاپىيىداش سۆزلەر تەبىئىي ھالدا تۈركىي تىلدىن ئىككى ھەسسە ئاز بولىدۇ دېگەن سۆز. 2) تۈركىي تىلدا

ئومۇنىم (ئاھاڭداش) سۆزلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈستىگە، مورفو-
لوگىيىلىك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئاھاڭداش سۆز ياكى شەكىل
ھاسىل قىلىش ئىمكانىيىتى كەڭ. شۇڭا، تۈركىي تىللىق شائىرلار
پارسچىدا يوق بولغان "تۇيۇق" دەيدىغان بىر شېئىر شەكلىنى
ئىجاد قىلغان. 3) تۈركىي تىلدا سۆز ياساش ئوڭاي، ياسالما
سۆزلەر ئىخچام. ئالايلۇق، پېئىل ئۆزىكىگە بىر "ئىش،-
ئۇش // -ئۈش" شەكلىدىكى قوشۇمچىنى قوشۇش ئارقىلىقلا،
ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم بىرلىكتە ئورۇنلىغان
ھەرىكەتنى ئىپادە قىلىدىغان سۆزلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ. مەسى-
لەن، قاچ-قاچىش (قېچىشماق)، تاپ-تاپىش (تېپىشماق)، قوچ-
قوچۇش (قوچاقلاشماق)، ئۆپ-ئۆپۈش-ئۆپۈشمەك (سۆيۈشۈش)
دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ناۋايى ئۆز ئەسىرىدە، زورۇرىيەت تۈپەيلىدىن پارس تىلى-
دىكى لېكسىكا كەمبەغەللىكىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن. مەسىلەن،
تۈركىي تىلدا، ھايۋان ئۇۋلاش "ئاۋلىماق" پېئىلى ئارقىلىق،
قۇش ئۇۋلاش بولسا "قۇشلىماق" پېئىلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.
پارسچىدا بولسا، ھەر ئىككىسى ئۈچۈن بىرلا "شىكار" سۆزى
ئىشلىتىلىدۇ؛ تۈركىي تىلدا "يېمەك" بىلەن "ئىچمەك" ئايرىم-
ئايرىم سۆز بىلەن ئىپادىلەنسە، پارسچىدا، بىرلا "خوردەنى"
سۆزى بىلەن ئادا قىلىنىدۇ؛ تۈركىي خەلق چوڭ ئەر قېرىنداشنى
"ئاغا"، كىچىكىنى "ئىنى"، چوڭ قىز قېرىنداشنى "ئىگىچە"،
كىچىكىنى بولسا، "سىڭىل" دەيدۇ. بىراق، پارسلار چوڭ-كىچى-

كنى ئايرىمايلا "بەرادەر" (يەنى ئەر قېرىنداش) ۋە "خاھەر" (قىز قېرىنداش) دېگەن ئىككىلا سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ. تۈركىي خەلق دادىنىڭ ئاغا ياكى ئىنىسىنى "ئاپاغا"، ئانىنىڭ ئاغا ياكى ئىنىسىنى "تاغايى"دەيدۇ. پارسلار بولسا، مۇشۇنداق قېرىنداشلىق ئاتالغۇلىرى ئۈچۈنمۇ ئۆز تىلىدىن سۆز بېرەلمەي، ئەرەبچىدىن قەرز ئېلىپ "ئام" (تاغا)ۋە "خال" (هاما)دەپ ئىشلىتىدۇ ۋە باشقىلار.

ناۋايىنىڭ بۇ بايانلىرى تۈركىي تىلىنىڭ سۆزلۈك سوستاۋى-نىڭ بايلىقىنى تېخىمۇ كەڭەيتىدۇ. گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان.

ئىككىنچى، ناۋايى بۇ ئەسىرىدە، ئۆز زامانىسىدا "تۈركىي تىل پارس تىلىغا يەتمەيدۇ" دېگەن قاراشنىڭ بازار تاپالىشىدىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە مېغىزلىق تەھلىل يۈرگۈزگەن.

ناۋايى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان مول پاكىتلار ئارقىلىق تۈركىي تىلىنىڭ پارسچىدىن قىلچىمۇ قېلىشمايدىغان تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن شائىرلارنىڭ نەزىرىدە "تۈركىي تىل پارسچىغا يەتمەيدۇ" دېگەن قاراش تىكلىنىپ قالىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن. بۇنىڭدا، ئۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك مۇھىم سەۋەبنى ئېچىپ كۆرسەتكەن. 1) بۇ — ئالدىنقىلاردىكى ئەرەب - پارسچىغا خۇراپىيلارچە چوقۇنۇش، كېيىنكىلەردىكى ئالدىنقىلارنى قارىغۇلارچە دوراش، تەييارغا ھەييار بولۇش ۋە ھۇرۇنلۇقنىڭ كاساپىتى. ناۋايىنىڭ قارىشىچە، ئۆز

ۋاقتىدا، زامانىنىڭ زورى بىلەن يۈرگۈزۈلگەن ئەرەب-پارسچە ماھارەت بويىچە تەربىيە كۆرگەن پېشقەدەملەرنىڭ ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلى بىلەن كىتاب پۈتۈش ۋە شېئىر يېزىشنى ئادەت قىلىۋالغانلىقى كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ بەرگەنىدى. يەنى كېيىنكىلەرنىڭ ئوقۇغىنى ئەرەبچە يېزىلغان كىتاب، كۆرگىنى پارسچە يېزىلغان شېئىرلار بولغاچقا، گەرچە "تۈركىي تىلدا نازۇك مەنىلىك سۆز ۋە ۋاستىلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنى ئۆز لايىقىدا قوللىنىپ جازىبىلىك جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىش قىيىن ئىش"⑥ بولۇپ قالغان. "ئەدەبىيات مەيدانىغا يېڭى قەدەم قويغانلار بولسا، ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقىلارنىڭ پارسچە شېئىر يېزىش ئادىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن باشقىچە يول تۇتۇشنى مۇناسىپ كۆرمەي، ئۇلارمۇ شۇ بويىچە ئىش كۆرگەن"⑦. ناۋايى قىيىنچىلىق بىلىنىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا بوسۇپ كىرىش روھى يوق، ئاسانلىقنىلا قوغلىشىدىغان ھۆرۈن ياشلارنى: "بىلىمسىز ھەم بېلى بوش تۈركىي يىگىتلىرى ئاسان دەپ پارس تىلى بىلەن شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى"⑧ دەپ ئەيىبلىگەن. 2) بۇ—تۈركىي تىلىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ھەقىقىي تۈردە نامايان قىلىدىغان نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كەلمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ناۋايى مۇنداق دەيدۇ: "بارى ھەر تەقدىر بىلەكى، باۋۇجۇد تۈرك ئەلفازىنىڭ فارسىغە مۇنچە مەزىيەتى ۋە نەفس ئەمردە مۇنچە دىققەتى ۋە ۋۇسئەتى نەزم تەرىقىدە شايەئ ئېمەس ئېردى ۋە

كىتمان نىھانخانىسىغە تۇشۇپ ئېردى، بەلكى مەترۇك بولۇرغە ياۋۇشۇپ ئېردى"[9] (ھەممە سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى شۇكى، تۈركىي تىلنىڭ پارس تىلىغا قارىغاندا شۇنچە ئارتۇق-لۇقى، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى شۇ قەدەر نازۇك ۋە ئەۋرىشىم تەرەپلىرى نەزم قائىدىلىرى ئاساسىدا نامايان بولمىغانىدى، بەلكى مەخپىيەتخانىغا تاشلىنىپ ئۇنتۇلۇشقا يېقىنلاشقانىدى). ناۋايىنىڭ قارىشىچە، بىر تىلدا شۇ تىلنىڭ ئەھلىنى، خۇسۇسەن شۇ تىلنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئەدىبلەرنى قايىل قىلىدىغان شاھ ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش. ئەگەر ئۆز زامانىسىدا، ئاشۇ جاھانغا پاتماي قالغان پارسىگويى شائىرلارنىڭ ھەۋەسىنى ئۇرۇپ چۈشۈرەلىگۈدەك سۈپەت ۋە قىممەتكە ئىگە تۈركىي تىلدىكى ئەسەرلەر بولغان بولسىدى، تۈركىي تىلى ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۇنچىۋالا پەس كۆرۈلمىگەن، ياش شائىرلارمۇ تېڭىرقاش ئىچىدە لەۋلىرىنى چىشلىمىگەن، بەلكى ئۆز تىلىدىكى شاھ ئەسەرلەرنى ئۆرنەك قىلىپ ئىجاد قىلغان بولاتتى، ئەلۋەتتە. 3) بۇ—ئۆز زامانىسىدا تۈركىي تىلنىڭ تەتقىقاتىغا نىسبەتەن سەل قارالغانلىق-نىڭ مەھسۇلى. ناۋايى مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ئەلفاز ۋە ئىبارەتتە بۇ نەۋئ دەقايىق كۆپدۇر، بۇ كۈنگە دېگىنچە ھېچ كىشى ھەققە-تىغە مۇلاھەزە قىلماغان جىھەتتىن بۇ ياشۇرۇن قالىپتۇر"[10] (بۇ تىلدا شۇ قەدەر مول نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ئىبارىلەر بار تۇرۇقلۇق بىرەر كىشى تەرىپىدىن مۇلاھىزە قىلى-

نىپ ھەقىقىي ھالىتى كۆرسىتىپ بېرىلمىگەنلىكتىن، شۇ چاغقىچە يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرۇپ قالغان). ئەلىشىر ناۋايى تىلنى ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىشنى شۇ تىلنىڭ روناق تېپىش ياكى ئۇنتۇلۇش ۋە يوقىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش يۈكسەكلىكىدە تونۇغان ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆزى باش بولۇپ تۈركىي تىلنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، شۇ چاغدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا ئورناپ كەتكەن "تۈركىي تىلى بەجايىكى تىكەنلىككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن شېئىر يازغىلى بولمايدۇ" دېگەن خاتا قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، "تۈركىي تىل — ئىلىم-پەن تىلىدۇر" (يەنى تۈركىي ھۈنەرەست)⑪ دېگەن يەكۈنىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىغان.

ئۈچىنچى، ناۋايى بۇ ئەسەردە كەڭ سەھىپە ئاجرىتىپ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئۆمرىنى خۇلاسىلىغان، ئۆز ئانا تىلىدا يېزىپ پۈتكۈل شەرق دۇنياسىنى قايىل قىلغان ئۆلمەس ئەسەرلىرىنى پاكىت قىلىش ئارقىلىق، تۈركىي تىل ھەقىقەتەنمۇ ھەرقانداق بىر تىل بىلەن بويلىشالايدىغان مۇنەۋۋەر تىل دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ناۋايى ئۆز كىتابىنىڭ بۇ قىسمىدا، ئۆزى گەرچە زۇللىسانەيىن (ئىككى تىل ئىگىسى) بولۇپ، پارس تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، ھەتتا 12 مىڭ مىسرالىق نەزمدىن تەركىب تاپقان «فارسىي غەزەلىييات دىۋانى» ئىبلان قىلغان تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن ئەڭ ئاخىردا ئۆز ئانا تىلى بىلەن ئىجاد قىلىشتىن

ئىبارەت بۇ يولنى تاللىۋالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلغان. ئۆچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان غۇرۇر، ئاجايىپ گۈزەل تىل ۋە رەڭدار ئىبارىلەر ئارقىلىق گويا ئۆزىنىڭ ئىجادكار غەيۇر ئوب-رازىنى سىزىپ بەرگەن دېيىشكە بولىدىغان بۇ قىسمىنى ناۋايى مۇنداق باشلىغان: "ياشلىقىمنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئاغزىم جەۋھەرداندىن بەزى گۆھەرلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ گۆھەرلەر تېخى نەزم يىپىغا ئۆتكۈزۈلمىگەنىدى، پەقەتلا كۆڭلۈم دېڭىزىدىن نەزم يىپىغا يۈزلەنگەن گۆھەرلەر كەبىنىتىم غەۋۋاسىنىڭ ئىجتىهادى بىلەن ئېغىز ساھىلىغا چىقىشقا باشلىغانىدى. دەل شۇ چاغدا مەنمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەنئەنە بويىچە پارس تىلى بىلەن يېزىشقا يۈزلەنگەنىدىم. بىراق، ئەقىل يېشىغا قەدەم قويغىنىمدىن كېيىن، ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا تەبىئىتىمگە بەخشەندە قىلغان غارايىپچانلىق، ئەستايىدىل-لىق ۋە مۇشكۈلاتچىلىق روھىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تۈركىي تىل ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى لازىم تاپتىم. مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگىنىمدىن كېيىن، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىن ئەلا بىر ئالەم نامايان بولدى. مەن ئۇ يەردە توققۇز پەلەكتىن ئېشىپ چۈشكەن بىر زىبۇزىننەت ئاسمىنىنى كۆردۈم. دۇرلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ جۇلالىق بىر يۈكسەكلىك ۋە بۈيۈكلۈك خەزىنىسىنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ يۇلتۇزلاردىنمۇ گۈزەل گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن گۈلشەنىگە يولۇقتۇم. ئۇنىڭ ھەرىمى ئەتراپىغا ئادەم ئايىغى يەتمىگەن، غارايىباتلىرىغا ھېچكىمنىڭ قولى تەگ-

مگەنندى. ئەمما خەزىنىسىنىڭ ئىلانلىرى دەھشەتلىك، گۈلشەنى-
نىڭ تىكەنلىرى سانسىز ئىدى. مەن "سەنئەت ئەھلىنىڭ دانالىرى
مۇشۇ ئىلانلارنىڭ ئۆتكۈر نەشترىدىن قورقۇپ، بۇ خەزىنى-
لەردىن بەھرىمەن بولالماي ئۆتۈپتۇ، نەزم قوشۇنىنىڭ گۈلدەس-
تىچىلىرى مۇشۇ تىكەنلەردىن ئېھتىيات قىلىپ، بەزمىگە لايىق
گۈل ئۈزەلمەي كېتىپتۇ" دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ يۈكسەك ئىرادەم،
قورقۇش ۋە بىپەرۋالىقتىن خالىي تەبىئىتىم بۇ يەردىن ئۆتۈپ
كېتىشىمگە يول قويمىدى: مەن بۇ يەردىن تاماشا قىلىپ تويمى-
دىم، تالانتىم لەشكىرى بۇ ئالەم مەيدانىدا ئات چاپتۇردى،
خىيالىم قۇشلىرى بۇ ئالەم ئاسمىنىدا ئېگىز پەرۋاز قىلدى، دىلىم
سەرراپى بۇ جەۋھەرلەر خەزىنىسىدىن ھېسابسىز قىممەتلىك
ياقۇت ۋە دۇرلارنى ئالدى، كۆڭلۈم گۈل تەرگۈچىسى بۇ گۈل-
شەن رەيھانزارىدىن چەكسىز خۇش پۇراق گۈللەرنى يىغدى. بۇ
ئۇتۇق ۋە بايلىقلارغا، بۇ پايدا ۋە غەنىيمەتلەرگە ئىگە بولغىنى-
مدىن كېيىن، ئۇنىڭ نەتىجە گۈللىرى دەۋر ئەھلى ئۈچۈن
بىمالال ئېچىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئىختىيارسىز چېچىلىشقا
باشلىدى."⑫ بىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئەلشىر ناۋايىنىڭ
ئاخىردا تۈركىي تىلدا ئىجاد قىلىش يولىنى تاللىۋېلىشىنىڭ ئۆز
ئانا تىلىغا بولغان يۈكسەك مۇھەببەت ئاساسىدا، چوڭقۇر ئىزدى-
نىش ۋە جاپالىق تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ تەبىئىي
مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

ئارقىدىن ناۋايى ئۆزى تۈركىي تىلدا يازغان ئەسەرلىرىنى

تونۇشتۇرغان، ھەتتا بەزى ئەسەرلەرنى يېزىشتا پايدىلانغان
ماتېرىياللارنىمۇ قالدۇرماي كۆرسەتكەن. مەسىلەن، "«ھەيرە
تۇل ئەبرار» (ياخشىلار ھەيرانلىقى) بېغىدا تالانتىم گۇللىرى
ئېچىلدى، شەيخ نىزامىي روھى «مەخزەنۇل ئەسرار»دىن
بېشىمغا دۇرلار چاچتى؛ تەپەككۇرۇم «فەرھاد ۋە شىرىن»
كېچىسىگە يۈزلەنگەندە، مىرخۇسرەۋ دېمى «شىرىن ۋە خۇسرەۋ»
ئوتى بىلەن چىرىغىمنى يورۇتتى؛ ئىشقىم «لەيلى ۋە مەجنۇن»
ۋادىسىغا قەدەم قويغىنىدا، خاجۇنىڭ ھىممىتى «گەۋھەرنامە»دىن
ماڭا گۆھەرلەر يەتكۈزۈپ بەردى؛ دىلىم «سەبئەئى سەييارە»
كۆزەتمىسىگە باغلانغاندا، ئەشرەف ئۆزىنىڭ «ھەفت پەيكەر»دىكى
يەتتە ھۆرىنى خىزمىتىمگە ئەۋەتتى؛ خاتىرىم بىناكارى «سەددى
ئىسكەندەرى» ئۇلىنى سالغاندا، ھەزرەتى مەخدۇم «خىرەدنامە»
سىدىن ئىسلاھ ۋە مەدەت ناغرىسىنى چالدى"[13] دېگەنلەرگە
ئوخشاش.

ناۋايى بۇ ئەسىرىدە، ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى
بىرمۇبىر تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز-ئۆزىدىن رازىمەن-
لىك ۋە چەكسىز ئىپتىخارلىق بىلەن: "يۇقارى مەزكۇر بولغان
دەۋاۋىن ۋە مەسنەۋى ۋە سايىر كۇتۇب ۋە رەسايىلى مەئنەۋىكى،
تا ئالەم بىناسىدۇر بۇ تايىفەدىن ھېچكىمگە دەست بېرمەيدۇر
ۋە ئىختىرائى مۇيەسسەر بولمايدۇر — دەست بېردى ۋە مۇيەسسە-
ر بولدى"[14] (يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن دىۋانلار، مەسنەۋى-
لەر ۋە باشقا كىتاب-رىسالىلەرنى ئالەم بىنا بولۇپ ھازىرغىچە

بۇ خەلقتىن ھېچكىم يازالمىغان ۋە دۇنياغا كەلتۈرەلمىگەنىدى. ئۇلارنى مەن يازدىم ۋە دۇنياغا كەلتۈردۈم). ئەلىشىر ناۋايى بۇ ئەسىردە ساددە ھېسسىياتنى ئەمەس بەلكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتنى ئۆز ھۆكۈم ۋە خۇلاسىلىرىگە ئاساس قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەر سۆزىدىن، ھەربىر جۈملىسىدىن لاپ ئەمەس، بەلكى چىنلىق، سەمىمىيلىك ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ناۋايىنىڭ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت ئۆمرىنى خۇلاسىلاپ، ئۆز-ئۆزىگە بەرگەن باھاسى مۇناسىپ، خالىس ۋە لىللادۇر. چۈنكى، ناۋايىنىڭ ئەمگىكى ۋە تۆھپىسى كېيىنكى چاغدا ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىدىلا جاھان ئەھلى، ئەدىبلەر ۋە ئالىملار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغانىدى. بۇنىڭغا «بابۇرنامە»نىڭ ئاپتورى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ ئۆز كىتابىدا: "ئەلىشىربەگ نەزىرى يوق (مىسلىسىز)كىشى ئىدى. (ئۇ) تۈركىي تىل بىلەن تا شېئىر ئېيتىپتۇرلار، ھېچكىم ئانچە كۆپ ۋە خوب ئېيتقان ئەمەس"⑮ دەپ يازغانلىقى، ئۆز زامانىسىدىكى ناۋايىنىڭ تۈركىي تىل بىلەن ئەسەر يېزىشىنى قوللىغان، تۇرلۇك شائىرلارنى يارىتىپ بەرگەن خۇراسان پادىشاھى، شائىر ھۈسەيىن بايقارانىڭ بولسا، "ئۇ (يەنى ناۋايى) كۆكتىكى پارلاق بەخت يۇلتۇزىغا ئوخشاش تەڭدىشى يوق بىر ئىنسان"⑯ دەپ باھا بەرگەنلىكى دەلىل بولالايدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، «ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە» خاسلا تىلشۇناسلىق ئەسىرى ئەمەس، ئۇ تىلچىلارمۇ، ئەدىب-

لەرمۇ، تەرجىمانلارمۇ، قىسقىسى «ئانا تىلىم» دەيدىغانلىكى ئادەم بىر ئوقۇپ چىقسا ئەرزىيدىغان كىتاب. بۈيۈك شائىر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى، ئىلىم-پەن كۆز قارىشى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشتە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىستىلىستىكى-لىق قۇرۇلمىسى ۋە گرامماتىكىلىق ئۆزگىچىلىكلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان نادىر ئەسەردۇر.

1989-يىل 5-ئاي.

ئىزاھلار:

① خۇراسان — بۈگۈنكى ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپى، خارەزم، ئىران ۋە ئافغانىستاننىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قەدىمىي دۆلەت. ھىرات — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان قەدىمىي شەھەر. (بۇ ئىزاھ لى گوشياڭ ئەپەندى يازغان «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»دىن ئېلىندى).

② قاراڭ: «ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1988-يىل نەشرى، 91-بەت.

③ مۆجىزى: «مۇزىكانتلار تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1982-يىل نەشرى، 56-بەت.

④ لى گوشياڭ: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، 127-بەت. غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنى باستۇرغان نۇسخا.

⑤ خەمىت تۆمۈر، ئابدۇروپ پولات «چاغاتاي تىلى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ 1986-يىل نەشرى، 212-بەت.

⑥ ⑦ ⑧ ⑨ ⑩ ناۋايى: «ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە»،

مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1988 ـ يىل نەشرى.

⑪ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1987 ـ يىل نەشرى، 664 ـ بەت.

⑫ ناۋايى: «ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە»، 29 ـ بەت.

⑬ «ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە»، 31 ـ بەت.

⑭ «چاغاتاي تىلى»، 209 ـ بەت.

⑮ لى گوشياڭ: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»دىن.

# "تارىم" ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە پاكىتلىق قاراش

"تارىم دەرياسى"دىكى "تارىم" سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە ئائىت چۈشەنچىلەردە روشەن ئىختىلاپلار مەۋجۇت. ئالايلۇق، بەزى تىلچىلار بۈيۈك ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن پاكىت كەلتۈرۈپ: "تارىم — 'ئېقىن-ۋادا'، 'ئېتىز-ئۆلكە' دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ"① دەپ كۆپ مەنىلىك ئىزاھ بەرسە، يەنە بەزى يولداشلار ئۆزۈپلا: "تارىم - تۈركىيچە 'تارىماق'تىن كەلگەن، ئۇنىڭ مەنىسى 'زىرائەت تېرىماق' دېمەكتۇر"② دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

دەرۋەقە، «دىۋان»دا مۇنداق ئىزاھلار بار:

tarīm تېگىنلەرگە (شاھزادىلەرگە)، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ-ئۇششاق بالىلىرىغا خاس بىر سۆز. خاقان ئوغۇللىرىدىن باشقىلار ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىدە بولسىمۇ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا-خېنىملارغا ئۇنىۋان ئورنىدا "altu tarīm" دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

tarīm كۆل ۋە قۇملۇقلارغا قۇيۇلىدىغان دەريا تارماقلىرى

(تارماق دەريا).

tarīm ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى "كۇچا" دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي. بۇ يەر "usmī tarīm"مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ يەردە ئاقىدىغان بىر دەريامۇ "tarīm"دېيىلىدۇ③.

بىراق، كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، يۇقىرىدىكى "tarīm" لەر ھەرگىزمۇ بىرلا سۆزلەم ئەمەس، بەلكى يېزىلىشى ئوخشاش («دىۋان»دا بۇ سۆزلەر پەقەتلا بىر "ت" ھەرپى، كەسرەلىك بىر "ر" ھەرپى ۋە ساكىنلىق بىر "م" ھەرپى بىلەن ئوپمۇئوخشاش يېزىلغان)، تەلەپپۇزىمۇ بىر خىل بولغان ئاھاڭداش ئۈچ سۆزدىن ئىبارەت. ھازىرقى زامان لۇغەتچىلىك قائىدىسىدە، بۇ خىلدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر I، II، III دېگەندەك سىفىرلار ۋاستىسى بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاڭ I ئىسىم. كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش قابىلىيىتى، ئەقىل-ئىدراك. مەسىلەن، ئادەمنىڭ ئېڭى ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ.

ئاڭ II ئىسىم. ئوۋلىنىدىغان بارلىق جانىدارلار. مەسىلەن، ماڭاتتى يول بويى ناخشىلار توۋلاپ، ماڭاتتى ئۇچرىغان ئاڭلارنى ئوۋلاپ④ دېگەنلەرگە ئوخشاش.

مېنىڭچە، خۇددى مەزكۇر ئاڭ I بىلەن ئاڭ IIنى ئاھاڭداش سۆز بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارنى بىر سۆز ياكى ئېتىمولوگىيىسى بىر سۆز دەپ قارىغىلى بولمىغاندەك، «دىۋان»دا ئايرىم-ئايرىم سۆزلەم قىلىپ بېرىلگەن ئۈچ "tarīm" (ئەگەر بىز ئۇلارنىمۇ

tarim I، tarim II، tarim III قىلىپ كۆرسەتسەك) دىن خالىغان ئىككىنى (يەنى tarim II بىلەن tarim IIIنى) تاللىۋېلىپ، قىياسەن ھالدىلا ئۇلارنى بۇگۈنكى "تارىم"نىڭ ئېتىمولوگىيىسى دەۋالساق بولمايدۇ. چۈنكى، «دىۋان»دا tarim IIنىڭ مەنىسىنى ئېنىق قىلىپ "دەريانىڭ تارماقلىرى" دەپ كۆرسەتكەن؛ tarim IIIنىڭ بولسا، ئالدى بىلەن "كوچا دېگەن يەرنىڭ يېپىندىكى بىر جاي" ئىسمى ئىكەنلىكى، ئاندىن "شۇ يەردە ئاقىدىغان بىر دەريامۇ" مەزكۇر نام بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى ئوچۇق كۆرستىلگەن. بۇ يەردە، tarim IIنىڭ tarim III ئۇچۇن سۆز ئىزاھى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق بېشارەت يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇنچە زور، ئەزىم بىر دەريانى ئاتاۋېلىرىمىز "دەريانىڭ تارماقلىرى" ياكى "تارماق دەريا" دەپ ئاتىغان دېيەلمۇ ئەقىلغە سىغمايدۇ. شۇڭا، ھازىرقى "تارىم"نىڭ مەنىسىنى "ئېقىن، دەريا" دېگەن بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق دەپ قارايمەن.

مەن بۇگۈنكى "تارىم دەرياسى"نىڭ نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى "tarimak" دېگەن پېئىلدىن كەلگەن، ئىستېمالىمىزدىكى "تارىم"نىڭ مەنىسى "تېرىلغۇ" دېگەن بولىدۇ، دېگەن قاراشنىڭمۇ ئاساسى كۈچلۈك ئەمەس دەپ قارايمەن.

دۇرۇس، مەھمۇت قەشقەرى "tarim كوچا دېگەن يەرنىڭ يېپىندىكى بىر جاي.... ئۇ يەردە ئاقىدىغان بىر دەريامۇ ta:rim دېيىلىدۇ" دېگەن. بىر يەرگە "تېرىلغۇ يەر، تېرىلىدىغان يەر"

دېگەن مەنىدە نام قويۇش ۋە بۇ نامنىڭ شۇ يەردىن ئېقىپ
ئۆتىدىغان دەريانىڭمۇ نامى بولۇپ قېلىشى تامامەن مۇمكىن.
مەسىلەن، يەركەندىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا "يەركەن
دەرياسى" دەپ ئاتالغىنىغا ئوخشاش. ئەمدى، بىر جايغا قويۇل-
غان "تېرىلىدىغان يەر" دېگەن مەنىدىكى نامنىڭ كېلىش مەن-
بەسىنى "tarīmak" (يەنى تېرىماق، ئېكمەك) دېگەن پېئىلدىن
كەلگەن دەپ چۈشەندۈرۈشلا ئەقىلغە ئەڭ سىغىدۇ. بىراق،
فونېتىكا ئىلمى بويىچە قارىساق مانا مەن دەپ ئېنىقلا كۆرۈنۈپ
تۇرۇپتۇكى، قەدىمكى زاماندىكى "tarīm" بىلەن بۈگۈنكى
ئىستېمالىمىزدىكى "تارىم" بىر سۆز ئەمەس، بەلكى يېزىلىشى
ئوخشاش بىراق تەلەپپۇزى ئوخشاشمايدىغان شەكىلداش سۆزدىن
ئىبارەت يەنى قەدىمكىسى "tarīm" (a قىسقا سوزۇق تاۋۇش.
«دىۋان»غا قاراڭ)، بۈگۈنكىسى بولسا، "ta:rīm" (a: ئۇزۇن
سوزۇق تاۋۇش) بىزگە مەلۇم، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا،
شەكىلداش سۆزلەر لۇغەتلەردە ئالاھىدە ئىزاھلاپ كۆرسىتىلىد-
غان، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ئۈچۈن ":" بەلگىسى ئىشلىتىلىد-
غان بولدى. مەسىلەن:

پاچاق — رەۋىش. ئىزىلىپ، پۇكۇلۇپ سۇنغان، پارچىلانغان،
ئەبجەق. مەسىلەن:

بىر ئورۇپ پەرھات سۇپەت چاققۇم كېلۇر،
ئەھرىمەننىڭ تەختىنى ئەيلەپ پاچاق.

پا: چاق — ئىسىم. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ پۇتىنىڭ تىزدىن

تۆۋەنكى قىسمى؛ شىراق. مەسىلەن؛

ئۇزۇن پاچاق ئايال. پاچىقىنى چاقماق، پاچاققا ئېسىلماق⑤
دېمەك، "پاچاق" بىلەن "پا: چاق" شەكىلداش سۆزلىرىنى
ھېچبىر پاكىتسىزلا ئۆزئارا مەنىبەداش سۆزلەر دەپ قاراپ،
"پا: چاق"قا "پاچاق"نىڭ مەنىسىنى يۈكلەپ قويغىلى بولمىغان-
دەك، بۈگۈنكى "تا: رىم" ئاتالغۇسىغا، ئۆز زامانىسىدا ئۇنىڭ
بىلەن شەكىلداش بولغان "تارىم" سۆزىنىڭ مەنىسىنى يۈكلەپ
"تېرىلغۇ" دېگەنلىك دەپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

مېنىڭچە، «دىۋان» شاھىت بولۇپ تۇرۇپتۇكى، بۈگۈنكى
"تا:رىم" دەرياسىنىڭ كۆچانىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان قىسمىنىڭ
ئۆز ۋاقتىدا "تارىم" (يەنى ھازىرقى تىلىمىزچە "تېرىم") دەپ
ئاتالغانلىقىدا شەك-شۈبھە يوق. بىراق، زامان چاغاتاي
ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كەلگەندە، مەزكۇر دەريانىڭ نامى
ئەدەبىي تىلدا "تارەم" (ta:rəm) دەپمۇ ئاتالغان ۋە بۇ نام
تەدرىجىي ھالدا بۇ ئەزىم دەريانىڭ ئومۇمىي غولىنى بىلدۈر-
دىغان نام بولۇپ قالغان. بۈگۈنكى ئىستېماللىمىزدىكى "ta:rim"
بولسا، ئاشۇ چاغاتايچىدىكى "ta:rəm" ئاتالغۇسىدىن كەلگەن.
مۇنداق دېيىشكە ئاساسىم تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قىسقا سوزۇق ئاۋۇش-
لۇق "tarīm"نىڭ بۈگۈنكە كېلىپ ئۇزۇن سوزۇق ئاۋۇشلۇق
"ta:rim"غا ئايلىنىپ قېلىشى تىل پاكىتلىرىغا ئۇيغۇن
كەلمەيدۇ. چۈنكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمال قىلىنغان

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىدىكى قىسقا سوزۇق "ئا" تاۋۇشى ھازىرقى زامانىغا كەلگەندە، ھەممىسى دېگۈدەك قىسقا سوزۇق "ئې" تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن:

| قەدىمىي ئۇيغۇرچىدا | ھازىرقى تىلىمىزدا |
|---|---|
| ساغىنماق | سېغىنماق |
| سارىغ | سېرىق |
| ياگى | يېڭى |
| ئاغىر | ئېغىر |

دېگەنلەرگە ئوخشاش[6]. شۇ قاتاردا قەدىمىي ئۇيغۇرچىدىكى "tarïm" سۆزىمۇ ھازىر "تېرىم"غا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ "تېرىم مەزگىلى، تېرىم ۋاقتى" دېگەندەك سۆزلەردە "تېرىلغۇ" مەنىسىدە ئىشلىتىلگەندىن باشقا، "ئۆرۈك قېرىمىدا، شاپتۇل تېرىمىدا" (ماقال) دېگەندەك سۆزلەردە يەنىلا ئەينى زامانىدىكى "تېرىلىدىغان يەر، ئېكىنزار" دېگەن مەنىسىمۇ يورۇتقان ھالدا قوللىنىلىدۇ.

دەرۋەقە، بۇ خىلدىكى قەدىمىي ئۇيغۇرچىدىن كەلگەن سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىدىكى قىسقا سوزۇق "ئا" تاۋۇشى "ئې"غا ئاجىزلاشماي ئەينەن ساقلىنىپ قالغان ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ. ئالايلۇق، قەدىمىي ئۇيغۇرچىدىكى "قارىن"ۋە "ئاغىز" سۆزلىرى ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدا "قارىن"،

"ئاغىز" شەكلىدىمۇ، "قىرىن"، "ئېغىز" تەلەپپۇزىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، قارنى ئاچ، قارنى يامان؛ قوينىڭ قىرىنى، ئۆچەي-قىرىن؛ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىماق، ئاغزىدا شەھەر ئالماق؛ بىر ئېغىز سۆز، ئېغىز ئاچماق⑦ دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، بۇ خىلدىكى سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىدىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش "ئا"نىڭ ئۇزۇن سوزۇق "ئا" تاۋۇشىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى كۆرۈلمەيدۇ. بۇ ھال بىزگە "تېرىلغۇ، تېرىم" مەنىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز "tarīm" بىلەن بۈگۈنكى ئىستېمالىمىزدىكى "ta:rim"نىڭ بىر ئاتالغۇ ئەمەسلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.

ئىككىنچى، 19-ئەسىردە ياشاپ، ئىجاد قىلىپ ئۆتكەن خوتەنلىك مەشھۇر تارىخشۇناس موللائىسمەتۇللا موللانىئمەتۇللا مۆئجىزى ئۆزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازغان: "سۇلتان (ئابدۇرەشىدخان) ۋۇزەرا-ئۇمەرا لەشكەرلەرى بىلەن پايتەخت ياركەنددىن ئاتلىنىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ، تەرك مەكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندىلەر"⑧. مۆئجىزىنىڭ ئاشۇنداق زور، ئەزىم دەريانىڭ نامىنى خاتا يېزىپ تاشلايدىغان چالا ساۋات ئادەم ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىنىڭ يېتىك ئالىمى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ھالبۇكى، ئۇ بۈگۈنكى تارىم دەرياسىنىڭ نامىنى ئېنىق ھالدا، "ط+ا+ر+م" (طارم) قىلىپ يازغان. بۇ چاغاتايچىدا "تارىم"

(ta:rəm) دەپ ئوقۇلىدۇ. مانا بۇ — پاكىت. مەزكۇر "تارەم" ئاتالغۇسى ئۆزىنىڭ "كۆك، ئاسمان، پەلەك" دېگەن مەنىسى بىلەن چاغاتايچە ئەسەرلەردە كەڭرى ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن:

ئىچى بىر ئېۋ، ۋەلى ئالەم ئېۋىدەك،
نى ئالەم، نىلگۈن تارەم ئېۋىدەك.

يەشمىسى:

ئىچى بىر ئۆي ۋە لېكىن ئالەم ئۆيىدەك،
نى ئالەم، نىل رەڭلىك ئاسمان ئۆيىدەك⑨.

مەلۇمكى، "ta:rim" دېگەن بۇ نام بۈگۈنكى تارىم دەرياسىنىڭ تارىختىن بۇيانقى بىردىنبىر نامى ئەمەس. جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982-يىلى ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلىنغان «غەربىي دىيار يەر-جاي ناملىرى» ناملىق لۇغەتنىڭ 93-بېتىدە، مەزكۇر دەريانىڭ يەنە sita، qol، Erqol، Oikhardes قاتارلىق ناملىرىنىڭمۇ بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئەمدى، مۆئجىزى تەمسىلگەن پاكىت ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، ئەزەلدىن تەڭرىگە، ئاسمانغا چوقۇنۇپ كەلگەن، ئۆزلىرى ئەلمساقتىن تارتىپ كەڭ باغرىدا ياشاپ كەلگەن بۈيۈك تاغنى ئۇلۇغلاپ "تەڭرى تېغى" دەپ ئاتىغان ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەت دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئاشۇ سۈت مىسال سۈيى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى تەمىن ئېتىپ تۇرغان بۇ دەرياغا، "تەڭرى تېغى" دېگەن نامغا

تەڭكەش قىلىپ "تارەم دەرياسى" (يەنى پەلەك دەرياسى)دەپ يېڭى ئات قويغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ كونا ناملىرى تەدرىجىي ئىستېمالدىن قېلىپ، "ta:rəm" دېگەن بۇ نام خەلق ئىچىگە سىڭىشىپ، هازىرقى تارىم دەرياسىنىڭ، شۇنداقلا تارىم دەرياسى جايلاشقان زور ئويمانلىقنىڭ نامى بولۇپ قالغان. ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، مەزكۇر ئاتالغۇ تەركىبىدىكى "ئە" تاۋۇشى "ئى"غا ئۆزگىرىپ كەتكەندىن باشقا، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئۇزۇن سوزۇق "ئا" تاۋۇشى خۇددى تىلىمىزدىكى "كادىر"، "قادىر"، "نادىر"، "سادىر"... قاتارلىق چاغاتايچە سۆزلەر تەركىبىدىكى ئۇزۇن سوزۇق "ئا" تاۋۇشىغا ئوخشاشلا ئەينەن ساقلىنىپ، بۈگۈنكى ئىستېمالىمىزدىكى "تارىم" بولۇپ قالغانىكى، ئۇنىڭ مەنىسى "تېرىم، تېرىلغۇ" "ئېقىن-ۋادا"، "ئېتىز-ئۆلكە" دېگەنلەر بولماي، بەلكى "پەلەك، ئاسمان" دېگەن بولىدۇ.

1990-يىل ٤-ئاي.

ئىزاهلار:

① ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، 425-بەت.

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1989-يىللىق، 1-سان، 153-بەت.

③ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم، 514-بەت.

④ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 148 ـ بەت.

⑤ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 30 ـ ، 237 ـ ، 239 ـ ۋە 514 ـ بەتلەر.

⑥ «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، 105 ـ ، 680 ـ ۋە 692 ـ بەتلەر.

⑦ مۇئجزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، «سۇرەتكە ئېلىنغان نۇسخا» قىسمى، 34 ـ بەت، تۆۋەندىن 6 ـ قۇر.

⑧ ئەلىشىر ناۋايى: «فەرھاد ۋە شىرىن»، «ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1984 ـ يىل تاشكەنت نەشرى، 3 ـ توم، 245 ـ بەتكە قارالسۇن.

## "بودەك" قاتارلىق بىرقانچە سۆزنىڭ ئېتمولوگىيىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە

ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا بەزى سۆزلەر دىئالېكت تەسىرى قاتارلىقلارنىڭ تۈپەيلىدىن ئەسلىدىكى بىر سۆز تەلەپپۇز جەھەتتە روشەن پەرقلىنىدىغان، ئىشلىتىلىش ئورنى جەھەتتە مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە، بىراق تۈپ ئۇقۇم جەھەتتىن مەنىداش بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالىدىغان بىر ئەھۋال بار. مەسىلەن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاساسلىق مەنىسى "يۈرۈش-تۇرۇش، ھەرىكەت، قىلىق" بولغان "فېئىل" سۆزى ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى قىلىپ، "كىشى خاراكتېرىنى تەشكىل قىلغۇچى روھىي خۇسۇسىيەتلەر يىغىندىسى، روھىي ھالەت، كەيپىيات، خاراكتېر، خۇلق" («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1-توم، 778-بەتكە قارالسۇن). مەنىسىدىكى "پېئىل" سۆزى بىلەن "كىشى خاراكتېرىنى، خۇلقىنى ئىپادىلەيدىغان روھىي خۇسۇسىيەتلەر؛ كىشىنىڭ مەلۇم پەيتتىكى روھىي ھالىتى، كەيپىياتى، مىجەز، خۇلق، قىلىق، خۇي"نى ئىپادىلەيدىغان "پەيل" سۆزى

(«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1 - توم، 710 - بەتكە قارالسۇن) ۋە "شەيئىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتى، ھالىتى، ئۆزگىرىشى، ئىپادىسى ۋە سېزىمى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى" بولغان "پېئىل" («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1 - توم، 778 - بەتكە قارالسۇن)دىن ئىبارەت ئۈچ سۆزگە ئايلىنىپ كەتكەن.

مەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي سۆزلۈك سوستاۋىدا كەڭرى ئىشلىتىلىۋاتقان "بورداق"، "پوداق" "بوداق" ۋە "بودەك" سۆزلىرىنىمۇ مۇشۇ خىلدىكى سۆزلەر قاتارىغا كىرىدۇ دەپ قارايمەن ۋە بۇ قارىشىمنى ئېتىمولوگىيە ئىلمىغا قىزىقىدىغانلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە مۇنداق قويىمەن:

1. بورداق (bordak). بۇ سۆز تىلىمىزدىكى "سەمرىتمەك، مەخسۇس بېقىپ سەمرىتمەك" مەنىسىدىكى "بوردىماق" پېئىلىدىن ياسالغان سۈپەت سۆز بولۇپ، ئۇ "سېمىز، گۆش ئۈچۈن بېقىپ سەمرىتىلگەن" دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، سۈپىنىڭ بىر چېتىگە كانار ئورنىتىلغان بولۇپ، بورداق قوينىڭ گۆشى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1 - توم، 456 - بەتكە قارالسۇن).

2. پوداق (po:dak). بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر دىئالېكتىدا "سېمىز" دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ («ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، 50 - بەتكە قارالسۇن). قەشقەر تىلىدا "سېمىز" مەنىسىدە يۈرىدىغان "پوداق" سۆزىنىڭ "podak" ئەمەس، بەلكى "po:dak" تەلەپپۇز قىلىنىپ، "ئو" تاۋۇشىنىڭ

ئۇزۇن سوزۇق ئاۋۇش قىلىپ ئېيتىلىشى مەزكۇر سۆزنىڭ ئەسلىدە "pordak" بولۇپ، كېيىنچە جانلىق تىلدا "ر" ئاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. مەزكۇر "پورداق" سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى "بورداق" بولۇپ، "ب" ئاۋۇشىنىڭ كېيىنچە ئۆزگىرىپ "پ" تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئېنىق. چۈنكى، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇرچە سۆزلەردە، خۇسۇسەن سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن "ب" ئاۋۇشى ئۇزاق ئىستېمال جەريانىدا ئۆزگىرىپ "پ" تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولۇپ كەتكەن بىر ئەھۋالمۇ بار. ئالايلۇق، ھازىرقى تىلىمىزدا "يازماق"، "ئاياغلاشماق"، "ئېچىدىكى بوشلۇق تىنىپ كەتمەك" مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان "پۈتمەك" سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى "بىتمەك"، "بۈتمەك" پېئىللىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1989 - يىل نەشرى 110 - ، 113 - بەتلىرىگە قارالسۇن). شۇڭا، "پوداق" "po:dak←—pordak←—bordak" سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»دىكى بىر قېچىپ كېتىۋاتقان سېمىز ئادەمنى تۇتۇۋېلىشقا چاقىرىدىغان "ئۇرۇقنى قوي، پوداقنى تۇت!" ھېكايىسىمۇ، مەزكۇر "پوداق" سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا خېلى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان "سېمىز" مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدىغان كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

3. بودەك (bo:dək). ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا كۆپ مەنىلىك سۆز ھېسابلىنىدىغان "بودەك" سۆزىنىڭ بىر مەنىسى "تولغان، تولۇق ئەت ئالغان" دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ پېئىل شەكلى "بودەكشمەك" بولۇپ، "تولۇق ئەت ئالماق، تولماق" ئۇقۇمىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، سۇ ۋاقتىدا كىرگەچكە بۇغدايلار بودەكشىشكە باشلىدى. («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1 - توم، 454 - بەتكە قارالسۇن). ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، مەزكۇر "بودەك" سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتىدا ئېنىق ھالدا "سېمىز" مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ («ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، 32 - بەتكە قارالسۇن). قەشقەر تىلىدىمۇ "بودەك" سۆزى "سېمىز، بۇدرۇق" دېگەن بولىدۇكى، "بۇ بالا ئەجەب بودەك چوڭ بوپتۇ"، "بودەك يەگىت" دېگەن گەپلەرنى ھەممىلا يەردە ئاڭلاش مۇمكىن.

ئۇيغۇر دىيالېكتلىرى تىلىمىز لېكسىكىسىنى، خۇسۇسەن سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك مەنبە. تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ئەدەبىي تىلىمىزدا "بۇغداي" قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ "تولغان، تولۇق ئەت ئالغان" (ئەمەلىيەتتە سەمرىگەن، سېمىز)لىرى "بودەك" دەپ سۈپەتلەنسە، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئادەمنىڭ، خۇسۇسەن ياشلارنىڭ، بالىلارنىڭ "سەمرىگەن، سېمىز" (ئەمەلىيەتتە تولغان، تولۇق ئەت ئالغان)لىرى "بودەك" دەپ سۈپەتلىنىدۇ؛

ئەدەبىي تىلىمىزدا "بودەك ئۇجمە" دېيىلسە («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1-توم، 454-بەتكە قارالسۇن)، مەركىزىي دىئالېكت رايونلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان قەشقەردە "بورداق ئۇجمە" دېيىلىدۇ. بۇ ھال ھازىرقى تىلىمىزدا "ئەت ئالغان" مەنە-سىدە ئىشلىتىلىۋاتقان سۈپەت سۆز "بودەك"نىڭ "سېمىز" مەنىسىدە ئىشلىتىلىۋاتقان "بورداق" بىلەن ئەسلى بىر سۆز ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. مېنىڭچە، ماۋزۇيىمىزدىكى "بودەك" سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى، "bordak ⟶ bordək ⟶ bo:dək" قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

4. بوداق (bo:dak). بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "بودىماق" پېئىلىدىن ياسالغان سۆز بولۇپ، ئەدەبىي تىلىمىزدا "بىرەر نەرسىنىڭ مىقدارى، ھالىتى توغرىسىدىكى مۆلچەر، پەرەز" دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1-توم، 454-بەتكە قارالسۇن). "بودىماق" سۆزىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى»دە "bo:dimak" قىلىپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغانلىقىنىڭ ئۆزى گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپتۇكى، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى "بوردىماق" بولۇپ، ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا جانلىق تىل تەسى-رىدىن ئۇنىڭ تەركىبىدىكى "ر" تاۋۇشى چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق "bo:dimak" تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغان. بۇنىڭ داۋلىسى ئەسلىدىكى "كارناي" سۆزىنىڭ "ر" تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان بۈگۈنكى

كۆندە "ka:nay" تەلەپپۇز قىلىنغىنى بىلەن ئوپمۇئوخشاش.

دەرۋەقە، "بودىماق" سۆزى ھازىرقى ئىستېمالىمىزدا "بىرەر نەرسىنىڭ مىقدارى، ھالىتىنى ئۆزىچە پەرەز قىلماق، مۆلچەرلىمەك، قىياس قىلماق" دېگەن مەنىدە يۈرىدۇ. مەسىلەن، ئالدىنقى كۈنى غەيرەت سايلىققا چۈشۈپ، كۆچەتزارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۆزىچە ھەربىر تۈپ كۆچەتنىڭ نەرخىنى قورسىقىدا بوداپ چىقتى («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1-توم، 454-بەتكە قارالسۇن). مۇشۇ مىسالنىڭ ئۆزىدىنمۇ مەلۇمكى، "بودىماق" پېئىلى ئىپادە قىلىدىغان "مۆلچەرلىمەك، قىياس قىلماق" ھەرگىزمۇ نەق نەرسىنىڭ ئۆزىنى تارازىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆرمەك ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان مەۋجۇت نەرسىنىڭ نەق ئۆزىدىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ كەلگۈسىنىمۇ نەزەردە تۇتقان ھالدا، ئۇنىڭ مۇئەييەن شەرت-شارائىت ئاستىدا بۇندىن كېيىن بولىدىغان ياكى بولۇش ئېھتىمالى بولغان قىسمىنىمۇ قوشۇپ (كۆپەيتىپ، سەمرىتىپ) ھېسابلىماقتىن ئىبارەت. ئەمدى "بوداق" سۆزىگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئىپادە قىلىدىغىنى ھەرگىزمۇ "نەقچوت" ئەمەس، بەلكى مەۋجۇت ھالەتتىن كۆپەيتىپ ياكى ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ ھېسابلانغان "خامچوت" تۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، ھازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدىكى "بورداق" "پورداق"، "بوداق"، "پوداق" ۋە "بودەك" سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى تىلىمىزدىكى "بوردىماق" پېئىلىدىن كەلگەن ياسالما

سۆزلەر بولۇپ ئۇلاردىكى تۈپ ئۇقۇم ئوخشاشلىقى ئۇلارنىڭ مەنىبەداشلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالدىكى مەنە پەرقلىرى بولسا، تىلىمىز تەرەققىياتىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنە كۆچۈش ھادىسىسىنى چۈشەندۈرىدۇ.

1990 - يىل 10 - ئاي.

# ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا تەتقىقاتىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ رولى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى لېكسىكا جەھەتتىن تەتقىق قىلىش تىلىمىزنىڭ لۇغەت بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە ئۇنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۆز نۆۋىتىدە، ھەربىر تىل ئىگىسىدىن تىل ماتېرىيالى بولغان سۆزلەرنى تولۇق چۈشىنىپ، توغرا ئىشلىتىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

مەلۇمكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ، خۇسۇسەن خاقانىيە تىلىنىڭ بىۋاستە راۋاجى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە زامانىنىڭ تەلپى ۋە ئىسلامىيەت يولىغا چۈشكەن مەدەنىي ھاياتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا تەركىبىگە ئورغۇنلىغان ئەرەبچە-پارسچە توپ سۆزلەر، بىرىكمە سۆزلەر ۋە قوشۇمچە سۆزلەر قوبۇل قىلىنغان. مەزكۇر ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەر ئالتە ئەسىردىن ئارتۇق ئۇزاق زامان ئىشلىتىلىش جەريانىدا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تاللىنىشى ۋە

ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ شاللىنىشىدىن ئۆتەلىگەنلىرى ئۆزلىشىپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى يەنى يېقىنقى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت خەزىنىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ خىل چاغاتايچە سۆزلەر ھېلىھەم بىزنىڭ تىلىمىزدا ئۆزىنىڭ ئاشۇ خورىماس ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرغان ھالدا ئىستېمال قىلىنماقتا.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە قوبۇل قىلىنغان ئاشۇ ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەر گەرچە ئاشۇنچىۋالا ئۇزاق دەۋرلىك ئىستېمال جەريانى ئارقىلىق تىلىمىزغا ئۆزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۆز ئانا تىلىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەربىر ئۇيغۇر خۇددى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى چۈشەنگەندەك چۈشىنىپ ئىشلىتىدىغان بولۇپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى تىلىمىزدىكى ئەسلى كېلىش مەنبەسى ئەرەبچە-پارسچە بولغان چاغاتايچە سۆزلەرنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالدىكى ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشتە بەلگىلىك خىزمەت كۆرستەلەيدۇ دەپ قارايمىز.

قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا تەتقىقاتى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتلەردە ئەھمىيەتلىك.

## 1. تىلىمىزدىكى خېلى بىر بۆلەك سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشتا ئەھمىيەتلىك

ھازىرقى تىلىمىزدا شۇنداق بىر بۆلەك سۆزلەر باركى، ئۇلار مەيلى جانلىق تىلدا بولسۇن ياكى ئەدەبىي تىلدا بولسۇن تەلەپپۇز جەھەتتە يېقىن، مەنە جەھەتتە بەزەن ھاللاردا گويا بىر سۆزدەكلا ئىشلىتىلىدۇ. ئەمدى، بۇ سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ قارىساقلا بۇنداق ئوخشاشلىقنىڭ ئىلمىي ئاساسى بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئالايلۇق:

"ئەتىۋار" بىلەن "ئېتىبار": مەزكۇر "ئەتىۋار" بىلەن "ئېتىبار" سۆزى 1985 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»دە ئىككى سۆز قىلىپ بېرىلگەن (تۆۋەندە مىسال قىلىپ ئېلىنغان سۆزلەرمۇ شۇنداق) ئەمدى، بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىلىرىنى ئىزاھلاشقا كەلسەك، 1982 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»تە "ئەتىۋار" سۆزىنىڭ ئاساسلىق مەنىسى "珍贵，贵重" دەپ، يەنە بىر مەنىسى "价值" دەپ ئىزاھلىنىدۇ①. ئەمەلىيەتتە مەزكۇر "ئەتىۋار" بىلەن "ئېتىبار" سۆزلىرى چاغاتايچىدا "ئېئتىبار"

تەلەپپۇزىدىكى بىرلا سۆز ئىدى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ "ئىئتىبار" سۆزى زىيالىيلار تىلىدا "ئىتىبار" ("ئى" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش) تەلەپپۇزىدا، جانلىق تىلدا بولسا "ئەتىۋار" شەكلىدە تۇراقلىشىپ قالغان ("ئە" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش). ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ قارىساق "ئەتىۋار نەرسە" بىلەن "ئىتىبارلىق نەرسە" بىرلا گەپ. "ئىتىبارەن" سۆزىمۇ جانلىق تىلدا كۆپىنچە "ئەتىۋارەن" تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. "ئەتىۋار" بىلەن "ئىتىبار"دىن ياسالغان باشقا سۆزلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ قارىساقمۇ ئۇلارنىڭ تۈپ مەزمۇن جەھەتتە بىرىنى چەتكە قاقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

"ئار" بىلەن "ھار": مەزكۇر "ئار" بىلەن "ھار" سۆزلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئار" (نومۇس، خورلۇق) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. "ئا"نى "ھا" تەلەپپۇز قىلىش ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى. شۇ ئادەت تۈپەيلىدىن، چاغاتاي- چىدىكى "ئەسەل، ئەسا، ئەرەبە، ئەقىق" سۆزلىرى بۈگۈنكى كۈندە "ھەسەل، ھاسا، ھارۋا، ھېقىق" تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغان. "ئابدۇللا"نى "ھابلا" دەيدىغانلار خېلى بار. دېمەك، چاغاتايچە "ئار" سۆزى ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا، زىيالىيلار تىلىدا "ئار" شەكلىدە تۇراقلاشقان بولسا جانلىق تىلدا "ھا" ياكى "ھار" شەكلىدە ئومۇملاشقان. شۇڭا، ئەدەبىي تىلدىكى "نى ئار، نى نومۇس" دېگەن گەپنى جانلىق تىلدا "نى ھا، نى نومۇس" دەۋېرىدۇ. ئىنچىكە تەھلىل قىلساق،

"ھارسىنماق" بىلەن "ھار كەلمەك" ئىككىلىسى بىر گەپ بولۇپ، ئوخشاشلا "خورلۇق ھېس قىلماق" دېگەن ئۇقۇم يورۇتۇلىدۇ.

"شان" بىلەن "شەن": مەزكۇر "شان" ۋە "شەن" سۆزلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا "شەئىن" تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بىرلا سۆز بولۇپ، "ئالىيجانابلىق، ئېسىللىق، ئالاقىدار ئىش" دېگەن مەنىلەرنى ئىپادە قىلاتتى. ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا بۇ سۆز ھازىرقى "شان" ۋە "شەن" ("ئە" تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش) شەكلىدىكى ئىككى سۆز بولۇپ قالغان. ھازىرقى "شان" سۆزى "شەرەپ" بىلەن جۈپ سۆز ياساپ "شان-شەرەپ" شەكلىدە كەڭ ئىستېمال قىلىنىپ، ئەمەلىيەتتە "شەرەپ" مەنىسىدە يۈرىدۇ. شۇڭا "شانلىق" سۆزىنى "光辉的、光荣的" دەپ ئىزاھلايمىز.② ئەمدى، "شەن" سۆزىگە كەلسەك، ئۇمۇ ئەمەلىيەتتە "شەرەپ، ئېسىللىق" ئۇقۇمىنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن "بىراۋنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەك" دېگەنلىك ئەمەلىيەتتە "ئاشۇ بىراۋنىڭ شەرىپىگە داغ چۈشۈرمەك، ئۇنىڭ شەرىپىنى بۇزماق" دېگەنلىك بولىدۇ. "پارتىيىنىڭ شەنىگە..." دېگەنلىك، "پارتىيىنىڭ شەرىپىگە، پارتىيىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن..." دېگەنلىك بولىدۇ.

"شوق" بىلەن "شوخ": "شوق" ۋە "شوخ" سۆزلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى "شەۋق" ئاتالغۇسىغا تاقىلىدۇ. مەزكۇر "شەۋق" ئاتالغۇسى چاغاتايچىدا "كۈچلۈك ئارزۇ، تەقەززالىق؛ زوقلىنىش، قىزغىنلىق"

مەنىلىرىنى ئىپادە قىلىدىغان سۆز بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن فونېتىكىلىق ئۆزلىشىش قىلىپ، بۈگۈنكى "شوق" ۋە "شوخ" شەكلىدە ئىككى سۆز بولۇپ تۇراقلاشقان. ھازىرقى تىلىمىزدا "شوق" سۆزى چاغاتايچىدىكى "زەۋق" تىن ئۆزگەرگەن "زوق" سۆزى بىلەن جۈپ سۆز ياساپ "زوق-شوق" شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىپ، ئەمەلىيەتتە "تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، قىزغىنلىق" دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ. "شوخ" سۆزىگە كەلسەك، ئۇ كۆپىنچە "شوخ بالا" شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردىكى "شوخ" تىلىمىزدىكى "مۆرىمەس، مۆك" دېگەن ئۇقۇمغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، "شوخ بالا" دېگىنىمىزدە "كەپسىز بالا" دېگەن مەنىدىن باشقا، ئاساسلىقى "ئولتۇرغان يېرىدە ھەپتە ئولتۇرىدىغان، تەپسە تەۋرىمەس بالا ئەمەس" بەلكى "ھەممىگە قىزىقىدىغان، زوقمەن بالا" دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. شۇڭا، بەزەن جايلاردا "بالا بولسا شوخ بولسا، بولمىسا يوق بولسا" دەپ ئەينەن "شوخ" شەكلىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

"تايىن" بىلەن "تەيىن": "تايىن" بىلەن "تەيىن" سۆزلىرى چاغاتايچىدا "تەئيىن" شەكلىدىكى بىرلا سۆز ئىدى. ئۇ ھازىرقى تىلىمىزدىكى "ئايان" سۆزىنىڭ ئەسلى بولغان "ئەيان" بىلەن تومۇرداش بولۇپ، "تەئيىن" دېگەندە "ئايان بولغان، ئېنىق؛ ئېنىق قىلىپ بېكىتىش، ۋەزىپىسىنى ئېنىق قىلىپ ئەۋەتىش" دېگەن مەنىلەرنى يورۇتاتتى. مەزكۇر

"تەئيىن" ئۇزاق زامان ئىستېمال قىلىنىش ئارقىلىق بۈگۈنكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق "تايىن" ۋە "تەيىن" سۆزلىرى بولۇپ تۇراقلاشقان. "تايىن" ۋە "تەيىن" سۆزلىرى ھېلىھەم ئۆز ۋاقتىدىكى "تەئيىن"نىڭ ئاساسلىق مەنىسى بولغان "ئايان، ئېنىق" ئۇقۇملىرىنى يورۇتقان ھالدا ئىستېمال قىلىنماقتا. مەسىلەن، "تايىنى يوق گەپ"، بۇ "سۆزلىگۈچىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان گەپ" دېگەنلىك بولىدۇ؛ "مەسلىھەتچىلەر قەيەرگە تايىن تاپتى؟" بۇ "ئېنىق قارارغا كەلدىڭلارمۇ" دېگەنلىك بولىدۇ. "تەيىنلىمەك" دېگەن سۆزمۇ بىراۋنى بىر يەرگە "مۇئەييەن ئېنىق ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتمەك" دېگەن بولىدۇ.

"دور" بىلەن "دەۋر": تىلىمىزدىكى "دەۋر" بىلەن "دور" چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا "دور" يېزىلىدىغان، "دەۋر" تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بىرلا سۆز بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى "ئايلىنىش، چۆگىلەش؛ ۋاقىت، مەزگىل، زامان" مەنىلىرىدىن باشقا "قېتىم، نۆۋەت" ئۇقۇملىرىنىمۇ ئاڭلىتاتتى. مەسىلەن، جام دەۋرىدىن خەلاس ئولماقنى زىنھار ئىستىمە (قەدەھ نۆۋىتىدىن خالاس بولماقنى ھەرگىز ئىزدىمە)؛ دەۋر ئاياقى، ساقىيا، تۇتقاندا لەئلىڭ قىل غەجەك (ئى ساقى، نۆۋەت قەدەھنى تۇتقان ۋاقتىڭدا، ئېغىزىڭنى غەجەك قىل)[8] دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەزكۇر "دەۋر" ئاتالغۇسى ئۇيغۇر ئەدەبىي ۋە جانلىق تىلىدا "دەۋر" ۋە

"دور" شەكلىدە ئىككى سۆزگە تۇراقلىشىپ، "دەۋر" سۆزى خاسلا "ۋاقىت، زامان، ئايلىنىش" ئۇقۇمىنى "دور" سۆزى (جانلىق تىلدا "دو // دۆ" تەلەپپۇزدىمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ.) بولسا "نۆۋەت، قېتىم" مەنىسىنى ئۇقتۇرىدىغان بولغان. مەسىلەن، ئاتوم دەۋرى، دورۇم، بۇ دور، ئۆتكەن دور دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئۇندىن باشقا "دور"نىڭ سىپايىلاشتۇرۇش قوشۇمچىسى "- ئەم" قوشۇلغان "دورەم" شەكلىمۇ "قېتىم، نۆۋەت" مەنىسىدە كەڭرى ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەسىلەن، (سېلىم) مۆجىزىلىك ماي بۇلاقلىرى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى ئادەملەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، بۇ دورەم كۈن- پېتىش تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. (قەييۇم تۇردى: «بوغدا ئاتا»دىن)

"پېئىل" بىلەن "پەيل": هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "پېئىل" بىلەن "پەيل" سوزلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا "فېئل" تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بىرلا سۆز بولۇپ، ئاساسلىقى "ئىش، هەرىكەت، قىلىق، ئادەت، پېئىل" ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرەتتى. مەسىلەن، فېئلۇ قەۋل (سۆز ۋە هەرىكەت)؛ جوهۇد ئۆز دىنىدىن مەهجۇر، هەسۇد ئۆز فېئلىدىن رەنجۇر (يېشىمى: جوهۇت ئۆز دىنىدىن تېنىپلا يۈرىدۇ. هەسەتخور بولسا ئۆز ئىشىدىن رەنجىپلا يۈرىدۇ.)[4] مەزكۇر "فېئل" ئاتالغۇسى ئۇيغۇر ئەدەبىي ۋە جانلىق تىلىنىڭ ئۇزاق دەۋرلىك ئۆزلەشتۈرۈشى جەريانىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ

"پېئىل" ۋە "پەيل"دىن ئىبارەت ئىككى سۆزگە تۇراقلاشقان. هازىرقى ئۇيغۇرچىدا "پېئىل" سۆزى خاس گرامماتىكىلىق ئاتالغۇ (مەسىلەن، ياردەمچى پېئىل) قىلىپ ئىشلىتىلگەندىن باشقا، چاغاتايچىدىكى "ئوبدان، ياخشى" مەنىسىدىكى "خوش" سۆزى بىلەن بىرگە "خوش پېئىل" شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىپ، ئەمەلىيەتتە "ياخشى قىلىق، مۇلايىم مۇئامىلە، يارقىن ھەرىكەت" دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتىدۇ. "فېئىل"دىن ئۆزگەرگەن يەنە بىر سۆز "پەيل" بولسا، بارا-بارا خاسلا "كۆڭۈل ھەرىكىتى، دىل پائالىيىتى"نى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇ بولۇپ قالغان. مەسىلەن، پەيلى يامان، پەيلىنى بۇزماق، پەيلىدىن يانماق⑤ دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئەلۋەتتە، بىز يۇقىرىقى سۆزلەر ئاشۇنداق ئەسلىدە بىرلا گەپ ئىدى، شۇڭا دەرھال ئەسلىگە ياندۇرۇپ بىرلا شەكىلگە كەلتۈرۈش كېرەك دېمەكچى ئەمەسمىز. چۈنكى ئۇلار ئۇزاق يىللىق ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا، كونكرېت تىل شارائىتىدا مۇئەييەن پەرقلىق ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردىن بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئايرىم-ئايرىم سۆزلەر بولۇپ لۇغەتلىرىمىزدىن ئورۇن ئالالىغان. بىراق ئۇلارنىڭ مەنبەداشلىقىنى بىلىپ قويساق مەزكۇر سۆزلەردىكى سىمانتىكىلىق مەنە ئوخشاشلىقىنى ياكى يېقىنلىقىنى توغرا شەرھلەشتە ئەسقاتىدۇ.

ئۇندىن باشقا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىزدىكى بارلىق

مۇسۇلمانچە ئىسىملارغا مەنە ئېيتىپ، كېلىش مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، "سالىم، سەلىمە، سېلىم" لارنىڭ ھەممىسى "سەلەمە" دېگەن ئەرەبچە پېئىل سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى "سالامەت، ساغلام، ساق" دېگەن بولىدۇ؛ "خەمىت، ھېمىت، ئابلىمىت، ھېمىدە"لەر بولسا "ھەمد" دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى "ماختاشقا سازاۋەر" دېگەن بولىدۇ؛ "ئەخمەت، ئەھمەت، ئەمەت" دېگەن ئىسىملار "ئەھمەد"دىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى "ماختاشقا لايىق" دېگەنلىك بولىدۇ؛ "مامۇت، مەھمۇت، مەخمۇت"لار بولسا "مەھمۇد"دىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى "ماختالغان، مەدھىيىلەنگەن" دېگەن بولىدۇ، ۋەھاكازالار.

## 2. تىلىمىزدىكى سۆز مەنىلىرىنىڭ كېڭىيىشى، تارىيىشى ۋە مەنە كۆچۈش ھادىسىلىرىنى چۈشىنىشتە ئەھمىيەتلىك

مەلۇمكى، لېكسىكا تىل ئامىللىرى ئىچىدە ئەڭ ئۆزگىرىشچان ۋە نازۇك كېلىدۇ. زامانىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يۇرت-ماكانىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى قاتارلىقلار ئۇنىڭ سوستاۋىدا ھەمىشە تۇرلۇك دەرىجىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ. بەزى سۆزلەر دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزىگە بەزەن يېڭى مەنىلەرنى يۈكلەپ ماڭىدۇ،

بۇ، سۆزلەردىكى مەنە كېڭىيىش ھادىسىسى. يەنە بەزى سۆزلەر بولسا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى بەزى ئابستراكت مەنىلىرىنى يوقىتىپ، قىسمەن كونكرېت مەنىسىنىلا ساقلاپ قالىدۇ، بۇ، سۆزلەردىكى مەنە تارىيىش ھادىسىسى. يەنە بىر بۆلەك سۆزلەر بولسا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىنى پۈتۈنلەي ياكى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىپ، ئاشۇ ئەسلىدىكى مەنىسىگە پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتلىك بولغان، باشقا يېڭى مەنە ئاڭلىتىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، بۇ، سۆزلەردىكى مەنە كۆچۈش ھادىسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى تىلىمىزدىكى مۇشۇ خىل ھادىسىلەرنى ئېنىق شەرھلەش ۋە توغرا چۈشەندۈرۈشتە موھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى "چوكان، خون، ئەپكەش" سۆزلىرىنى ئالايلى.

"چوكان" ئاتالغۇسى ئەدەبىي تىل لۇغىتىمىزدە 1) 妇 少

2) 嫩枝 (柳树的) مەسىلەن: سۆگەت چوكىنى (柳树的嫩枝) دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.⑥ مەزكۇر چوكان ئاتالغۇسى پارسچىدىكى "چەۋگان" سۆزىدىن كەلگەن. "چەۋگان" سۆزى پارسچىدا "چوگان" يېزىلىسىمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا ئومۇمەن "چوكان" يېزىلىپ، پارسچىدىكىگە ئوخشاشلا "چەۋگان" (چاغاتايچىدا "ك" ھەرپى "گ" ھەرپىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ) تەلەپپۇز قىلىنغان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەزكۇر ئاتالغۇ تىلىمىزدا ئاشۇ يېزىلغىنى بويىچە "چوكان" تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆز بولۇپ قالغان.

ئەسلىدە پارسچىدا، ئات توپى ئويۇنى (马球) دا ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يەردىكى توپنى ئۇرۇپ ئويناىدىغان ئۇچى ئىلمەك ئۇزۇن تاياق "چەۋگان" دەپ ئاتىلاتتى.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن بۇ ئاتالغۇ ئۆز زامانىسىدا، كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ مەھبۇبلەرنىڭ چېچىنى تەسۋىرلەشتە ئىشلىتىدىغان خاس ئاتالغۇسى بولۇپ خىزمەت قىلغان. مۇئەييەن پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئۇ دەسلەپكى چاغلاردا گۈزەللەرنىڭ چېچىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ مۇبالىغىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. مىسىنەن:

مۇدەۋۋەر گويى سىمىن يا زەنەخدان،
مۇئەنبەر زۇلف يا چەۋگانمۇدۇر بۇ؟

«ئاتايى غەزەللىرى»دىن.

يېشىمى: بۇ يۇپيۇملاق تۇرغان كۈمۈش توپمۇ يا ئېڭەك ئالمىچىسىمۇ (سېنىڭ ئېڭىكىڭمۇ)؟ بۇ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان سېنىڭ چېچىڭمۇ ياكى چەۋگانمۇ؟⑦

كەس باشىمنى گويىتەك خەيلىڭ ئەداقى ئىچرە سال،
قويما سەرگەردان مېنى، ئى زۇلفى چەۋگانىم مېنىڭ.

يېشىمى:

ئەي، ئۇزۇن چاچ يارىم، بېشىمنى كېسىپ ئېتىڭنىڭ ئايىقىغا تاشلاپ توپ قىلىپ ئويىنساڭمۇ ئويىنىغىنىڭكى، مېنى مۇنداق سەرگەردان قىلما⑧.

كۆرۈپ يېتىش تەس ئەمەسكى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆگەت دەرىخىنىڭ ئۇزۇن، يەر بېتىنى سۆيۈپ دېگۈدەك تۇرىدىغان ئەۋرىشىم تېلىنىڭ "چوكان ياكى چوكانتال" دەپ ئاتىلىشى مەزكۇر چوكان سۆزىنىڭ ئاشۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئۇزۇن" دېگەن مەنىسىدىن كەلگەن.

ئەمدى، نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن چاچلىق قىزلار "چوكان" دەپ ئاتالماي، يېڭىلا ئەرگە تەگكەن ياش ئايال "چوكان" دەپ ئاتىلىدىغان بولغان؟

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەللىك قارىشىدا، خوتۇن-قىزلارنىڭ چېچى قانچە ئۇزۇن ۋە قانچە توم بولسا، شۇنچە گۈزەل بولىدۇ. كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىمۇ بۇ خىل قاراش مۇبالىغىلىك ئىبارىلەر بىلەن ئالغا سۈرۈلگەن مەسىلەن:

سەبا زۇلفىڭنى تاغىتتى مەگەر هالى خەيالىمدە،
يازىلدى ئەجدىها بولدى، ئۇرالدى ئەهرەمەن بولدى.

يېشمى: تاڭ شامىلى چېچىڭنى توزغىتىپ ئويىنىغانىدى، شۇ ئان ئۇ مېنىڭ خىيالىمدا، يېيىلغاندا گويا بىر ئەجدىهاغا ئايلاندى، تۇگۈلگەندە بولسا، گويا ئەهرىمەن دىۋىگە ئايلاندى⑨.

دېمەك، بۇ يەردىكى "ئەجدىها" چاچنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن مۇبالىغە، رىۋايەتلەردىكى پاكار، دوغلاق، سېمىز دىۋە "ئەهرەمەن" بولسا چاچنىڭ يوغان، توملۇقىدىن مۇبالىغىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە، قىزلار چېچىنى قىرىق تال قىلىپ ئۇششاق ئۆرۈۋالىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن، قىرىق تال چېچىنى بۇزۇپ، پەقەت ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالىدۇ. بۇ ئادەت ھازىرقى يېزا قىزلىرىمىز ئارىسىدا، ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

(ئۇنىڭ) قىزى تويدىن كېيىنكى مۇشۇ بىرەر ئايدىن بېرى خېلىلا بوي تارتىپ يوغىناپ قالغان، بۇرۇنقى قارا مۇتۇق چىرايى تېخىمۇ ئېچىلىپ، ئېقى ئاققا، قىزىلى قىزىلغا ئايرىلىپ قالغان، تېخى بىر ئاي بۇرۇن قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈلىدىغان سۇمبۇل چاچلىرى ئەمدىلىكتە پىستەغولىدەك ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلۈپ، گۈدەك قىزلىق دەۋرىدىن بەختلىك چوكانلىق دەۋرىگە ئۆتكەنىدى (ئەخەت تۇردى: «سەبىلەر پاچىئەسى»دىن).

روشەنكى، قىزلارنىڭ قىرىق تاللىق چېچى ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ "چوكان" ئاتالماي، چېچى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن ياش ئاياللارنىڭ "چوكان" ئاتىلىشى، مەزكۇر "چوكان" سۆزىنىڭ يەنە بىر مەنىسى "ئۇزۇن ۋە توم چاچلىق" دېگەن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

چاچنىڭ ئۇزۇن، كۆپ، توم بولۇشى ئاياللارنىڭ كۆركى، مۇھىم بىر گۈزەللىك ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، "چوكان" سۆزى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىي

ئىستېمالدا يەنە "گۈزەل" دېگەن ئاتالغۇ ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. ئائىلۇق، يېشى خېلى ئۆلغىيىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي، ياسىنىپ چىرايلىق يۈرىدىغان ئاياللار "چوكانلىقى بار ئايال" دەپ تەرىپلىنىدۇ؛ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمدىلا 6 — 7 ياشقا كىرگەن نارەسىدە قىزلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ، چىرايلىق ياساندۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، "مەن مانا بۇ قىزىمنى ياساپ چوكان قىلىۋەتتىم" دەيدۇ. بۇ يەردىكى "چوكان" سۆزى "گۈزەل، چىرايلىق" دېگەن بولىدۇ. يەنە خەلق ناخشىلىرىدا مۇنداق كەلگەن:

كېچىلەردە ئاي چىقتى،
تاڭ سەھەردە چولپان قىز.
سېنى دەپ يۈرەك كۆيدى،
ئاچ باغرىڭنى چوكان قىز.

ناھايىتى روشەنكى، بۇ يەردىكى "چوكان" سۆزى دەل "گۈزەل" ئاتالغۇسى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

يەنە، يېزا ياشلىرىمىزنىڭ تىلىدا، "خوتۇن ئالماق"، "چوكان ئالماق" دېگەن سۆزلەر ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار: "چوكان ئالىدىغان بولدۇم"، "دادام ماڭا چوكان ئەپبېرەي دېدى" دېيىشىدۇ. ئېنىقكى، بۇ يەردىكى "چوكان" ھەرگىزمۇ "بىر قېتىم توي قىلىپ بولغان قىز" دېگەن مەنىنى ئەمەس، بەلكى "چىرايلىق قىز" دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، پارسچىدىكى ئاساسلىقى "ئات توپى ئوينايدىغان ئۇچى ئىلمەك ئۇزۇن تاياق" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان "چەۋگان" ئاتالغۇسى ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، قىسمەن ھالدىكى "چۆگەن" [qø:gən] تەلەپپۇزىدىن باشقا ئومۇمەن "چوكان" [qo:kan] تەلەپپۇزىدا ئۆزلىشىپ، ئۇزۇن يىللىق ئىستېمال جەريانىدا "ئات توپى تايىقى" (ياكى چۆگەن تايىقى)، "ئۇزۇن ئەۋرىشىم سۆگەت تېلى"، "ئۇزۇن چاچ"، "ئۇزۇن ۋە توم چاچلىق (ياش ئايال)" "چىرايلىق قىز"، "گۈزەل" دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدىغان كۆپ مەنىلىك سۆزگە ئايلانغان.

تىلىمىزدىكى "خون" ئاتالغۇسى:

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى "خانچە" (مەنىسى: تەخسە) سۆزىنىڭ ھازىرقى تىلىمىزغا "خونچا"* بولۇپ ئۆزلەشكىنىگە قاراپ، ھازىرقى تىلىمىزدىكى "خون" ئاتالغۇسىنىڭ ئەسلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى "خان" سۆزى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز. كېلىش مەنبەسى پارسچە بولغان "خان" ئاتالغۇسى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى لۇغەتلىرىمىزدە مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ:

---

* بۇ سۆز بەزى دىئالېكتلاردا "خۇنچا، قونچا" تەلەپپۇز قىلىنىپ، مەخسۇس كىچىك تەخسىنى كۆرسىتىدۇ. — تەھرىردىن.

1) داستىخان. مەسىلەن، تەڭرى تائالا مېنىڭ بۇگۈنكى رىزقىمنى سېنىڭ خانىڭگە هاۋالە قىلىپتۇر (ئەلىشىر ناۋايى: «تارىخى ئەنبىيا ۋە هۆكەما»غا قارالسۇن). 2) رىزىق، يېمەك، تائام. مەسىلەن، خان ئاچماق (مەنىسى: داستىخان سېلىپ مېهمان قىلماق، زىياپەت بەرمەك)؛ 3) تاماق شىرەسى[10].

"خان" ئاتالغۇسىدىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ ئۆزلەشكەن "خون" سۆزى هازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدا "بىر خون نان" ياكى "بىر خون مەززە (mə:zə)" شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ[11]. ئەمدى، "بىر خون نان" دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ بەزى شېۋە رايونلىرىدا "بىر داستىخانلىق نان" دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، يەنە بەزى جايلاردا، سانى يەتتىدىن ئونغىچە بولغان "بىر دەستە نان" دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، مەزكۇر "خون" سۆزى ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى "تاماق شىرەسى" قاتارلىق بىرقاتار مەنىلىرىنى يوقىتىپ كۈندىلىك تىرىكچىلىكنىڭ بىرىنچى كاپالىتى بولغان "نان" قاتارلىقلارنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدىغان بىر مىقدار سۆز بولۇپ تۇراقلاشقان. بۇ تىل تەرەققىياتىدىكى مەنە تارىيىش هادىسىسىگە مىسال بولالايدۇ.

تىلىمىزدىكى "ئەپكەش" ئاتالغۇسى:

"ئەپكەش" ئاتالغۇسى پارسچىدىكى "ئابكەش" سۆزىدىن كەلگەن. ئۇ سۇ مەنىسىدىكى "ئاب" بىلەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە "كەش"نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بىرىكمە سۆز

بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، ئۇ پارسچىدىكى ئاسلىق مەنىسى بويىچە "سۇچى، سۇ توشۇغۇچى ئادەم" دېگەن ئۇقۇمدا ئىشلىتىلگەن («ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، 3-بەتكە قارالسۇن). بىراق، مەزكۇر ئاتالغۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى "ئابكەش" تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تۈپ مەنىسىنىمۇ يوقىتىپ، "سۇ توشۇيدىغان ئادەم"نى ئەمەس، بەلكى ئىككى ئۇچىدا چېلەك ياكى سوغىنى ئىلىدىغان ئىلمەكلىك بار سۇ توشۇيدىغان قورالنى بىلدۈرىدىغان خاس ئاتالغۇغا ئايلىنىپ كەتكەن. دېمەك، بۇ سۆزلەردىكى مەنە كۆچۈش ھادىسىگە مسال بولالايدۇ.

### 3. بەزەن جۇغراپىيىلىكناملارنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئەھمىيەتلىك

بىزدە چاغاتايچە ئاتالغۇلار بىلەن قويۇلغان جۇغراپىيىلىك ناملار ئاز ئەمەس. چاغاتايچە سۆزلۈكلەر ئۇستىدىكى تەتقىقات بىزنىڭ بۇ خىلدىكى ناملارنىڭ ئىپادە قىلىدىغان مەنىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ. ئالايلۇق، تەكلىماكان، تارىم (دەريا)، يېڭىسار، ئەسكىسا، تىلى ھىسار، پايناپ، لەڭگەر،... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

تەكلىماكان: كىلاسسىكلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن يازما پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر "تەكلىماكان" ئاتالغۇسىنىڭ ئەسلى چاغاتايچە "تەرك" (تاشلاش) بىلەن "مەكان" (ماكان، جاي) سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە بىرىكمە سۆز "تەرك مەكان" («تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»، قول يازما، 34 ـ بەت، تۆۋەندىن 5 ـ قۇرغا قارالسۇن) بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى "تاشلاندى ماكان"، "تاشلىۋېتىلگەن جاي" دېگەن بولىدۇ. ئارخېئولوگلىرىمىز مۇشۇ قاراشنى تەھقىقلەپ مەخسۇس ماقالىلەرمۇ يازدى[12].

ئەسكىسا: ئەسكىسا (كونا شەھەر) بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى يېنىدىكى بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسى ئورۇنلاشقان جاينىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلى قەدىمكى ئۇيغۇرچە "ئەسكى" سۆزى بىلەن چاغاتايچە "ھىسار"نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان "ئەسكى ھىسار" بولۇپ، ئىستېمال جەريانىدا تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى ياساپ بۈگۈنكى "ئەسكىسا"غا ئايلىنىپ قالغان.

تىلى ھىسار: قەدىمكى شەھەر قەشقەرنىڭ نامى تارىختا "كاشغەر"، "سۇلى" (يەنى سۇلۇق، سۇيى مول جاي. خەنزۇچىغا 疏勒 قىلىپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان) دەپ ئاتالغاندىن باشقا، يەنە "تىلى ھىسار" دەپمۇ ئاتالغانلىقى مەلۇم. ئالايلۇق، ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ھەزرەتى قۇببىدىن شاھ ئوغلى ھۇسەيىنخان تەجەللى (1850 ـ 1930 ـ يىللار) ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى دوستى نەزەربەگ سىلىم ئاخۇن قازى ئوغلىغا

بېغىشلاپ يازغان مەشھۇر «قارا ھەققىدە قەسىدە»سىدە مۇنداق دېگەن:

ھەر زەمان مەۋلا نەزەر ئەيلەپ ئىنايەتتىن سەڭا،
قارا قۇل بولسۇن سېنىڭ ئالدىڭدا بۇ تىلى ھىسار.

يەشمىسى:

تەڭرى ھەر زامان ساڭا نەزەر سېلىپ ئىلتىپات كۆرسەتسۇن،
بۇ قەشقەر قورغىنى ئەھلى ئالدىڭدا "قارا خىزمەتكار" بولسۇن.

(«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 638 — 639 - بەتلەرگە قارالسۇن).

تارىخشۇناسلار "دەريا- ئېقىن" قەدىمكى تۈركىي تىلدا "تىل" دېيىلىدىغانلىقىنى، شۇ قەبىلىلەرنىڭ ئۆز دەۋرىدە دەريا بويىدا ياشايدىغانلىقلىرىنى، شۇڭا ئۇلار "دەريالىقلار ياكى دەريا بويىدا ياشىغۇچىلار" (يەنى "تىلى" بۇ سۆز خەنزۇچىغا 铁勒 قىلىپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان) دەپ ئاتالغانلىقىنى، ھازىر بۇ سۆزنىڭ چۇۋاش تىلىدا ساقلىنىپ قالغانلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ[13] مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە بولغاندا، "تىلى ھىسار" دېگەن بۇ نامنىڭ مەنىسى: 1. تىللار شەھرى؛ 2. دەريالىق شەھەر، دېگەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ قەشقەر شەھرىنىڭ بىر تەرىپىدە قىزىل دەرياسى، يەنە بىر تەرىپىدە تۈمەن دەرياسى ئوينىقلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ.

**پايناپ:** پايناپ قەشقەر شەھىرىنىڭ يېنىدىكى ئەسكى ھسار) نىڭ شەرقىي جەنۇبى تەرىپىگە جايلاشقان بىر يەرنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلى چاغاتايچە "تۆۋەن ئاياغ، ئاست" مەنىسىدىكى "پايىن" بىلەن "سۇ" مەنىسىدىكى "ئاب"نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىزافەتلىك بىرىكمە "پايىنى ئاب" بولۇپ ئۇزاق زامانلار ئىستېمال قىلىنىش جەريانىدا، تەلەپپۇزدا بۈگۈنكى "پايناپ" شەكلىدە تۇراقلىشىپ قالغان. مەزكۇر "پايناپ"نىڭ مەنىسى "سۇنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى"، "ئاياغسۇ" دېگەن بولىدۇ.

**لەڭگەر:** شىنجاڭدا بۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان جايلار خېلى بار. مەزكۇر "لەڭگەر"نىڭ ئەسلى فونېتىك شەكلى چاغاتايچە "لەنگەر" بولۇپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئورۇن جاي نامى بولغاندىكى مەنىسى "يولۇچىلار قونۇپ ئۆتىدىغان قونالغۇ، ئۆتەڭ" دېگەندىن ئىبارەت، ۋە باشقىلار.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بويىچە ساۋات چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى ئىگىلەش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا بولغان چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ئىستېمالىمىزدىكى چاغاتايچە سۆز-ئىبارىلەرنى توغرا ئىشلىتىش ۋە جانلىق قوللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي تەتقىقاتىدا، خۇسۇسەن لېكسىكا تەتقىقاتىدا ئەمەلىي قىممەت ۋە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1990-يىل 5-ئاي.

ئىزاھلار:

① «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1982 - يىلى نەشرى، 740 - بەت.

② يۇقىرىقى لۇغەت، 565 - بەت.

③ ئەلىشىر ناۋايى: «خەزائىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىلىرى) 24 - بەت.

④ ئەلىشىر ناۋايى: «مەھبۇبۇل قۇلۇب» (قەلبلەر سۆيگۈسى) 158 - بەت.

⑤ «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»، 352 - بەت.

⑥ يۇقىرىقى ئەسەر 378 - بەت.

⑦ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل نەشرى، 182 — 183 - بەتلەر.

⑧ خەمىت تۆمۈر، ئابدۇروپ پولات: «چاغاتاي تىلى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ 1986 - يىل نەشرى، 249 - 250 - بەتلەر.

⑨ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 194 - 195 - بەتلەر.

⑩ «ئەلىشىر ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 3 - توم 411 — 412 - بەتلەر، 1984 - يىلى تاشكەنت نەشرى؛ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1986 - يىلى نەشرى، 192 - بەت.

⑪ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، 274 - بەت. «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»، 129 - بەت.

⑫ قۇربان ۋەلى (كروران): «"تەكلىمان" ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبە-

سى توغرىسىدا»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلى، 1987 - يىل 2 - سان.

⑬ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدە يېڭى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1988 - يىللىق 4 - سان، 79 - بەت.

# تىلىمىزدىكى "تەجنىس" "مۇھتەمىلات" ۋە "تۇيۇق" ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا

— ئۇيغۇر ئەدەبىي ژانىرى "تۇيۇق" ھەققىدىكى مۇھاكىمە —

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزمە ژانىرلىرىدىن بولغان "تۇيۇق" ھەققىدىكى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشلەردە روشەن ئېنىقسىز-لىقلار مەۋجۇت. مۇھاكىمە ئارقىلىق بۇ خىل ئېنىقسىزلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەزكۇر ژانىرنىڭ ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا پورەكلەپ ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەدىب ۋە تىلچى ئۇستاز ئىمىن تۇرسۇن "تۇيۇق" ھەققىدە تەبىر بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: "تۇيۇق — تۇيماق، تۇيۇۋالماق دېگەن پېئىلدىن ياسالغان ئىسىم، يەنى مەنىسىنى ئۇقۇغۇچى ئۆزى پەرق ئەتمەك دېگەن سۆز. بۇنى ئەرەبچىدە 'مۇختە-مىلات' (ئارىلاشتۇرۇلغان، يۆكلەنگەن) ياكى 'تەجنىس' (جىنىداش) دەيدۇ، خەلقئارادا 'مونورىم' (فرانسۇزچە monorime — بىر ئاھاڭدىكى) دەيدۇ، بۇ — خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى تۆتلىكلەر (تۆت مىسرالىق قوشاقلار) ئاساسىدا

تۇغۇلغان شەكىل. تۇيۇقمۇ رۇبائىيدەك تۆت مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، قاپىيىلىرى ئاھاڭداش (ئومونىم) سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ، يەنى قاپىيىلەنگۈچى سۆزلەر شەكىل ۋە تەلەپپۇزدا ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن، ئات (ئاتماق)، ئات (ھايۋان)، ئات (ئىسىم)؛ يات (ياتماق)، يات (يات ئادەم)؛ ئەت (ئەتمەك، قىلماق) ئەت (ئەتمەك، ئىشىك ئەتمەك)، ئەت (گۆش ـ ئەت)" («تارىمدىن ـ تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1990 ـ يىل نەشرى، 326 ـ بەتكە قارالسۇن).

بۇ يەردە ئاھاڭداش سۆز (ئومونىم)گە بېرىلگەن تەبىر شۇنداق ئېنىق، كەلتۈرۈلگەن مىسال شۇنچە قايىل قىلارلىق بولسىمۇ، بىراق مەزكۇر تەبىر ۋە چۈشەنچىلەردىن كېيىن مىسال ئۈچۈن بېرىلگەن تۇيۇقتىكى قاپىيە قىلىنغان سۆزلەر كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. ئالايلۇق:

كەچتى ئۆمرۇ تۇشمەدى ئول يار ئىلە،
قورقارمەن كۆڭلۈم بۇ غەمدىن يارىلە.
بۇ ۋەفاسىزلىككى، سەندىن كۆرمىشەم،
ئېتىقادىم قالمادى ھېچ يار ئىلە.

(«تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1990 ـ يىل نەشرى، 327 ـ بەتكە قارالسۇن).

مەزكۇر مىسالدا مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، "يار ئىلە" دېگەن سۆز بىلەن "يارىلە" (يېرىلار) سۆزى شەكىل جەھەتتىنمۇ ئوخشىمايدۇ، تەلەپپۇز جەھەتتىنمۇ بىر خىل

ئەمەس، مەزكۇر ئىككى سۆز ھەرگىزمۇ ئاھاڭداش سۆز كاتېگورىيىسىگە كىرمەيدۇ، پەقەت نىسپىي ئاھاڭداشلاشتۇرۇلغان سۆز قاتارىغا كىرىدۇ، خالاس.

شائىر ھاجى ئەھمەت يازغان «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابنىڭ 178—179 ـ بەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "مۇھتەملات (تۇيۇق) خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى تۆت مىسرالىق قوشاقلار زېمىنىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ھەر خىل تېمىلاردا يېزىلىدۇ. تۈزۈلۈش جەھەتتە ئاساسەن تۆت مىسرالىق ۋە قىسمەن ئىككى مىسرالىقتىن (بۇنى تەجنىس دەپ ئاتايدۇ) ئىبارەت. بۇ خىل تۆتلۈكنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قاپىيە ئۇچۇن شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش ئەمما مەنە جەھەتتىن باشقا ـ باشقا ئۇقۇم بېرىدىغان ئومونىم سۆزلەردىن پايدىلىنىدۇ."

بۇيەردە "تۇيۇق"نىڭ يەنە بىر ئاتىلىشىنى "مۇختەملات" ئەمەس بەلكى "مۇھتەملات" دېگەن. بۇ ـ مەزكۇر ژانىر ھەققىدىكى تۇپلۇك چۇشەنچىلەرگە بېرىپ تاقىلىدىغان مۇھىم پەرق ھېسابلىنىدۇ.

«ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»دە، تۇيۇق ھەققىدە "1 ـ، 2 ـ ۋە 4 ـ مىسرالىرى ئومونىم سۆزلەردىن تۈزۈلگەن شېئىر شەكلى" دەپ ئىزاھ بېرىلىپ، مەزكۇر ژانىرنىڭ تۆت مىسرالىق بولىدىغانلىقى، تۆت مىسرانىڭ ئىچىدە ئۈچ مىسرانىڭ ئومونىم سۆزلەردىن تەركىب تېپىشى لازىملىقى جەزملەشتۈرۈلگەن. («ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»نىڭ «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرىنىڭ

ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى» قىسمى، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1988 - يىل نەشرى، 28 - بەتكە قارالسۇن.)

يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ بىرلا ئورتاقلىقى بار، ئۇ بولسىمۇ "تۇيۇقنىڭ قاپىيىسى جەزمەن ئاھاڭداش سۆزلەر (ئومونىم) دىن تەركىب تاپىدۇ" دېگەندىن ئىبارەت. بىراق، مۇشۇ ئورتاق تەبىر بىلەن ئەمەلىيەتتىكى تۇيۇقلاردا ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان بەزى تىلشۇناسلار ھەقلىق يوسۇندا بەزەن رەت قىلىش خاراكتېرلىك ئۆتكۈر مۇلاھىزىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدى. مەسىلەن:

ئۇلار: يۈرەك قەلبىمگە بەخش ئەتتىم باھادىرلىق قېنى ئوغلۇم،
تېگىپ يەلكەڭگە شانلىق يۈك سەپەرگە يۈر قېنى ئوغلۇم.
بىنا ئەيلە، ھالال ئەجرىڭ بىلەن چۆللەردە باغ-گۈلشەن،
بىرەلمەس زەررىچە لەززەت، بىراۋنىڭ بال-قېنى ئوغلۇم.

دېگەن نەزمىنىڭ ژانىر تەۋەلىكىنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ مىسالدىكى 'قېنى' شەكلىدىكى سۆزلەر ئۈچ ئورۇندا كېلىپ، تامامەن باشقا-باشقا مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن. قارىماققا بۇ ئۈچ سۆز شەكىل ۋە تەلەپپۇز جەھەتتىن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، ئومونىملاردەك قىلسىمۇ، لېكىن سەل-لا دىققەت بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئومونىملار كاتېگورىيىسىگە كىرەلمەيدىغان سۆزلەر ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى، بىز

ئومۇنىملارنى كۆزەتكەندە، ئۇلارنىڭ توپ شەكلىگە، يەنى گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بىلەن تۈرلەنمىگەن شەكلىگە قارايمىز. گەرچە بۇ شېئىردا 'قېنى' شەكلىدىكى سۆزلەر ئۈچ ئورۇندا كۆرۈلگەن ۋە ئۈچ خىل مەنە ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، 1-مىسرادىكى 'قېنى' سۆزى 'قان-تەر'دىكى 'قان' سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭغا III شەخس قوشۇمچىسى 'ئى' قوشۇلۇش نەتىجىسىدە، تەركىبىدىكى 'ئا' تاۋۇشى 'ئې' تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىپ 'قېنى' شەكلىگە كەلگەن. 2-مىسرادىكى 'قېنى' سۆزى بولسا، بىرەر ئىشقا بىراۋنى ئۈندەش مەنىسىدە كەلگەن سوراق ئالماش بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق قوشۇمچە بىلەن تۈرلەنمىگەن. 4-مىسرادىكى 'قېنى' سۆزى 'قەن-گېزەك' تىكى 'قەن' سۆزى بولۇپ، ئۇ III شەخس قوشۇمچىسى 'ئى'نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تەركىبىدىكى 'ئە' تاۋۇشىنىڭ 'ئې' تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە 'قېنى' شەكلىگە كەلگەن. شۇڭا ئۇلار ئومۇنىملار قاتارىغا كىرەلمەيدۇ. چۈنكى، 'قان'، 'قېنى'، 'قەن' دېگەن سۆزلەر ھەم يېزىلىش ھەم ئېيتىلىش جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. دېمەك، بۇ شېئىرنىڭ قاپىيىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۆزلەر ئۆزئارا ئومۇنىملار بولمىغاچقا، بۇ شېئىرنىمۇ 'تۇيۇق' دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ." (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق كومىتېتى 1984-يىلى باستۇرغان «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى»، 666-بەتكە قارالسۇن).

مېنىڭچە، تىلشۇناسلىق ئىلمى بويىچە ئېيتقاندا، يۇقىرىدىكى

ئومونىم (ئاھاڭداش سۆز) ھەققىدە قىلىنغان تەھلىل ۋە بېرىلگەن تەبىر تامامەن توغرا. بىراق، مۇشۇ تەھلىل بويىچە، يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن شېئىرنى "تۇيۇق" ئەمەس دەپ ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ. "تۇيۇق" دېگەن زادى نېمە؟ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىش ۋە مۇلاھىزەمنى ئەدىبلەر ۋە تىلچى-لارنىڭ مۇھاكىمىسىگە مۇنداق قويىمەن:

بىرىنچى، "تۇيۇق" كلاسسىك شائىرلىرىمىز ئىجاد قىلغان، مۇكەممەل تۈزۈلمە، ئېنىق شەكىلگە ئىگە بىر ئەدەبىي ژانىر شۇنداق ئىكەن، بىز تۇيۇق ھەققىدىكى تەبىر ۋە چۈشەنچىلەرنى ئاشۇ كلاسسىك "تۇيۇق" چىلارنىڭ ئۆرنەك ئەسەرلىرىدىن ئېلى-شىمىز لازىم. مانا شۇ چاغدىلا بىزنىڭ تەبىر ۋە چۈشەنچىلىرىمىز قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

بۈيۈك شائىر ۋە تىل ئۇستىسى ئەلىشىر ناۋايى ئۆزىنىڭ «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» (ئىككى تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە) ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە "تۇيۇق" ھەققىدە مۇنداق بايان بېرىدۇ:

"'تەجنىس'تىن پايدىلىنىش شائىر-ئەدىبلەر ئىچىدە ناھايىتى ئومۇمىي بىر ئەھۋال. شېئىرگە ئالاھىدە رەڭ بېرىدىغان بۇ خىل سۆز سەنئىتى ئۈچۈن پارس تىلىغا قارىغاندا تۈركى تىلدا ئىمكانىيەت تېخىمۇ كۆپ. مەسىلەن، 'ئات' سۆزىنى بىرىنچىدىن 'نام' مەنىسىدە ئىككىنچىدىن 'مىنىدىغان ئات' مەنىسىدە، ئۈچىنچىدىن تاشنى ياكى ئوقنى ئېتىشقا بۇيرۇغاندىكى 'ئات' مەنىسىدە قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ

سۆز شېئىردا مۇنداق قوللىنىلغان:

چۈن پەرىيۇ ھۆردۇر ئاتىڭ بېگىم،
سۇرئەت ئىچرە دىۋ ئېرۇر ئاتىڭ بېگىم.
ھەر خەدەنگىكىم ئولۇس ئاندىن قاچار،
ناتەۋان جانىم سارى ئاتىڭ بېگىم.

يېشىمى: جېنىم، سېنىڭ ئېتىڭ ھۆر-پەرىدۇر، سېنىڭ ئېتىڭ سۇرئەتتە دىۋىگە ئوخشايدۇ، سەن كىشىلەر ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئوقلىرىڭنى مېنىڭ زەئىپ جېنىمغا قارىتىپ ئېتىۋەرگىن) بۇ ئىككى بېيىت تولۇق تەجنىس بولۇپ، بۇنى پەقەت تۈركىي شائىرلارلا يازالايدۇكى، سارتلار (يەنى پارسلار) يازالمايدۇ. بۇ خىل شېئىر شەكلى 'تۇيۇق' دەپ ئاتىلىدۇ" (ئەلىشىر ناۋايى: «مۇھاكەمەتول لۇغەتەين» مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1988-يىل نەشرى، 17-بەتكە قارالسۇن).

ناۋايى مۇشۇ ئەسىردە يەنە:

ئەي رەقىب ئۆزنى ئاڭا تۇتساڭ ھەم ئىت،
بىزگە رەھىم ئەيلەپ ئانىڭ كويىدىن ئىت.
گەرچە بار دەۋزەخچە ئىشقىڭ شو ئېلەسى،
بىزنى ئۆز ئىلكىڭ بىلە ئول سارى ئىت.

يېشىمى: ھەي ئىشىك باقار، سەن ئۆزەڭنى ئۇنىڭ ئىتى ھېسابلىساڭمۇ، ماڭا رەھىم قىلىپ ئۇنىڭ كوچىسىدىن ئىت (يىت، يوقال)، ئىشق ئوتى دوزاخ ئوتىدەك بولسىمۇ، مېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن شۇ تەرەپكە ئىت (ئىتتەر).

دېگەن شېئىرنىمۇ "تۇيۇق"قا ئۆرنەك قىلىپ كۆرسەتكەن.
(ئەلشىر ناۋايى: «مۇھاكەمەتول لۇغەتەين»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ
1988 ـ يىل نەشرى، 17 ـ 18 ـ بەتلەرگە قارالسۇن).

ئۇندىن باشقا، يەنە بەزى نوپۇزلۇق ئەسەر ۋە قوللانمىلاردا ناۋايىنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى شېئىرىنىمۇ "تۇيۇق" دەپ ئىزاھلىمىدۇ. ئۇنىڭ بىرى:

لەئلىدىن جانىمغا ئوتلار ياقىلۇر،
قاشى قەددىمنى جەفادىن ياقىلۇر،
مەن ۋەفاسى ۋەئدەسىدىن شادمەن،
ئول ۋەفا بىلمانكى قىلماس ياقىلۇر.

يېشىمى: ياقۇتتەك لېۋىدىن جېنىمغا ئوتلار يېقىلىدۇ، قېشى قەددىمنى جاپادىن يادەك ئېگىۋېتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ۋاپا قىلىمەن دەپ بەرگەن ۋەدىسىدىن خۇشالمەن، بىلمىدىم ئۇ يا (ۋاپا) قىلىدۇ، يا قىلمايدۇ. («چاغاتاي تىلى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ
1986 ـ يىل نەشرى، 247 ـ بەتكە قارالسۇن).

يەنە بىرى:

ئول پەرى ئىشقىدا بۇ دىۋانەنى،
ئەيكى ئىستەرسەن كېلىپ گۆلخەندە كۆر.
بىر قەدەھ ئول گۆلنى خەندان ئەيلەدى،
ئەي كۆڭۈل نەززارە ئەت گۆلخەندە كۆر.

(«ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1988 ـ
يىل نەشرى، 179 ـ بەتكە قارالسۇن).

ئەمدى، ئەلشىر ناۋايىنىڭ «تۇيۇق»قا بەرگەن تەبرى ۋە ئەسەر، ئۆرنەكلىرىدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا تامامەن ھەقلىقمىز:

1. تۇيۇقنىڭ قاپىيىلىرى ئاھاڭداش سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، "ئىت" سۆزى قاپىيە قىلىنغان تۇيۇققا ئوخشاش.

2. تۇيۇقنىڭ قاپىيىلىرى مۇئەييەن گىرامماتىك شەكىل ئارقىلىق ئاھاڭداشلاشتۇرۇلغان سۆزلەردىن تۈزۈلسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، "ئات" قاپىيە قىلىنغان تۇيۇققا ئوخشاش.

3. تۇيۇقنىڭ قاپىيىلىرى مۇئەييەن بىر تۈپ سۆز ياكى ئۇنىڭ مەلۇم بىر خىل گىرامماتىك شەكلىگە، باشقا سۆز بىرىكمىلىرىنى ئاھاڭداش ياكى شەكىلداش قىلىش يولى بىلەنمۇ تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، "يېقىل-"نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكلى "ياقىل-" (دىققەت، "ئا" تاۋۇشى قىسقا سوزۇق تاۋۇش)غا "ئېگىپ يائەت-" مەنىسىدىكى "ياقىل" (دىققەت، "ئا" تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش)، شۇنداقلا "يا قىلىدۇ، يا قىلمايدۇ"دىكى "ياقىل-" سۆزلىرىنىڭ قاپىيە قىلىنغىنىغا ئوخشاش.

4. تۇيۇقتا تۆت مىسرانىڭ ئۈچ مىسراسى ئۆزئارا قاپىيىداش بولسىمۇ، ئىككى مىسراسى قاپىيىداش بولسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، "گۈلخەندە كۆر" قاپىيە قىلىنغان تۇيۇققا ئوخشاش.

ئىككىنچى، تۇيۇق ھازىرقى زامان شائىرلىرى ۋە تىل ئۇستىلىرى سۆيىدىغان ۋە ئىزچىل ھالدا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت

مەزمۇنى قىلىپ كېلىۋاتقان ژانىر، شۇنداق ئىكەن، بىز تۇيۇق ژانىرىنى چۈشەنگەن ۋە چۈشەندۈرگەن ۋاقتىمىزدا، ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ "تۇيۇق" ئىجادىيىتىگىمۇ مۇراجىئەت قىلىشىمىز لازىم.

مەلۇمكى، مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ بۈيۈك شائىر ئەلىشىر ناۋايىدىن قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن، ناۋايىنىڭ ئىجادىيەت ئىستىلىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان، ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەمگەك-لىرىدە يۈكسەك ماھارەت بىلەن ناۋايىغا تەقلىد قىلالىغان تالانتلىق شائىر ئىدى. بىز تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ "تۇيۇق"لىرىنى مۇتالىئە قىلىدىغان بولساق، "تۇيۇق" ژانىرىنىڭ بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ قەلىمى بىلەن تېخىمۇ ئىجادىي رەۋىشتە جەۋلان قىلغانلىقىنى بايقايمىز. ئالايلۇق:

چۆلدە قالسامۇ نە ھاجەت ئات ماڭا،
سىڭدى "مەجنۇن" دەپ چىرايلىق ئات ماڭا.
قېنى سەن لەيلى، مېنى ئۆلمە دېسەڭ،
ئوق قىلىپ كىرپىكلىرىڭنى ئات ماڭا.

* *

— كۆلگىنىڭ "ماقۇل"مىدى يا "ياق"مىدى،
ئۇ يىگىتنىڭ ساڭا نەرى ياقمىدى؟
— ئەيىبى شۇ: ماڭا تەگلەشتىن بۇرۇن،
باغرىنى ئەل باغرىغا چىڭ ياقمىدى.

* *

مېڭىنىڭ تەخت ئوردىسىدۇر باش قىنى،
مېڭە يالقاۋ بولسا دەيمىز "باش قېنى؟"
كىمگە ھاكىم بولمىسا ئۆز مېڭىسى،
بولماس ئاقىل دورىغانغا باشقىنى.

*

چاغلىماي سۆز قىلسا ئالدى-ئارقىنى،
دەيدىكەن خەق: "سەندە نامۇس-ئار قېنى؟".
گەر خاتاغا كەلمىسە دەرھال جازا،
يوق دىمەڭ، ھەقنىڭ ئۈزۈنكەن ئارقىنى.

(تېيىپجان ئېلىيېۋ: «باھار ئىلھامى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1984-يىل نەشرى، 198—200-بەتلەرگە قارالسۇن).

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆز تۇيۇقلىرىدا، "باشقىنى" سۆزىگە "باش قېنى" سۆز بىرىكمىسىنى، "ئارقىنى "سۆزىگە" ئار (نومۇس) قېنى؟" (بىرىدە "ئى" بولسمۇ، يەنە بىرىدە "ئې" تاۋۇشى بولۇپ قېلىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ) سۆز بىرىكمىسىنى قاپىيە قىلىپ كلاسسىك تۇيۇقلاردىكى ئومۇمەن مۇتلەق ئاھاڭداشلاشتۇرۇشنى نىسپىي ئاھاڭداشلاشتۇرۇشقا راۋاجلاندۇرغان.

ئۈچىنچى، مېنىڭچە، "تۇيۇق" دېگەن نام ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "تۇيماق، تۇيۇۋالماق" پېئىلىدىن كەلگەن ئەمەس. "تۇيۇق"نىڭ ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرىدىكى ئىككىنچى بىر نامىنىڭ "مۇختەمىلات" بولۇشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

"تۇيۇق"نىڭ "تەجنىس سەنئىتى" قىسقارتىلىپ "تەجنىس" دېيىلىدىغانلىقىدا ئىختىلاپ يوق. "تەجنىس" دېگەن سۆز خەنزۇچىدا 双关语 دېيىلىدۇ. 双关语 ئاتالغۇسى بىزنىڭ تىلىمىزدا "ئىككى بىسلىق سۆز"، "قوش مەنىلىك سۆز" دېيىلىدۇ. («خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت»، II توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1989-يىل نەشرى، 1689-بەتكە قارالسۇن). "تەجنىس" سۆزىنىڭمۇ كېلىش مەنبەسى ئەرەبچە. ھالبۇكى، بىرتىلدا مۇئەييەن بىر خىل مەزمۇنغا ئىگە نەرسىنىڭ بىردە "ئىككى بىسلىق سۆز، قوش مەنىلىك سۆز، ئەستەرلىك گەپ" دېگەن مەنىدە "تەجنىس" دەپ، يەنە بىردە بولسا "ئارىلاشتۇرۇلغان، يۇكلەنگەن" دېگەن مەنىدە "موختەملات" دەپ ئاتىلىشى مەنتىققە سىغمايدۇ. شۇڭا مەن تۇيۇقنىڭ يەنە بىر نامىنىڭ "مۇھتەملات" دەپ ئاتىلىشىنى توغرا دەپ قارايمەن. چۈنكى، "مۇھتەملات"نىڭ مەنىسى "ئېھتىماللىقلار، ئىككى ئېھتىماللىق" بولۇپ، سۆز-ئىبارىلەرگە ئىشلىتىلگەندە، "يەككە تۇرغاندا مەنىسىگە دەرھاللا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدىغان، ئۇنداقمۇ، مۇنداقمۇ مەنىسى بار سۆز" دېگەن بولىدۇ ۋە بۇ ئۇقۇم بىلەن "تەجنىس"نىڭ مەنىسىدىكى "ئىككى بىسلىق" دېگەن ئۇقۇم بىر-بىرىگە جىپسا كېلىدۇ.

ئەمدى "تەجنىس"، "مۇھتەملات" دېگەنلەر "تۇيۇق" دېگەن ساپ ئۇيغۇرچە سۆزنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئەرەبچە ئاتىلىشى ئىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، "تەجنىس" ۋە

"مۇھتەمىلات" سۆزلىرى "تۇيۇق" ئاتالغۇسىنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى، "تەجنىس" دېگەن سۆزنىڭ "ئىككى بىسلىق سۆز"، "مۇھتەمىلات"نىڭ "ئىككى ئېھتىماللىق" دېگەن بولۇپ، "تۇيۇق" ئاتالغۇسىنىڭ بولسا، "تۇيماق، تۇيۇۋالماق" مەنىسىدىكى سۆز بولۇشى لوگىكىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مېنىڭچە، "تۇيۇق" دېگەن نام ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "تۇيماق، تۇيۇۋالماق" دېگەن پېئىلىدىن ئەمەس، بەلكى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "تۇتۇق، يېپىق" مەنىسىدىكى "تۇيۇق" سۆزىدىن كەلگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا "تۇيۇق" سۆزىگە مۇنداق ئىزاھ بەرگەن:

تۇيۇق: تۇتۇق، تۇيۇق ئادەم، تۇتۇق ئادەم، غەمكىن ئادەم. تۇيۇق كۈن: تۇمانلىق ۋە بۇلۇتلۇق كۈن. تۇيۇق قاپۇغ: يېپىق قوۋۇق («تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل نەشرى، 228 - بەتكە قارالسۇن).

ئەمەلىيەتتىمۇ "تۇيۇق" ئاتالغۇسى "تۇتۇق، يېپىق" مەنىسىدىكى "تۇيۇق" بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ "ئىككى بىسلىق"، "ئىككى ئېھتىماللىق" مەنىلىرىدىكى "تەجنىس" ۋە "موھتەمىلات" سۆزلىرىگە ئۇقۇمداش بولالايدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، "تۇيۇق" دېگىنىمىز قاپىيىلىرى ئاھاڭداش سۆز ياكى گىرامماتىك شەكىل ئارقىلىق ئاھاڭداشلاشتۇرۇلغان سۆزلەردىن تەركىب تاپقان تۆتلۈك شېئىرغا ئېيتىلىدۇ.

"تۇيۇق" دېگەن بۇ ژانىرنىڭ نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا "تۇتۇق، يېپىق" مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان "تۇيۇق" سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ سۆز ۋە سۆز سەنئىتىگە نىسبەتەن قوللىنىلغاندا، "مەنىسى يالىڭاچ ئەمەس، ئېھتىماللىقلار ئىچىگە يوشۇرۇنغان يەنى مۇنداق بولۇشىمۇ، ئۇنداق بولۇشىمۇ ئېھتىمال" دېگەنلىك بولىدۇ.

"تۇيۇق" ئۇستىدە سىستېمىلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدىكى ھەرقانداق بىر ژانىر تەتقىقاتىغا ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1991-يىل 6-ئاي.

# لۇغەتتىن چىقىرۋېتىلگەن "ساھىبخان" سۆزى توغرىسىدا

"تىل ۋە تەرجىمە" ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان «"ساھىبخان" مۇياكى "ساھىبخانا"مۇ» ماۋزۇلۇق ماقالە "ساھىبخان" بىلەن "ساھىبخانا"نىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۆز پىكرىنى ۋە مۇلاھىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن مەزكۇر ژۇرنالنىڭ شۇ يىللىق 5 - سانىغا بېسىلغان «ئەلۋەتتە "ساھىبخانا"» سەرلەۋھىلىك ماقالە، يېزىق ۋە جانلىق تىلىمىزدا بۇرۇن "ساھىبخان" دەپ ئىشلىتىش خاتا بولغان، توغرىسى ئەلۋەتتە "ساھىبخانا" بولۇشى كېرەك دەپ ھۆكۈم چىقاردى. بۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يېزىق ۋە ئېغىز تىلىمىزدا كەڭرى ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان بىر سۆزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. يۇقىرىدىكى ئىككى ماقالىنىڭ مۇنازىرىسىگە ئۆز چۈشەنچەم ۋە مۇلاھىزەم بىلەن قاتناشقىم كەلدى.

1. "ساھىبخانا" ئاتالغۇسى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەنمۇ - يوق؟ پارس تىلىدا "ساھىبخان" دەيدىغان بىر سۆزلەمنىڭ بارلىقى راست. («پارسچە - خەنزۇچە لۇغەت» سودا نەشرىياتىنىڭ 1981 - يىل نەشرى، 1512 - بەت). بىراق، مېنىڭ قارىشىمچە، مەزكۇر

سۆزلەم 1985 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» گە "ساھىبخانا" شەكلى بىلەن كىرگۈزۈلۈشتىن بۇرۇن مەيلى يېزىق تىلىدا، ياكى ئېغىز تىلىدا بولسۇن ھېچكىم ئۇنى "ساھىبخانا" دەپ ئىشلەتمىگەن ئەمەس. «شىنجاڭ گېزىتى» 1988 ـ يىل 26 ـ مارت سانىدا، بىر دۆلەتتىن بارغان زىيارەتچە-لەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغان ئادەمنى "ساھىبخانا" دەپ ئاتاشمۇ مەزكۇر لۇغەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولغان.

«"ساھىبخان" مۇ ياكى "ساھىبخانا" مۇ» ماقالىسى ئاپتورىنىڭ "ساھىبخانا"نى "مېھمانغا چىللانغۇچىلار ئولتۇرىدىغان ئۆي" دەپ ئىزاھلىشىغا ۋە «ئەلۋەتتە "ساھىبخانا"» ماقالىسى ئاپتورىنىڭ "ساھىبخانا" سۆزىنى "ساھىب+خانا=ساھىبخانا" قىلىپ يېزىپ، "كىتاب+خانا=كىتابخانا،..." قاتارلىق سۆزلەر بىلەن بىر قاتاردا چۈشەندۈرگىنىگە قارىغاندا، مەزكۇر ئاتالغۇغا بولغان چۈشەنچە مەسىلىسى ئېنىق ئەمەستەك تۇرىدۇ.

پارس تىلىدىكى "ساھىبخانە" پارس تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئېنىقلانغۇچى "ساھىب" (ئاساسلىق مەنىسى: ئىگە، خوجا، ئىگە-لىك قىلغۇچى) بىلەن ئېنىقلىغۇچى سۆز "خانە" (ئاساسلىق مەنىسى: ئۆي، تۇرار جاي) دىن تۈزۈلگەن ئىزافەت بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە "ساھىب+ى (تەلەپپۇزدا قوشۇپ ئوقۇلىدىغان ئىزافەت تاۋۇش)+خانە=ساھىبى خانە" ئوقۇلۇپ، "ئۆينىڭ ئىگىسى، ئۆي خوجايىنى" دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدىغان سۆز ئىدى. بېيجىڭ

داشۆسىنىڭ ئاتاقلىق پارس تىلى مۇتەخەسسىسى پروفېسسور جاڭ خوڭنيەن ئەپەندىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بۇ سۆزمۇ شۇ خىل-دىكى كۆپ ئىستېمال قىلىنىش نەتىجىسىدە، بىرىكىشى زىچلىشىپ كەتكەن ئىزافەتلىك بىرىكمىلەردە ئىككى سۆز ئارىسىغا ئىزافەت قوشۇمچىسى قوشماي ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ، دېگەن قائىدىگە ئاساسەن "ساھىبخانە" ئوقۇلىدىغان بولغان.

"ساھىبخانە" ئاتالغۇسى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەنمۇ-يوق؟ بۇ— تەسەۋۋۇر بىلەن ھۆكۈم قىلىشلا ئەمەس بەلكى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە. دەرۋەقە «ئەلۋەتتە "ساھىب-خانا"»نىڭ ئاپتورى ئۆز ماقالىسىدا: "مەيلى قانداقلا بولمىسۇن 'ساھىبخانا' سۆزىنىڭ ئۇيغۇر يېزىق تىلىدا كەم دېگەندىمۇ XVI ئەسىردىن باشلاپ ئىشلىتىلىپ كەلگەنلىكىگە دائىر ماتېرىياللارنى كۆپلەپ كەلتۈرۈشكە بولىدۇ" دېگەن. بىز بۇ ساھەدە ئۇزۇن مۇددەت ئەمگەك قىلغان، ئىزدەنگەن پېشقەدەملەرنى ھۆرمەت قىلىمىز، ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىمىز. بىراق، مەزكۇر ماقالىنىڭ 5-ئابزاس باش قىسمىدىكى "ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 'ساھىب' سۆزى ئەرەب تىلىدىن پارس تىلىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پارسچە 'خانە' قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن 'ساھىبخانە' سۆزى ياسىلىپ ئاندىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەنمۇ؟ ياكى بىرى ئەرەبچە، بىرى پارسچە بولغان بۇ ئىككى تەركىب ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۇيغۇر تىلىغا (ئالدى بىلەن يېزىق تىلىغا) كىرگەندىن كېيىن بىرىكىپ 'ساھىبخانا' سۆزى ياسالغانمۇ؟

بۇنىڭغا ھازىرچە كەسكىن ھۆكۈم قىلىشقا بىرئاز قىيىن بولسىمۇ، لېكىن تىلىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالغاندا، بۇ سۆز ئالدى بىلەن پارس تىلىدا بىرىكىپ، كېيىن پارس تىلىدىن بىزنىڭ تىلىمىزغا 'ساھىبخانە' شەكلى بىلەن كىرگەن، دېگەن چۈشەنچىگە كۆپرەك مايىل بولۇشقا مەجبۇر بولىمىز" دېگەن بايان كىشىنى ھېچقانداق بىر روشەن پىكىر، ئېنىق ھۆكۈم بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ. ئاندىن قالسا، ماقالىنىڭ 3-ئابزاسىدا، "ساھىبخانا" (دىققەت! ئاخىرقى تاۋۇشى "ئا") سۆزى ئۇيغۇر-تىلىغا ئۆزلىشىپ بولغان سۆزلەر قاتارىدا مىسال قىلىپ چۈشەندۈرۈلۈپ بولغان تۇرۇقلۇق، ماقالىنىڭ 6-ئابزاسىدا: "'ساھىب-خانە' (دېققەت! ئاخىرقى تاۋۇشى "ئە") سۆزى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەندىن كېيىن سۆز ئاخىرىدىكى، جۈملىدىن 'خانە' قوشۇمچىسى ئاخىرىدىكى 'ئە' تاۋۇشى قىسقىراپ، جانلىق تىلدا 'ساھىبخان' بولۇپ قالغان." دەپ ھۆكۈم قىلىش كىشىنى گۇمانلاندۇرىدۇ. پارسچىدىكى "ساھىبخانە" سۆزى ئۇيغۇرچىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئۆزلىشىش جەريانىدا "ساھىبخانا" بولۇپ تۇراقلاشقان بولسا، كېيىن چۈشۈپ قالغان تاۋۇش "ئا" بولماي نېمىشقا "ئە" بولىدىكەن؟

ئەڭ مۇھىم يېرى شۇكى، مەيلى "ساھىبخانا" بولسۇن، ۋە مەيلى "ساھىبخانە" بولسۇن، سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى "ئا" ياكى "ئە" تاۋۇشى قىسقىراپ، جانلىق تىلدا 'ساھىبخان' بولۇپ قالغان دېگەن گەپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا قائىدىسىگە

تازا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ھەممە ئىشتراپ قىلىدىغان "سۆز ئۇرغۇسى ئاساسەن سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىغا چۈشىدۇ" دېگەن قائىدە بار («فونېتىكا ۋە تىل تەكشۈرۈش»، شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتىنىڭ نەشرى، 170 ـ بەت). ئاساسلىق ئۇرغۇنىڭ چۈشۈش نۇقتىسى بولغان ئاخىرقى بوغۇمدىن، شۇ بوغۇمنى تەشكىل قىلغۇچى تۆۋرۈك بولغان سوزۇق تاۋۇش ئادەتتە چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن، شەرتنامە، ۋەدىنامە، سالامنامە، جەرىمانە، دىۋانە، سالنامە، تاڭنامە، مۇھەببەتنامە، داھىيانە، باتۇرانە... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

مۇشۇنداق تىل قائىدە ۋە ئەمەلىي تىل پاكىتلىرى ئاساسىدا ئېيتالايمىزكى، پارسچىدىكى "ساھىبخانە" سۆزى دېيچىقاچان ئۇيغۇرچىغا ئۆزلىشىپ، "ئۆي ئىگىسى" مەنىسىدىكى "ساھىبخانا" ئاتالغۇسىنى شەكىللەندۇرگەن ئەمەس.

2. "ساھىبخان" دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى "ئۆي ئىگىسى، مېھمان ئىگىسى، ئىگە، خوجا" دېگەن بولىدۇ. مېنىڭچە تىلىمىزدىكى "ساھىبخان" سۆزىنىڭ ئۆزى "ئۆي ئىگىسى" (房东、东家)، "مېھمان ئىگىسى" (东道主)، "ئىگە، خوجا" (主人) دېگەن بولىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ شەكىللىنىشىنى مۇنداق ئۈچ تەرەپتىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

بىرىنچى، "ساھىبخان" سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا "ئىگە، خوجا، ئىگىلىك قىلغۇچى" مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن "ساھىب" سۆزى بىلەن "مېھمانخانا، ئۆي" مەنىسىدىكى "خان"

سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىزافەتلىك بىرىكمە بولۇشى مۇمكىن. دۇرۇس، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1986 - يىل نەشرى) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن بىر "خان" سۆزىنى "پارسچە سۆز. مەنىسى: ساراي، مېھمانخانا، دۇكان، ئۆۋا دېگەن بولىدۇ" دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بىراق، پارسچە لۇغەتنىڭ ئۆزىدە، مەزكۇر "خان"نىڭ قىسقارتىلما شەكلى بولغان "خەن" ئېنىق ھالدا "ئۆي" دەپ ئىزاھلانغان («پارسچە - خەنزۇچە لۇغەت»، سودا نەشرىياتىنىڭ 1981 - يىل نەشرى، 935 - بەت). پارسچىدا، نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلما شەكلىنىڭ بارلىقى كەسپىداشلارغا مەلۇملۇق. مەسىلەن، "پاي" (يەنى پۇت، قەدەم)نىڭ "پەي" شەكلى (تىلىمىزدىكى "پەيدىنپەي" دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن كەلگەن)، "ناي"نىڭ "نەي" شەكلى، "ماھ" (ئاي)نىڭ "مەھ" شەكلى ۋە باشقىلار. ئۇنىڭسىزمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا "خان" سۆزىنىڭ دەل "ئۆي" مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغانلىقىغا مىسال بار. ئالايلۇق، "خانۇمان" سۆزى. مەزكۇر سۆزنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى "ئۆي ۋە ئۆي جازىسى" بولۇپ، ئۇ "ئۆي" مەنىسىدىكى "خان" سۆزى بىلەن "ئۆي جازىسى" مەنىسىدىكى "مان" سۆزىدىن تەركىب تاپقان بىرىكمە سۆز ھېسابلىنىدۇ. "خان" بىلەن "مان" ئوتتۇرىسىدىكى "-ئۇ" تاۋۇشى بولسا، نەسرى ئەسەرلەردە "ۋە" نەزمىي ئەسەرلەردە "-ئۇ" ئوقۇلىدىغان "ۋاۋ" ھەرپىدىن ئىبارەت («ناۋايى ئەسەرلىرى لۇغىتى»،

1972 ـ يىل تاشكەنت نەشرى، 661 ـ بەت؛ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن «پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، 2074 ـ بەت). "خانۇمان" سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا كەڭرى ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن:

بىر كۆرۈپ بىچارەلىك بىرلە بولۇپ مەجنۇن سىفەت،

يۈرگەن ئاۋارە بولۇپ بى خانۇمانىم قايدا سەن.

يېشىمى: دىدارىڭنى بىر كۆرۈپلا مەجنۇن سۈپەت بەچارە ھالەتكە چۈشكەن، ئىشقىڭدا ئۆي ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن يارىم نەدىسەن! («ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 ـ يىل نەشرى، 442 ـ 443 ـ بەتلەر). دېمەك، تىلىمىزدىكى "ساھىبخان" ئاتالغۇسىدىكى "خان"نىڭ مەنىسى "ئۆي" بولۇپ "ساھىبخان"نىڭ "ئۆزى ئۆي ئىگىسى" دېگەن بولىدۇ.

ئىككىنچى، "ساھىبخان" سۆزى "ئىگە، خوجا، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى" مەنىسىدىكى "ساھىب" بىلەن "داستىخان" مەنىسىدىكى "خان" سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىزافەتلىك بىرىكمە بولۇپ، ئۇنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى مەنىسى "داستىخان" ئىگىسى بولسىمۇ، ئىستېمال جەريانىدا بارا ـ بارا مەنىسى كېڭىيىپ، ياكى مەنىسى ئابستراكتلىشىپ، خاسلا "مېھمان ئىگىسى" دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان بىرىكمە سۆزگە ئايلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يەنە بىر "خان" ئاتالغۇسى بولۇپ، مەزكۇر سۆز ئۆز زامانىسىدا "داستىخان، تاماق شىرەسى؛

رىزىق، يېمەكلىك، تائام" مەنىلىرىدە كەڭرى ئىستېمال قىلىنـ
غان. مەسىلەن، خان ئاچماق- داستىخان سالماق؛ خان
تارتماق- داستىخان سېلىپ مېھمان قىلماق، زىياپەت بەرمەك
(«ئەلىشىرناۋايى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، ئۆزبېكىستان
س س ر پەن نەشرىياتىنىڭ 1984- يىل تاشكەنت نەشرى، 3- توم،
411- 412- بەتلەر، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»،
192- بەت). ئەگەر "ساھىب" سۆزىنىڭ ئۇيغۇرتىلىغا ئۆزلىشىپ
"ئۆي ساھىبى" دەپ ئىشلىتىلگەنلىكىگە («ئۇيغۇرچە- خەنزۇچە
لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1982- يىل نەشرى، 409- بەت)،
چاغاتاي تىلى دەۋرىدە "داستىخان، تاماق شىرەسى..."
مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن "خان" سۆزىدىن فونېتىك ئۆزگىرىش
قىلىپ شەكىللەنگەن "خون" سۆزىنىڭ («ئۇيغۇرچە- خەنزۇچە
لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1982- يىل نەشرى، 129- بەت)
خەلقىمىز تىلىدا ھېلىھەم "لېگەن، تەخسە" مەنىلىرىدە، ئايرىم
جايلاردا بولسا "مەزە يۆگەلگەن داستىخان" مەنىسىدە كەڭرى
ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىغا، شۇنداقلا تىلىمىزدىكى "ساھىبخان"
سۆزىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چۈشەنچىسىدە ھامان "مېھمان
ئىگىسى" دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئاساسلىنىپ
تۇرۇپ، مەزكۇر "ساھىبخان" ئاتالغۇسىنىڭ ئەسلى "ساھىب"
سۆزى بىلەن "داستىخان" مەنىسىدىكى "خان"نىڭ بىرىكىشىدىن
ھاسىل بولغان چاغاتايچە ئىزافەتلىك بىرىكمە ئىدى دەپ ھۆكۈم
قىلساق، مەنتىقىسىز گەپ قىلغان بولمايمىز. شۇنداق بولغاندا،

"ساھىبخان" سۆزىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى "ساھىب + ى + خان =
ساھىبى خان" بولۇپ، ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا، بىرىكمە
بارا - بارا زىچلىشىپ، ئەسلىدىكى يېزىقتا ئىپادىلەنمەيدىغان،
پەقەت تەلەپپۇزدىلا ساقلىنىپ قالىدىغان ئىزافەت قوشۇمچىسى
"- ئى" چۈشۈپ قېلىپ، بۈگۈنكى "ساھىبخان" شەكلىدە تۇراق-
لىشىپ قالغان بولىدۇ. مەزكۇر "ساھىبخان" سۆزىنىڭ ئۇ
شەكىللەنگەن دەسلەپكى چاغلاردىكى لۇغەت مەنىسى "داستىخان
ئىگىسى" بولسىمۇ، بارا - بارا مەنىسى ئابستراكتلىشىپ "مېھمان
ئىگىسى" ئۇقۇمىدىكى ئاتالغۇغا ئايلانغان دېسەك، بۇمۇ ئەقىلگە
سىغىدۇ. چۈنكى، زىياپەت ئۈچۈن داستىخان سالغان "داستىخان
ئىگىسى" ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق جايدا (مەيلى ئۆيدە،
مەيلى ئاشپۇزۇلدا، ۋە مەيلى بىپايان دالىدا) بولسۇن ئەمەل-
يەتتە "مېھمان ئىگىسى" بولىدۇ. ئەمما، "ئۆي ئىگىسى" ھەرقانداق
چاغدا ۋە ھەرقانداق جايدا جەزمەن "مېھمان ئىگىسى" بولۇشى
ناتايىن. ئالايلۇق، مەن ئۇرۇمچىگە مۇساپىر ئادەممەن. زۆرۈ-
رىيەت بولۇپ، ئۇرۇمچىلىك بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە سورۇن
تۈزۈپ، داستىخان سېلىپ، بىرقانچە بۇرادىرىمنى مېھمان
قىلسام، مەن "ساھىبخان" بولىمەن، ئۆي ئىگىسى بولغان
ئاغىنەم بولسا "ساھىبخان" بولالمايدۇ. دېمەك، "ساھىبخان"
دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى "مېھمان ئىگىسى" دېگەن بولىدۇ.

ئۈچىنچى، تىلىمىزدىكى "ساھىبخان" ئاتالغۇسى "ئىگە،
خوجا" مەنىسىدىكى "ساھىب" بىلەن ئەسلىدە "پادىشاھ، ئەمىر"

مەنىسىنى ئۇقتۇرىدىغان كىشى ئىسىملىرىغا قوشۇلغاندا بولسا، ئەزىزلەش، ئۇلۇغلاش، يېقىن كۆرۈش، ھۆرمەتلەش ئۇقۇمىنى ئاڭلىتىدىغان "خان" سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ساپ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ بولۇشىمۇ مۇمكىن. "ساھىب" سۆزىنىڭ "ساھىبجامال، ساھىبتەدبىر، ساھىبقىران" دېگەندەك ئىزافەتلىك سۆزلەرنى ياسىغانلىقى ۋە بۇلارنىڭ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىستېمال قىلىنىۋاتقانلىقى ھەممىيلەنگە مەلۇم. ئەمدى، بۇ سۆز بىرىكمە تەركىبىگە كىرمەي يەككە تۇرغان چېغىدا، ھۆرمەت يۈزىسىدىن "خان" سۆزى قوشۇلۇپ، خاسلا "مېھمان ئىگىسى" دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدىغان سۆز بولغانلىقىنى ئېھتىمالدىن يىراق دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر تىلىدا بىرىكمە سۆزلەر ئىچىدە تۇرغاندا ئەسلى لۇغەت مەنىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقۇمىنى، كونكرېت تىل شارائىتىدا ئايرىم تۇرغان چېغىدا ئالاھىدە خاسلاشقان بىر ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن، دىنىي ئاتالغۇ "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام" سۆزى ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇلۇپ (مەسىلەن، ئەيسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، داۋۇت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مۇسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام...) تەڭداش بىرىكمە سۆز ياسىيالايدۇ. بىراق، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ لۇغىتىدە، خاسلا مۇھەممەد پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدىغان سۆز قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ كېچىسى مەككىگە قايتىپ كەلدى... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەبۇجەھىل ھىشام كەلدى،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مىراج ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى" («مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1983 ـ يىل نەشرى، 108 ـ بەت). روشەنكى، بۇ يەردىكى "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام" خاسلا "مۇھەممەد"نى كۆرسىتىدۇ "رەسۇل" سۆزىمۇ شۇنداق. مەسىلەن، "ئاللا بىر تۇرۇر، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئانىڭ رەسۇلى تۇرۇر" («قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قازان باسمىسى، 324 ـ بەت). بۇ يەردىكى "رەسۇل" يۇنۇس پەيغەمبەرنى كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلگەن. ئەمما، ئىسلام شارائىتىدا، "رەسۇلۇللا"، "رەسۇل" دېيىلسە، خاسلا مۇھەممەد پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، "ئابدۇرەسۇل" دېمەك، باشقا ھەرقانداق رەسۇل (پەيغەمبەر)نىڭ ئەمەس، بەلكى خاس "مۇھەممەد"نىڭ ئۇممىتى دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، "ساھىبخان" ئاتالغۇسى ئەدەبىي تىلغا ئۇيغۇر جانلىق تىلى خەزىنىسىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى "ساھىب" خاس (مېھمانغا) "ئىگە" دېگەن بولىدۇ. "خان" بولسا، خۇددى خوجىخان (غوجىخان)، بوۋىخان (بابىخان)، سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخان، ئابدۇلكەرىمخان... دېگەنلەردىكى "خان"غا ئوخشاشلا ھۆرمەت، ئېھتىرام، ئەزىزلەش ئۇقۇمىدىكى "خان"دىن ئىبارەت، خالاس. ("سۇلتان ئابدۇرەشىدخان"دىكى "خان"مۇ "پادشاھ" دېگەن بولمايدۇ. ئۇنىڭ خانلىقى "سۇلتان" سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەن).

يىغىپ ئېيتقاندا، "ساھىبخان" سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى

"خانا/خانە"گە تاقىمايمۇ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

3. "ساھىبخان"نى "ساھىبخانا" قىلىۋېلىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. ئەگەر "ساھىبخان" سۆزىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇقىرىقى ئۈچ خىل مۇلاھىزىنىڭ ھەممىسى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان، ھەتتا "ساھىبخان" ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ "ساھىبخانا" سۆزى ئىكەنلىكى رەت قىلغۇسىز پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغان ھالەتتىمۇ، تىلىمىزدىكى "ساھىبخان" سۆزىنى لۇغەتتىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا "ساھىبخانا"نى دەسسىتىپ قويۇشنىڭ قىلچىلىك ئەھمىيىتى يوق.

بىرىنچىدىن، مەيلى قايسى تەرەپتىن ئىسپاتلىمايلى، "ساھىبخان" سۆزى ئۆز ۋاقتىدىكى "ئۆي ئىگىسى" (房东، 东家)، "داستىخان سېلىپ، مېھمان قىلغۇچى" (设宴者) دېگەن مەنىلىرىدىن تەدرىجىي كېڭىيىپ، ياكى ئابستراكتلىشىپ، ھەرقانداق جايدا (مەيلى ئۆي، ئاشپۇزۇل، دالا، ئايرودروم، زاۋۇت....)، ھەر ئامال بىلەن (مەيلى زىياپەت بېرىش، قارشى ئېلىش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، ئەھۋال تونۇشتۇرۇش...) "مېھمانغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى" (东道主) دېگەن، ھەم كەڭ ھەم كونكرېت ئۇقۇمغا ئىگە بىر ئاتالغۇغا ئايلانغان.

ئىككىنچىدىن، تىلىمىزدا "ساھىبخان" سۆزى بىلەن مەيلى فونېتىكا ۋە مەيلى سېمانتىكا جەھەتتىن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، ئۇقۇم قالايمىقانچىلىقى تېرىيدىغان ئىككىنچى بىر سۆز يوق. ھالبۇكى، "ساھىبخان"نى "ساھىبخانا" قىلىپ ئىشلىتىشكە

ھېچقانداق ھاجەت چۈشمەيدۇ. بىز بىراۋغا بىر ئىغىز ئۆي ئىجارە بەرگەن مومايىنى "ساھىبخان" (房东) دېسەكمۇ، ئىككى زۇڭتۇڭ ياكى رەئىس ھەققىدە "مېھمان بىلەن ساھىبخان دوستانە كەيپىياتتا سۆھبەتلەشتى" دېسەكمۇ، ھېچكىم غەلىتىلىك ھېس قىلغان ئەمەس. چۈنكى، بىر ئۆينىڭ ئىگىسىمۇ ئۆزىگە لايىق "ئىگە" (ساھىبخان)، بىر دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭ ياكى رەئىسىمۇ ئۆز دەرىجىسى ۋە شەرىپى بىلەن يەنىلا بىر "ئىگە" (ساھىبخان). بۇ يەردىكى ئورتاقلىق بىرسى مېھمانغا (房客) بىرەر ئۆينى ئىجارە بېرىپ تۇرۇش بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى — ساھىبخان، يەنە بىرسى بولسا، مېھمانغا (来客) ئالدىغا چىقىش، قوبۇل قىلىش، كۈتۈۋېلىش، زىياپەت بېرىش،... قاتارلىقلار بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى — ساھىبخان خالاس.

ئۈچىنچىدىن، "ساھىبخان" سۆزى خەلقىمىزنىڭ تىلىغا، ئېڭىغا، چۈشەنچىسىگە ئىنتايىن سىڭىپ كەتكەن بىر ئاتالغۇ. ھېلىمۇ بەزەن جايلاردا، خۇسۇسەن خوتەن رايونىدا بۇ سۆز- نىڭ ئادەم ئىسمى قىلىپ كەڭ قوللىنىلىشى (گەرچە خاس ئايال- لارغا بولسىمۇ) بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. شۇڭا، "ساھىبخان" سۆزى ئەدەبىي تىل لۇغىتىدىن چىقىرىۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ، خەلقنىڭ جانلىق تىل خەزىنىسىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك قامۇستىن چىقىرىلىپ كېتىشى تەس. يەنە بىرسى، "ساھىبخان" سۆزى "مېھمان" ئاتالغۇسىغا خۇددى "ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز"

ئوخشاش ياراشقان، شۇنداق رەڭدار، شۇنداق مۇڭلۇق، شۇنداق گۈزەل سۆز. قىسقىسى، ئۇنىڭ لۇغەتتىن چىقىرىۋېتىلىشى تولىمۇ ناھەق بولغان.

1989 - يىل 12 - ئاي.

## ”پاتىھە“، ”پەتە“ سۆزلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەنىسى ھەققىدە

تىلىمىزدىكى ”پاتىھە“ ۋە ”پەتە“ سۆزلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە تىلىمىزغا ئەرەبچىدىن كىرگەن ”فاتىھە“ دېگەن بىر سۆزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئۆزلەشتۇرۇشلەرنى بېشىدىن كەچۇرۇشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان.

**پاتىھە.** بۇ ئەرەبچە ”ئاچماق“ مەنىسىدىكى پېئىل ”فەتەھە“ (مەسىلەن، فەتەھەلباب: ئىشىكنى ئاچماق) دىن ياسالغان ياسالما سۆز ”فاتىھ“ (ئاچقۇچى) نىڭ ئايال سىغىسى① ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ھەمىشە دېگۇدەك ئايال سىغىلىق دىنىي ئاتالغۇ ”سۇرە“گە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ ”سۇرە فاتىھە“ شەكلىدە ئىشلىتىلگەن. ”فاتىھە“ سۆزىنىڭ تۇپ مەنىسى خۇددى ”فاتىھ“ سۆزىگە ئوخشاشلا ”ئاچقۇچى“ دېگەن بولىدۇ. ”سۇرە فاتىھە“ دېگەن بۇ ئەرەبچە ئېنىقلاش-ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىدىكى بىرىكمە سۆزنىڭ مەنىسى بولسا، ”ئاچقۇچ سۇرە“ دېگەن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىرىنچى سۇرىسىنى

① سىغىسى — جىنس تۇرى. — تەھرىردىن.

كۆرسىتىدۇ، مەزكۇر "سۇرە فاتىھە" سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دىنىي زاتلار تىلىدا قىسمەن "سۇرە فاتىھە" شەكلىدە ئەينەن ئىشلىتىلگەندىن باشقا، ئومۇمەن "ف" تاۋۇشى "پ"گە ئۆزگەرگەن "سۇرە پاتىھە" تەلەپپۇزىدا ئىشلىتىلىدۇ.

كېلىش مەنبەسى «قۇرئان كەرىم» بولغان مەزكۇر "سۇرە پاتىھە" سۆزى ھەمىشە مۇشۇنداق جۈپ ھالدىلا ئىشلىتىلگەچكە، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خۇددى "كۈن، بىركۈن" مەنىسىدىكى "روز" سۆزى بىلەن ھىجرىيە يىلى ھېسابىدىكى 9-ئاينىڭ نامى بولغان "رەمەزان" (ھازىرقى تىلىمىزدا "رامىزان") ھەمىشە "روزى رەمەزان" شەكلىدە ئىشلىتىلىپ كېلىپ، ئاخىردا "روز" سۆزىمۇ "رەمەزان" سۆزىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، يەنى "رەمەزان ئېيدى" (رامىزان ھېيتى) دېيىمۇ، "روز ئېيدى" (روزى ھېيتى) دېيىمۇ بولۇۋېرىدىغان بولۇپ قالغاندەك، "پاتىھە" سۆزىنىڭ ئۆزى يەككە ئىشلىتىلگەندىمۇ "قۇرئاننىڭ بىرىنچى سۈرىسى، باشلىنىشى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالغان («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1990-يىل نەشرى، I توم، 607-بەتكە قارالسۇن).

مەلۇمكى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلاردا تونۇش-بىلىشلەر، دوست-يارەنلەر، ئۇرۇق-توغقانلار مەيلى خۇشاللىق ئىش ئۈچۈن (مەسىلەن، توي-تۆكۈن) ۋە مەيلى قايغۇلۇق ئىش ئۈچۈن (مەسىلەن، ئۆلۈم-

يېتىم) بولسۇن ئۆزئارا يوقلاشقاندا، ئالدى بىلەن ئىككى
قولىنىڭ ئالقىنىنى ئاسمانغا قىلغان هالدا جۈپلەپ، ئۇنى ئۆزد-
ىنىڭ كۆكرىكى ئېگىزلىكىدە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ دۇئا (تىلەك،
تەلەپ) قىلىدىغان بىر ئادەت شەكىللەنگەن. تا هازىرغىچە
ئۇخشىمىغان دەرىجىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئەنئەنىۋى
مىللىي ئادەتتە، دۇئا قىلغۇچى دىنىي ئەقىدە يۈزىسىدىن ئالدى
بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىرىنچى سۈرىسى بولغان "سۈرە-
پاتىهە"نى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنىڭ مەبۇدىسى (ئاللا)
دىن كۆڭلىدىكى تىلەكلىرىنى تىلەيدۇ. مانا مۇشۇنداق مىللىي
ئادەت ۋە بۇ ئادەتنىڭ مۇهىم مەزمۇنى بولغان دۇئا ۋە بۇ
دۇئادا ئالدى بىلەن بەجا كەلتۈرۈلىدىغىنى "پاتىهە"نى ئوقۇش
قاتارلىقلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋاملىشىشى نەتىجىسىدە،
تەبىئىي هالدا تىلىمىزدا ئاشۇ ئادەت ۋە پائالىيەتلەرنى ئىپادە
قىلىدىغان "پاتىهە ئوقۇماق"، "پاتىهە قىلماق" "پاتىهە بەرمەك"
"پاتىهە ئالماق" دېگەندەك خاس ئاتالغۇلار مەيدانغا كەلگەن.
ئەمدى بىز بۇ سۆزلەرنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالىمىزدا بىلدۈرۈپ
كېلىۋاتقان تۈپ ئۇقۇملىرى ئۈستىدە ئازراق مۇلاهىزە يۈرگۈ-
زىدىغانلا بولساق، مەزكۇر سۆزنىڭ تېگى-تەكتى بىرىپ ئاشۇ
"ئەلهەمدۇ" بىلەن باشلىنىدىغان "سۈرە پاتىهە"گە تاقىلىدىغان-
لىقىنى بايقايمىز. "پاتىهە" ئاتالغۇسىنىڭ ئالدى بىلەن بىۋاستە
هالدا "قۇرئاننىڭ بىرىنچى سۈرىسى، باشلىنىشى" دېگەن
ئۇقۇمنى بىلدۈرۈشى، قالغان مەنىلىرىنىڭ بولسا هامان مۇئەييەن

بىر "دۇئا" (تىلەك)نى بىلدۈرۈشى ياكى "دۇئا"غا باغلىنىشلىق بولۇشى بۇ نۇقتىنى كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن:

پاتىھە: 1. بىرىنى يوقلاپ ياكى زىيارەت قىلىپ ھۇزۇرىغا ۋە ئۆيىگە بارغاندا، ئەھۋاللىشىشتىن ئىلگىرى ياخشىلىق تىلەپ ئېيتىلىدىغان دۇئا. مەسىلەن، ناۋادا يىگىتنىڭ كېسىلى ئۇنچە ئېغىر بولمىسا ئوغلىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلمەكچى بولۇپ، مېھمانخانىنىڭ تۆرىگە چىقىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى.

2. ئۆلۈم ئۈزۈتىلگەن ئۆيدە ئۆلۈمدىن كېيىن بىرقانچە كۈن ئىچىدە ياكى ھېيت كۈنلىرى مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ قىلىنغان دۇئا ۋە تەزىيىلەر.

3. قىز بىلەن يىگىت تۇرمۇش قۇرۇشنى ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپ ئائىلىسىگە بارىكاللا ئېيتىپ بەرگەن تەشەككۈر دۇئاسى. مەسىلەن، — قېنى قىلايلى پاتىھە، مۆھرى خۇدادۇر، — دېدى ۋە دۇئاغا قول كۆتۈردى.

4. نىكاھ مۇراسىمدا ئوقۇلغان خۇتبە دۇئاسى. مەسىلەن، ھاجى ئىشان ئالدىراپ-تېنەپ نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇدى ۋە قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان رازىلىق سۆزىنىمۇ ئالماستىن: — تىزلىنىڭلار، باشپاناھقا رەھمەت ئېيتىڭلار، — دېدى.

5. بىرەر ئىشنى باشلىغان كىشىگە ياخشىلىقنى تىلىگەن (يەنى دۇئا قىلغان) ھالدا بېرىلگەن رۇخسەت، ئىجازەت. مەسىلەن،

سودىگەرلەر باشلىقى شەمسىدىن ھەر كۈنى ئەتىگەندە كېلىپ دۇكىنىغا ئولتۇرغان چېغىدا، بازار ئاقساقىلى سودىگەرلەر بىلەن شەمسىدىننىڭ ئالدىغا كېلىپ: — خوش كېلىپلا! — دەپ سالام بېرىپ، ئۇنىڭدىن پاتىھە ئالغاندىن كېيىن، ھەركىم ئۆز تىجارەت ئورنىغا بېرىپ دۇكىنىنى ئاچىدىكەن. («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1990 - يىل نەشرى، 1 - توم، 607 - ، 608 - بەتلەرگە قارالسۇن).

يۇقىرىدىكى مىساللاردىكى "مېھمانخانىنىڭ تۆرىگە چىقىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلماق"، "نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇماق"، "پاتىھە-مۆھرى خۇدادۇر (خۇدانىڭ مۆھرىدۇر)" دېگەن جۈملىلەرنىڭ ئۆزىدىنمۇ "پاتىھە" دېگەن سۆزنىڭ تۈپ ئۇقۇم جەھەتتە "سۈرە پاتىھە"نى، "پاتىھە قىلماق" سۆزىنىڭ بولسا، "ئەلھەمدۇنى ئوقۇماق" دېگەن مەزمۇننى نېگىز قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دەرۋەقە، زامان تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، خۇددى باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىدىكى بەزى رەسمىيەتلەرمۇ مۇرەككەپلىكتىن ئاددىيلىققا، مۇتەئەسسىپلەرچە شەكىلۋازلىقتىن زامانغا ماس ئىلمىيلىككە تەرەققىي قىلدى. ئالايلۇق، بۇرۇنقى چاغلاردا بىراۋنىڭ ئۆيىگە زىيارەت ياكى يوقلاشقا بارسا، ئالدى بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تەكەللۇمىسىنى كەلتۈرۈپ، دەسلەپ "سۈرە پاتىھە"نى، ئارقىدىن قۇرئاننىڭ باشقا بىرەر قىسقا سۈرىسىنى

ئوقۇغاندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: "ئۇنى بەرگەيسەن خۇدايىم، بۇنىڭغا نېسىپ قىلغايسەن پەرۋەردىگارىم" دەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزئارا تىنچلىق سورىشىپ، ئەھۋاللى-شىدىغان ئادەت ئاددىيلىشىپ، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، "ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر!" دەپ دۇئانىڭ ئىشارىسىنى قىلىۋېتىپلا ئەھۋاللىشىشنى باشلىسا بولىۋېرىدىغان بولدى. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندىكى "پاتىھە ئوقۇماق" دېگەن سۆز ھەم "سۈرى پاتىھەنى ۋە قۇرئاننىڭ قىسقا سۈرىلىرىدىن بىرەرنى ئوقۇپ باشقىلارغا ياخشىلىق تىلىمەك" دېگەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرچاغدا يەنە "بىراۋنىڭ ئۆيىگە ياكى تۇرغان يېرىگە بېرىپ ھال سورىماق" دېگەنمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

— خالىسىلا پاتىھە، ئوقۇغاچ بېرىپ كۆرۈپ كەتسەكمۇ بولىدۇ، — دېدى مەزىن («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1990 - يىل نەشرى، 1 - توم، 608 - بەتكە قارالسۇن).

سۇلايمان رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ئەتىسى ئابدۇللا "قورسىقىم ئاغرىپ قالدى" دەپ يېتىۋېلىپ، زۇنۇننى ئۆز نامىدىن بوۋاينىڭ قېشىغا پاتىھە ئوقۇپ كېلىشكە ئەۋەتمەكچى بولدى («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1990 - يىل نەشرى، 1 - توم، 608 - بەتكە قارالسۇن).

2. پەتە (pə:tə). بۇ سۆزنىڭ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق تەلەپپۇز قىلىنىشىدىنمۇ چىقىپ تۇرىدۇكى، ئۇنىڭ ئەسلى

"پاتىھە" بولۇپ، ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، تەركە-
بىدىكى "ئى" ۋە "ھ" تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالغان، باش بوغۇ-
مىدىكى "ئا" تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىك ئادىتىگە ئاسا-
سەن، ئۇرغۇ چۈشىدىغان ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا
ماسلىشىپ (خۇددى بۇرۇنقى "ھەۋا"، "سەدا"، "جەفا"،
"نەۋا" سۆزلىرى بۈگۈنكى كۈندىكى "ھاۋا"، "سادا"، "جاپا"،
"ناۋا" سۆزلىرىگە ئايلانغاندەك) "ئە" تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ
كەتكەن، خالاس. مەزكۇر "پەتە" سۆزىنىڭ ئېتمولوگىيەسىنى
"فاتىھە ـــ پاتىھە ـــ پەتە" قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. "پەتە"
ئاتالغۇسى ئەمەلىيەتتە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى "فاتىھە"
سۆزىنىڭ ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا ئۆزلەشكەن شەكلى ھېسابلىنىدۇ.
مەزكۇر "فاتىھە"دىن ئەدەبىي تىلغا ئۆزلەشكەن "پاتىھە"نىڭ
ئەمەلىي ئىستېمالىدا "پەتە" سۆزى بىلەن ئوخشاش مەنىنى
يورۇتۇپ كېلىشى بۈنىڭغا پاكىت بولالايدۇ. مەسىلەن:

شەھەرنىڭ بىر چوك ئەمەلدارى ئۆلۈپتۇ، ئەپەندىم پاتىھەگە
بېرىپ: ـــ مەرھۇمنىڭ گۆرى چوڭقۇر بولسۇن، ـــ دەپ دۇئا
قىلىپتۇ.

ـــ كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭ دۆيجاك، ـــ سەيدىن قارىي
ئىككى تاقلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتى ـــ تېرىمدىن
كەلگىنىڭنى ئاڭلاپ پاتىھە ئوقۇپ كېلەي دەپ كېلىۋىدىم.

(«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1990-
يىل نەشرى، 1-توم، 607-بەتكە قارالسۇن).

روشەنكى، بۇ مىساللاردىكى "پاتىھەگە بېرىپ"، "پاتىھە ئوقۇپ كېلەي" دېگەن سۆزلەر جانلىق تىلدا "پەتىگە بېرىپ"، "پەتە ئوقۇپ كېلەي" دېيىلىدۇ ۋە ئاشۇ "پاتىھەگە بېرىپ"، "پاتىھە ئوقۇپ كېلەي" شەكىللىرى بىلەن ئوخشاش ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ.

دەرۋەقە، "پەتە" سۆزى ھازىر جانلىق تىلغا خاس سۆز ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي تىلغا تەئەللۇق سۆز ھېسابلىنىدۇ. مېنىڭچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى "پەتە" سۆزى ئەدەبىي تىلغا جانلىق تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزدۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى "پەتە" سۆزى ئۆز تارىخىدا، دەسلەپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى "فاتىھە" شەكلىدىن ئەدەبىي تىلغا "پاتىھە" قىلىپ قوبۇل قىلىنىش، ئاندىن بۇ ئەدەبىي تىلدىكى "پاتىھە" سۆزى جانلىق تىل ئەمەلىيىتىدە "پەتە" شەكلىدە ئومۇملىشىش، ئەڭ ئاخىردا، مەزكۇر جانلىق تىلدىكى "پەتە" سۆزى ئەدەبىي تىلغا ئەينەن قوبۇل قىلىنىش جەريانلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

ئەگەر "پاتىھە" سۆزىنى "فاتىھە"دىن ئۇيغۇرچىغا ئۆزلىشىتە يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان ئاتالغۇ دېيىشكە بولسا، ئۇ ھالدا "پەتە" سۆزىنى پۈتۈن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان، يەنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچىلىشىپ كەتكەن سۆز دېيىش مۇمكىن. چۈنكى، "پەتە" سۆزى ئۆزىنىڭ ئەسلى شەكلى "فاتىھە"گە قارىغاندا شەكىل ۋە تەلەپپۇز جەھەتتە تۈپتىن ئۆزگىرىپ كەتكەندىن باشقا، ئىشلىتىلىش دائىرىسى، چاستوتىسى، سۆز

ياساش ئىقتىدارى جەھەتتىمۇ ئادەتتىكى ساپ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك دەرىجىگە يەتكەن. ئالايلۇق، "پاتىھە" سۆزىنىڭ ئادەتتىكى پېئىل شەكلى ئونىڭغا "ئوقۇماق"، "قىلماق" قاتارلىق پېئىللارنى بىرلەشتۈرۈش يولى بىلەن ھاسىل قىلىنىدۇ. "پەتە" سۆزىنىڭ پېئىل شەكلى بولسا، مەزكۇر سۆزگە "-لە//-لىمەك" قوشۇمچىلىرىنى بىۋاسىتە قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىۋېرىدۇ. "پاتىھە" سۆزىنى "پاتىھەلەشمەك"، "پاتىھەلەتمەك" شەكىللىرىدە ئىشلىتىش ئادىتى يوق. "پەتە" سۆزى بولسا، "پەتىلەشمەك" "پەتىلەتمەك" شەكىللىرىدە، شۇنداقلا، "ئادەتتىكى پەتە"، "رەسمىي پەتە"، "توي پەتىسى"، "ئۆلۈم پەتىسى" دېگەندەك تۈرلەر بويىچە كەڭرى ئىستېمال قىلىنىدۇ. ھەتتا ئونىڭدىن "بارغا پەتە، يوققا ئەتە" دېگەن ماقال-تەمسىلمۇ بارلىققا كەلگەن.

"پاتىھە" بىلەن "پەتە"گە ئوخشاش ئەسلىدە بىر سۆز بولۇپ، ئۇزۇن يىللىق لېكسىكا تەرەققىياتى جەريانى ئارقىلىق بۆلۈنگە كېلىپ ئىككى سۆزگە ئايلىنىپ ئۆزلىشىپ قالغان سۆزلەر تىلىمىزدا خېلى بار. مەسىلەن، "ئەتىۋار" بىلەن "ئېتىبار" (بۇلارنىڭ ئەسلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئىئتىبار" ئىدى)، "ئار" بىلەن "ھار" (بۇلارنىڭ ئەسلى "ئار" شەكلىدىلا ئىدى)، "شوخ" بىلەن "شوق" (بۇلارنىڭ ئەسلى "شەۋق" شەكلىدە ئىدى)، "تايىن" بىلەن "تەيىن" (بۇلارنىڭ ئەسلى "تەئيىن" شەكلىدىكى بىرلا سۆز ئىدى)، "سەھنە" بىلەن

"سەينا" (بۇلارنىڭ ئەسلى "سەھنە" شەكلىدە بىر خىل ئىدى)، "ئىبرىق" بىلەن "ئىبرىغ" (بۇلارنىڭ ئەسلى "ئارىغ" شەكلىدە بىرلا خىل ئىدى) قاتارلىقلار. بۇلار ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنىيىتىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

1991 - يىل 5 - ئاي.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ھەققىدە

ئۇيغۇر تىلىدا سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ بارلىقى، بۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىغان چاغدىكى تىل ئورنى، لەۋ ھالىتى، شۇنىڭدەك ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسىگە قاراپ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئورتاق چۈشەنچىلەرگە ئىگىمىز. لېكىن ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى كىتابلاردا بۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالدىكى سوزۇلۇش چېكى ۋە دەرىجىسى ھەققىدە تا ھازىرغىچە ئېنىق بىرنەرسە دېيىلمەي كەلدى. ئەمەلىيەتتە بىز ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تۈرلۈك سۆزلەردە، قوشۇمچىلاردا، سوزۇلۇش دەرىجىسى جەھەتتىن بىر-بىرى بىلەن روشەن ھالدا پەرقلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى ئەھۋالغا دائىم دۇچ كېلىپ تۇرىمىز.

ئۇنىدىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش قائىدىسى دەيدىغان بىر قائىدە بار. بۇ قائىدە بويىچە بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن "ئا، ئە" سوزۇق تاۋۇشلىرى

تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندىن كېيىن، "ئې، ئى" تاۋۇشلىرىغا ئاجىزلىشىدۇ. بىراق، تىلىمىزدا ئۇرغۇنلىغان سۆزلەر باركى، ئۇلار يۇقىرىقى قائىدىگە بويسۇنمايدۇ. يەنى ئۇلارغا تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندىن كېيىن، قائىدە بويىچە "ئې، ئى" لەرگە ئاجىزلىشىشى لازىم بولغان "ئا، ئە" سوزۇق تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمايدۇ. بۇ ھال ھازىرغىچە بىزدە "ئۇيغۇر تىلىدىكى ئايرىم ئەھۋال" دېيىلىپلا كەلدى، خالاس. ئەمما بۇنىڭدا تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان ئەمەلىي مەسىلە مەۋجۇت. بىز بۇ ماقالىمىزدا مۇشۇ مەسىلىلەر ھەققىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى قىسقىچە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

ئالدى بىلەن بىز ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ باقايلى:

| 1-مىسال: ئۇزۇن "ئا" (باش بوغۇمدا) | قىسقا "ئا" |
|---|---|
| ئارا (ئارا-گۈرجەك) | ئارا (ئارا يول) |
| ئاچا (ئاچا-سىڭىل) | ئاچا (دەرەخ ئاچىسى) |
| پاچاق (ئۇزۇن پاچاق ئادەم) | پاچاق (پاچاق-لاپ تاشلىماق) |
| جازا (ئۆي جازىلىرى) | جازا (قاماق جازاسى) |
| ياماش (تاغقا ياماش) | ياماش (كىيىم ياماش) |

| | |
|---|---|
| ياماق (بىر ياماق پۇل) | ياماق (چاپانغا ياماق سالماق) |
| يالا (ئەسىرنى يالاپ ماڭماق) | يالا (كالپۇكنى يالىماق) |
| چاق (ھارۋىنىڭ چاقى) | چاق (ئۇرۇپ چاق) |
| تاپ (ئىشەكنىڭ تاپى) | تاپ (تېپىشماق تاپ) |
| قاما (قاماپ تۇتماق) | قاما (جىنايەتچىنى قاما) |
| خادا (خادا تۇتماق) | خادا (خادا تاش) |

روشەنكى، مىسالدا كۆرسىتىلگەن ئىككى تەرەپتىكى سۆزلەر يېزىلىش جەھەتتىن پەرق قىلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ باش بوغۇملىرىدىكى "ئا" سوزۇق تاۋۇشلىرى سوزۇلۇش دەرىجىسى جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

| ئۇزۇن "ئا" (ئاخىرقى بوغۇمدا) | قىسقا "ئا" |
|---|---|
| بالا (بالا-قازا) | بالا (ئادەم بالىسى) |
| دۇنيا | دۇمباق |
| ساما | سامان |
| ناۋا | ناۋات |
| راۋا | راۋاپ |
| رەسۋا | راۋان |

| | |
|---|---|
| سادا | ساۋاپ |
| تاما (تاما قىلماق) | تامام |

دېمەك، بۇ مىسالدىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى "ئا" سوزۇق تاۋۇشلىرى سوزۇلۇش دەرىجىسى جەھەتتىن بىر-بىرى بىلەن روشەن پەرقلىنىدۇ.

2-مىسال:

| ئۇزۇن "ئە" (باش بوغۇمدا) | قىسقا "ئە" |
|---|---|
| ئەتە (ئەتە-ئۆگۈن) | ئەجەل |
| ئەمەت | ئەمەس |
| ئەگىز (ئەگىز سۈيى) | ئەلەم |
| ئەگىم | ئەمەل |
| لەنەت | لەپەر |
| قەغەز | قەلەم |
| كەكە | كەتمەن |

ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ مىسالدا كۆرسىتىلگەن ئىككى تەرەپتىكى سۆزلەرنىڭ باش بوغۇملىرىدىكى "ئە" سوزۇق تاۋۇشى سوزۇلۇش دەرىجىسى جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ.

| ئۇزۇن "ئە" (ئاخىرقى بوغۇمدا) | قىسقا "ئە" |
|---|---|
| مەنبە | مۇنبەت |
| قەلئە | قەۋەت |
| ساھە | سائەت |
| تەۋە | تەلەپ |

بۇ مىسالدىكى سۆزلەرنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ قاراي-دىغان بولساق، ئاخىرقى بوغۇمدا كەلگەن "ئە" سوزۇق تاۋۇش-لىرىنىڭ سوزۇلۇش دەرىجىسى جەھەتتە پەرقلىنىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

| 3-مىسال: ئۇزۇن "ئو" | قىسقا "ئو" |
|---|---|
| ئوسا (يەرنى ئوساقلىماق) | ئوسال |
| دوغا (دوغا-يايى) | دوغاپ |
| تووا | توساق |
| گومۇش | گوللاش |
| نوتا | نومۇر |
| دورا | دولا |
| مورا | موما |

| 4-مىسال: ئۇزۇن "ئۆ" | قىسقا "ئۆ" |
|---|---|
| ئۆرۈم (بىر ئۆرۈم چاچ) | ئۆكۆز |
| كۆجۆم (كۆجۆم مەھەلە) | كۆكۆل |
| بۆرە | بۆشۆك |
| بۆرەك | بۆلەك |
| چۆرە (ئەتراپ) | چۆمۆچ |
| مۆرەش | مۆكۆش |
| ئۆگۆن | ئۆلكە |
| چۆچەك | چۆنەك |

| قسقا "ئۇ" | 5-مسال: ئۇزۇن "ئۇ" |
|---|---|
| سۇنۇق | سۇناي (سۇناي چالماق) |
| تومۇر | ئۇمۇمەن (2-بوغۇمدا) |
| خۇرۇم | خۇسۇسەن " " |
| بولۇق | بوسۇغا " " |

| قسقا "ئۆ" | 6-مسال: ئۆزۆن "ئۆ" |
|---|---|
| سۆمۆر (سۆمۆرمەك) | سۆرە (سۆرە-ئايەت) |
| چۆشكۆرۆك | چۆچۆرە (2-بوغۇمدا) |
| سۆكەن | سۆرەت |

| قسقا "ئې" | 7-مسال: ئۇزۇن "ئې" |
|---|---|
| ئېتزلق | ئېتراز |
| نېمە | نېمەت |
| ئېغزمان | ئېتبار |
| ئېغزدۇرۇق | ئېتراپ |
| ئېگزلق | ئېتقاد |
| ئېجل | ئېتكاب |

| قسقا "ئى" | 8-مسال: ئۇزۇن "ئى" |
|---|---|
| ئىمارەت | ئىما (ئىما قلماق) |
| تەرخەمەك | تەرغبات |
| پتنە | پۋا |
| پچان | پۋخانا |

مىزان مىكىر

تەزكىرە تەركىب

جىغان جىرىس

جىزا جىمىك

يۇقىرىدىكى مىساللار تەركىبىدىكى "ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ئې، ئى" سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭمۇ سوزۇلۇش دەرىجىسى جەھەتتىن بىر-بىرى بىلەن روشەن ھالدا پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

دېمەك، ئەمەلىي ئىستېمالدىكى تەلەپپۇز ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى 8 سوزۇق تاۋۇش سوزۇلۇش دەرىجىسى جەھەتتە بىر قېلىپتا بولمايدۇ. ئوخشاش بىر سوزۇق تاۋۇش بەزى سۆزلەردە روشەن ھالدا ئۇزۇن سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنسا، يەنە بەزى سۆزلەردە نىسبەتەن قىسقا سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى مۇشۇنداق تەلەپپۇز قىلىنغان چاغدىكى سوزۇلۇش دەرىجىسىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا قاراپ "ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار" ۋە "قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار" دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىش شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرگە ۋە خاس فونېتىكىلىق ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

1. ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ئې، ئى" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلىرى قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارغا قارىغاندا پەرقلىق ھالدا سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بەلكى چەكسىز دەرىجىدە سوزۇلالايدۇ.

(يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللارغا مۇراجىئەت قىلىڭ)

2. ئاخىرقى بوغۇمى "ئا، ئە" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلىرىدىن تەركىب تاپقان سۆزلەرگە (مەيلى ئۇ بىر بوغۇملۇق ياكى كۆپ بوغۇملۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، "ئا، ئە" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلىرى قىسقا سوزۇق "ئا، ئە"لەرگە ئوخشاش "ئې، ئى" تاۋۇشلىرىغا ئاجىزلاشمايدۇ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن سوزۇقلۇق ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ.

مەسىلەن:

چاق - ماشىنىنىڭ چاقى؛ شام - شامى، شامىڭ، شامىم...
نام - نامىڭ، نامىم؛ چەم — ئۆتۈكنىڭ چەمى
پەم - پەمىم؛ بالا - بالاسى، بالايىڭ، بالايىم
دۇنيا - دۇنياسى؛ جاپا - جاپاسى؛ ۋاپا - ۋاپاسى
ساپا - ساپاسى؛ ناۋا - ناۋاسى، دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئەسكەرتىش:

(1) ئاخىرقى بوغۇمى "ئا، ئە" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلىرىدىن ئىبارەت بولغان بەزى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنى جانلىق تىلدا تەۋەللۇك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلىگەن چاغدا "ئا، ئە" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلىرىمۇ بەزىدە "ئى" تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بار. مەسىلەن:

جازا ــ ئۇنىڭ جاجىسىنى (جازىسىنى) بېرىپ قويۇش كېرەك. دېگەنگە ئوخشاش.

(2) ئەرەب ـ پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئىچىدە ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان، ئاخىرقى بوغۇمى "ئا، ئە" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلىرىدىن تەركىب تاپقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر جانلىق تىلدا تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئاخىرقى بوغۇمىدىكى ئۇزۇن سوزۇق "ئا، ئە"لەر گەرچە مەزكۇر بوغۇم ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنى گەۋدىلەندۈرۈش يۈزىسىدىن قىسقا سوزۇق "ئا، ئە" تەلەپپۇز قىلىنغاندەك قىلسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ خىلدىكى سۆزلەر تەۋەللۇك قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگەندە، مەزكۇر "ئا، ئە" سوزۇق تاۋۇشلىرى "ئى" تاۋۇشىغا ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

ئىنقىلاب ــ ئىنقىلابىي، ئىنقىلابچىلار، ئىنقىلابىمىز...

ئىقتىساد ــ ئىقتىسادى، ئىقتىسادىڭ، ئىقتىسادىم...

ئىختىيار ــ ئىختىيارى، ئىختىيارىڭ، ئىختىيارىم...
ئىستىقبال ــ ئىستىقبالى، ئىستىقبالىڭ، ئىستىقبالىم ۋە باشقىلار.

## ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ شەكىللىنىشى

ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ئۇيغۇرتىلى سوستاۋىدا بۆگۈنلا پەيدا بولۇپ قالغان نەرسە ئەمەس. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بەزى سوزۇق تاۋۇشلار سوزۇلۇش دەرىجىسى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوت ([illegible]) قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدا o:t تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.
چاڭ ـ توزان 〃 〃 〃 〃 to:z 〃 〃 〃 〃
ئاندىن كېيىن 〃 〃 〃 〃 aŋa: 〃 〃 〃 〃
شامال 〃 〃 〃 〃 yi:l 〃 〃 〃 〃
جازا، جازالار 〃 〃 〃 〃 ki:n 〃 〃 〃 〃

ئۇندىن باشقا، قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدىكى رەۋىشداش قوشۇمچىسى "ئا، ئە"لەر قىسقا سوزۇق ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىلنىڭ ئىمكانىيەت تۇسىنى بىلدۇرگۈچى "ئالا، ئەلە" (-a:la-ə:lə) قوشۇمچىلىرىدىكى "ئا، ئە" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلىرى بۇ ئۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئالايلۇق:

ئەخەت خەت يازالايدۇ. (yaza:laydu)

ئۇ ئۆزى ماڭالايدۇ. (maŋa:laydu)

بۇ ئىككى مىسالدىكى "ئالا (a:la)" قوشۇمچىسى "ياز، ماڭ" پېئىللىرىنىڭ "يازا، ماڭا" (yaza: ، maŋa:) رەۋىشداش شەكلىگە "ئال (al)" ياردەمچى پېئىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شەكىللەنگەن. يەنى:

yaza: +al (يازا + ئال)

maŋa: +al (ماڭا + ئال)

روشەنكى، بۇ يەردە "ياز، ماڭ" پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلغان رەۋىشداش قوشۇمچىسى ئۆزۈن "ئا" بىلەن ياردەمچى پېئىل "ئال" قوشۇلۇپ "ئائال" بولماستىن، تەلەپپۇز قىلىش جەريانىدا تاۋۇش ئالمىشىپ قىلىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، "ئالا" (a:la) بولۇپ قالغان، خالاس. ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئورۇن ئالمىشىپ قېلىشى ئۇيغۇر تىلىدا كۆرۈلمەيدىغان ئەھۋال ئەمەس. مەسىلەن، ئەسلىدىكى "مىزاج" ھازىرقى ۋاقىتتا "مىجەز" "ياغمۇر" ھازىرغا كېلىپ "يامغۇر" بولۇپ قالغانغا ئوخشاش.

ئەمدى، بۇگۈنكى كۈندە بىز تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ھەرقايسى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار سان - سالماق جەھەتتىن تەكشى ئەمەس. بەزى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر كۆپ، ۋە بەزەن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر ئاز. جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا ئەرەب - پارسچىغا ئوخشاش ھەربىر قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزنىڭ مۇناسىپ

ھالىدىكى ئۇزۇن سوزۇقلۇق شەكلى بولۇۋەرمەيدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يوقلۇقتىن - بارلىققا، ئازلىقتىن - كۆپلۈككە قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىدىن، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس بولغان بىر خىل شەكىللىنىش جەريانىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى مۇنداق بىر قانچە تەرەپتىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

1. ئۇيغۇر تىلىدا بەزى تىل تاۋۇشلىرى مۇئەييەن شارائىت ئاستىدا جانلىق تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدىغان ئادەت بار. مانا بۇ خىل تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تىل تاۋۇشلىرى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل ئەھۋالدا تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ.

(1) بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا ئارقىمۇئارقا كەلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بىرى جانلىق تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

"گۆش" ئەسلىدە "گۆشت"؛ "سىر" ئەسلىدە "سىرر" ئىدى

"پەس" 〃 "پەست"؛ "سۇس" 〃 سۇست ئىدى

جانلىق تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدىغان، لېكىن يېزىقتا تېخى ئېتىراپ قىلىنمىغان بۇ خىلدىكى سۆزلەر تىلىمىزدا خېلى بار.

مەسىلەن:

"قەست" جانلىق تەلەپپۇزدا قەس دېيىلىدۇ.

"دوست" 〃 〃 "دوس" 〃

"مۇشت" 〃 〃 "مۇش" 〃 ۋە باشقىلار.

بۇ خىل ئارقىمۇئارقا كەلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ كېيىنكىسى چۈشۈپ قالسا، شۇ سۆز بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا تەسىرى بولمايدۇ. ئەمما، مەزكۇر ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىنقىسى چۈشۈپ قالسا، شۇ سۆز بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا تەسىر قىلىدۇ- دە، ئاشۇ سۆزدىكى ئەسلىدىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مۇنداق سۆزلەر تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش تېخىمۇ ئېنىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

چاق (ماشىنىنىڭ چاقى) ئەسلىدە چارق (چەرخ) ئىدى.

چەم (ئۆتۈكنىڭ چەمى) 〃 چەرم ئىدى

پەم (ئەخەتنىڭ پەمى) 〃 پەهم 〃

تەم (قوغۇننىڭ تەمى) 〃 تەئم 〃

تۆت (ھېلىقى تۆتى) 〃 تۆرت 〃

ۋە باشقىلار.

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا، ئەنە شۇنداق ئارقىمۇئارقا كەلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە، بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن ئىككى ئۈزۈك

تاۋۇشنىڭ ئالدىنقىسى چۈشۈپ قېلىش نەتىجىسىدە بىر بۆلەك ئۆزۈن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر بارلىققا كەلگەن.

(2) ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەردە، باش بوغۇمغا تەۋە بولۇپ بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن "ر، ۋ، ھ، ي" قاتارلىق بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار مۇئەييەن شارائىت ئاستىدا جانلىق تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. نەتىجىدە مەزكۇر ئۈزۈك تاۋۇش چۈشۈپ قالغان بوغۇمدىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش ئۇزۇن سوزۇن تاۋۇشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەسلىسى | ھازىرقىسى |
|---|---|
| سۆدرەش | سۆرەش |
| چۈرگىلەش | چۆگىلەش |
| سۇۋغا | سوغا (ياغاچ چېلەك) |
| مەيسە | مەسە |
| ئەھمەد | ئەمەت |
| كوھنە | كونا |
| پايگاھ | پەگاھ |
| قارغا | قاغا |
| رەھنە | رەنە |
| سۇرناي | سۇناي |
| كارناي | كاناي |
| سەھۋەن | سەۋەن |
| خەرمەن | خامان |

بۇ خىلدىكى سۆزلەردىن يېزىق تىلىمىزدا تېخى ئېتىراپ قىلىنمىغانلىرى يەنە خېلى كۆپ. مەسىلەن:

| تۆھمەت | جانلىق تەلەپپۇزدا | تۆمەت |
|---|---|---|
| سەھنە | ″ ″ ″ | سەنە |
| مارجان | ″ ″ ″ | ماجان |
| سۆركەش | ″ ″ ″ | سۆكەش |
| چايقاش | ″ ″ ″ | چاقاش |
| قايچا | ″ ″ ″ | قاچا |
| مېھمان | ″ ″ ″ | مېمان |
| سۆيلەش | ″ ″ ″ | سۆلەش |

دېمەك، ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق بوغۇملۇق سۆزلەردىمۇ بەزى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ مۇئەييەن ئەھۋال ئاستىدا چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ساندىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر شەكىللەنگەن.

يۇقىرىقى بىرقانچە خىل ئەھۋالدىن باشقا يەنە ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەردىكى "ر" تاۋۇشى بەزى جايلارنىڭ جانلىق تەلەپپۇزىدا ئاساسەن دېگۈدەك چۈشۈپ قالىدۇ. نەتىجىدە، چۈشۈپ قالغان "ر" تاۋۇشى تەئەللۇق بولغان ئەسلىدىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇم ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇمغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

قار — قا: قا چۈشتى

تار — تا: تا كوچا

دار — دا: داغا ئاستى

مازار — مازا: مازالىق

بازار — بازا: بازاغا بادىم

قاتار — قاتا: قاتا بولدۇق

قىمار — قىما: قىماۋاز

ئىختىيار — ئىختىيا: ئىختىيا قىلدىم

(3) تىل تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسىنىڭ سۆزلەرنىڭ يېزىل شەكىللىرىدىمۇ يۈز بەرگەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇخلاۋەر، ئىشلەۋەر، ئوقۇۋەر، يېزىۋەر قاتارلىق قوشما پېئىللار "ئۇخلاپ، ئىشلەپ، ئوقۇپ، يېزىپ" قاتارلىق ھال پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا "بار // بەر" ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدىكى تەلەپپۇزدا "پ" تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. ھالبۇكى، ئاشۇ چۈشۈپ قالغان "پ" تاۋۇشى تەۋە بوغۇمدىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش كېيىن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن:

تۇر ئەمدى، ئۇخلاۋېرەمسەن؟ ("ئا" ئۇزۇن سوزۇق)

تارتىنماي، سۆزلەۋېرىڭ ("ئە" ئۇزۇن سوزۇق).

بۇ يەردە تۇرۇۋەرمەي، ئۆيگە كىرەيلى ("ئۇ" ئۇزۇن سوزۇق).

يەرگە بىر خىللا زىرائەتنى تىرىۋەرمەسلىك كېرەك ("ئى" ئۇزۇن سوزۇق).

2. ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەر تىلىمىزغا ئۆزلىشىش جەريانىدا، تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق قائىدە-قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلالمىغان. يەنى ئۇيغۇرچىلىشىپ كەتكەن بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق ئەرەبچە سۆزلەردىمۇ سۆزنىڭ باش بوغۇمىغا تەۋە بەزى ئۇزۇك تاۋۇشلار (خۇسۇسەن "ئ، ع" ئۇزۇك تاۋۇشلىرى) چۈشۈپ قېلىپ، ئاشۇ ئۇزۇك تاۋۇش چۈشۈپ قالغان بوغۇمدىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| تەمىن | ئەسلىدە | تەئمىن (تأمين) |
| مەنە | 〃 | مەئنە (معنى) |
| تەنە | 〃 | تەئنە (تعنه) |
| ئەما | 〃 | ئەئما (أعمى) |
| يەنى | 〃 | يەئنى (يعنى) |
| تەخىر | 〃. | تەئخىر (تأخير) |
| تەلىم | 〃 | تەئلىم (تعليم) |
| مەمۇر | ئەسلىدە | مەئمۇر (مأمور، معمور) |
| مۆمىن | 〃 | مۇئمىن (مؤمن) |
| شولا | 〃 | شوئلە (شعله) |
| مۆتىۋەر | 〃 | مۇئتەبەر (معتبر) |

| | | |
|---|---|---|
| مەلۇم | 〃 | مەئلۇم (معلوم) |
| ماقۇل | 〃 | مەئقۇل (معقول) |
| مۆجىزە | 〃 | مۇئجىزە (معجزه) |
| مەشۇق | 〃 | مەئشۇق (معشوق) |
| مەدەن | 〃 | مەئدەن (معدن) |
| تەقىپ | 〃 | تەئقىب (تعقيب) |
| دەۋا | 〃 | دەئۋا (دعوا) |
| دەۋەت | 〃 | دەئۋەت (دعوت) |
| تەۋە | 〃 | تەئبە (تعبه) |
| ۋەدە | 〃 | ۋەئدە (وعده) |
| ئەزا | 〃 | ئەئزا (اعضا) |
| مەسۇم | ئەسلىدە | مەئسۇم (معصوم) |
| ئەلا | 〃 | ئەئلا (اعلى) |
| تەبىر | 〃 | تەئبىر (تعبير) |
| تەسىر | 〃 | تەئسىر (تأثير) |
| تەتىل | 〃 | تەئتىل (تعتيل) |
| تەكىت | 〃 | تەئكىد (تأكيد) |
| لەنەت | 〃 | لەئنەت (لعنت) |
| مەرىپەت | 〃 | مەئرىفەت (معرفت) |
| مەلۇمات | 〃 | مەئلۇمات (معلومات) |
| تەمىنات | 〃 | تەئمىنات (تأمينات) |
| ئېتىراپ | 〃 | ئېئتىراف (اعتراف) |

| | | |
|---|---|---|
| ئېتقاد | 〃 | ئېئتقاد (اعتقاد) |
| ئېتراز | 〃 | ئېئتراز (اعتراض) |
| ئېتبار | 〃 | ئېئتبار (اعتبار) |
| ئېلان | 〃 | ئېئلان (اعلان) |
| نېمەت | ئەسلىدە | نېئمەت (نعمت) |

3. نۇرغۇن ساندىكى ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەر تىلىمىزغا ئۆزلىشىش جەريانىدا، ئەرەب-پارسچىدا ئەسلى ئۇزۇن سوزۇق بولغان "ئو، ئۇ، ئى" تاۋۇشلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئو، ئۇ، ئى" قىسقا سوزۇق تاۋۇشلىرى تەرىپىدىن ئومۇمەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەرەب-پارسچىدىكى "ئا"ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇزۇن سوزۇقلۇق ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان. نەتىجىدە ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش "ئا" بولۇپ قالغان. مەسىلەن:

ئادىل (عادل)، ئاجىز (عاجز)، ئاخىر (آخر)، ئاقىل (عاقل)، ئاسى (عاصى)، ھامى (حامى)، ھاجى (حاجى)، نادىر (نادر)، نازىر (ناظر)، ناتىق (ناطق)، ھاۋا (هوا)، ناۋا (نوا)، سادا (صدا)، ئەما (اعمى)، بالا (بلاء)، ھىمايە (حمايه)، ھىدايەت (هدايت)، ئىبارەت (عبارت)، ئىبادەت (عبادت)، مۇداپىئە (مدافعه)، مۇلايىم (ملايم)، مۇناسىپ (مناسب)، مۇخالىپ (مخالف)، مائارىپ (معارف)، ساداقەت (صداقت)، سائادەت (سعادت)، ئادالەت (عدالت)، ھالاكەت

(هلاكت)، هالاۋەت (حلاوت)، ئاداۋەت (عداوت)، سانائەت (صناعت)، ئاجايىپ (عجايب)، ئەپسانە (افسانه)، ئىمارەت (عمارەت)، ئىنسانىيەت (انسانيت)، داھىيانە (داهيانه)، ئاقىلانە (عاقلانه)، جاھىلانە (جاهلانه)، غالىبانە (غالبانه) ۋە باشقىلار.

ئەرەب-پارسچىدىن تىلىمىزغا ئۆزلىشىپ كەتكەن سۆزلەر ئىچىدە، "ئا" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشىدىن باشقىمۇ يەنە بەزى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ئۆز ئەسلىنى ساقلاپ قالغان ئەھۋاللار بار مەسىلەن:

مەنقۇلات (منقولات)، مەشغۇلات (مشغولات)، مەھسۇلات (مەحسولات)، مەۋجۇدات (موجودات)، مەئلۇمات (معلومات)، مەخلۇقات (مەخلوقات)، مەسئۇلىيەت (مسعوليت)ۋە باشقىلار.

روشەنكى بۇ سۆزلەر تەركىبىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش "ئۇ" ئۇيغۇرچىدىمۇ سوزۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. يەنە مەسىلەن:

ۋەزىپە (وظيفه)، رەپىقە (رفيقه)، لەتىپە (لطيفه)، نەتىجە (نتيجه)، جەرىمە (جريمه)، كەرىمە (كريمه)، مەلىكە (مليكه)، سەلىمە (سليمه)، جەمىلە (جميله)، ئەزىزە (عزيزه)، قەبىلە (قبيله).

بۇ سۆزلەر تەركىبىدىكى "ئى" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشى ئۇيغۇرچىدىمۇ ئوخشاشلا ئۇزۇن سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىدا تۇپ سۆز-لەردىن تارتىپ پېئىل شەكىللىرى ھەتتا قوشۇمچىلارغا قەدەر ئۇزۇق سوزۇق تاۋۇش مەۋجۇت. ئاددىيسى ھەممە بوغۇملىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ئۈچ بوغۇملۇق سۆزلەردە

كەم دېگەندە بىر دانە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، بۇ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش كۆپىنچە شۇ سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاۋارە، ناۋادا، زامانە، تارازا، مادارا، مۇبادا، پېشانە، يېگانە، كىنايە، ئىشانە، ھېكايە، بوسۇغا، بىھۇدە، بىچارە، بىمەنە دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار قانداقتۇر بىر-ئىككى چەت تىلىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئارقىسىدا شەكىللىنىپ تەدرىجىي كۆپەيگەن، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە مۇستەقىل تىل تاۋۇشلىرىدۇر. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلى سوستاۋىدىكى ئەرەب-پارسچە سۆزلەرنى بىرىنىمۇ قويماي سىقىپ چىقىرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر كۆپىيىدۇكى، ھەرگىز ئازىيىپ بارمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بۇ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىدا مۇۋاپىق ئورۇنغا ئىگە قىلىش تولىمۇ زۆرۈر.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەرقانداق بىر مىللەت تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارغا ئوخشاشلا مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغىمۇ ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. ئالايلۇق:

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا:

ئات (at — قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق): "قۇش قاناتىن ئەر ئاتىن (قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن)" دېگەن ماقالدىكىگە ئوخشاش. ئات (a:t — ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق): لەقەم، ئۇنۋان. مەسىلەن: بەگ ئاگار ئات (a:t) بېردى — بەگ ئاڭا ئۇنۋان بەردى.

ئاچ (aq — قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق): "هاي، هەي، هوي" مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان ئۈندەش سۆز. مەسىلەن: ئاچ بەرۇ كەل — هوي، بېرى كەل.

ئاچ (a:q — ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق): ئاچ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: ئاچ (a:q) نە يېمەس، توق نە تېمەس — ئاچ نېمە يېمەس، توق نېمە دېمەس. ئاچ ئالدىغا كەلگەننى يەۋېرىدۇ، توق ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ. (يۇقىرىدىكى مىساللار «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1983-يىل نەشرى، بىرىنچى توم، 48 — 49 — 107 — 108 - بەتلەردىن ئېلىندى).

هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا:

ئاچا (aqa — قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق): ئاچا ياغاچ، ئاچا قۇيرۇق، ئاچا يول دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئاچا (a:qa — ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق). پاتەمخان ئاچا، ئەخمەتنىڭ ئۆگەي ئاچىسى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئارا (ara — قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق) مۇساپە، ئارىلىق: بېخىلغا قول بىلەن يانچۇقنىڭ ئارىسى 40 كۈنلۈك (ماقال).

ئارا (a:ra — ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق) تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان چىشلىق سايمان: ئۈچ ئىلىكلىك ئارا (a:ra). بەش چىشلىق ئارا، دېگەنلەرگە ئوخشاش.

پاچاق (paqak — قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق). ئېزىلىپ، پۇكۇلۇپ سۇنغان، پارچىلانغان، ئەبجەق: دۈشمەن ئىستىھكامى پاچاقلاپ تاشلاندى. پاچاق-پاچاق قىلىۋەتمەك دېگەنلەرگە ئوخشاش.

پاچاق (pa:qak — ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق). ئادەم، ھايۋانلار پۇتىنىڭ تىزدىن تۆۋەنكى قىسمى: شادا پاچاق ئادەم، پاچىقىنى چاقىماق دېگەنلەرگە ئوخشاش.

تىلىمىزدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار بار ئىكەن، ئۇنى يېزىقتىمۇ ئىپادىلىشىمىز لازىم. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئۇزۇن سوزۇقلار يېزىقتا قىسقا سوزۇقلاردىن پەرقلەندۈرۈپ ئىپادىلەنگەن.

ئالايلۇق، مەھمۇت قەشقەرى ئۆز دىۋانىدا بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشنى ئىككى قىسقا سوزۇق تاۋۇش ھەرپىنى قوشۇپ يېزىش بىلەن ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، ئاي ااي (a:y)، ااش (a:x) اات (a:t) ۋە باشقىلار. بىزمۇ ھېچ بولمىغاندا تىل كىتابلىرى ۋە لۇغەتلەردە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ ئۈستىگە "~" بەلگىسىنى قويۇش بىلەن ئىپادە قىلساق بولىدۇ، ياكى خەلقئارا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى بولغان ":" بىلەن ئىزاھلاپ قويساقمۇ بولىدۇ.

بىزنىڭچە، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ئۇرغۇسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار. شۇڭا، بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

1981 - يىل 2 - ئاي ۋە 1991 - يىل 5 - ئاي.

# "جانان"نىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا

1982 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»تە ئۇيغۇرچە "جانان" سۆزى ئاھاڭداش (ئومونىم) ئىككى سۆز قىلىپ مۇنداق ئىزاھلانغان:

جانان I ساھىبجامال، گۈزەل ئايال، سۆيگەن يار.

جانان II نەپىس، جانان چىنە.

يېقىندىن بۇيان، بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇيغۇرچە "جانان چىنە" دېگەن بىرىكمىدىكى "جانان" سۆزى خەنزۇچە "江南 (جاڭجياڭنىڭ جەنۇبى)" دېگەن خەنزۇچە سۆزدىن كەلگەن دەپ چۈشەندۈرۈلۈۋاتىدۇ. مەسىلەن، يولداش فېڭ شۇ (丰收) يازغان «创世纪» (بۇ سۆز ئۇيغۇرچىغا «مۆجىزە يارىتىش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان) دېگەن ماقالىدە مۇنداق بىر ئابزاس بار: "غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا ئىشلەنگەن فارفور چىنە ـ قاچىلار ئۇن ئەسىر ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئۈزلەڭلىكنىڭ يىپەك توقۇلمىلىرىغا ئوخشاش ئەڭ ئەتىۋار تاۋارغا ئايلانغان، ئۇيغۇرلار تەبىئىي ھالدا پۇل تاپىدىغان بۇ پۇرسەتنىمۇ قولدىن بەرمىگەن،

ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ ياسالغان فارفور قاچىلارنى 'جانان چىنە' دەپ ئاتايدۇ. 'جانان' دېگەن بۇ سۆز خەنزۇچە "江南" (چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى" («ئەدەبىي تەرجىمىلەر»، 1991 - يىللىق 9 - سان، 7 - بەتكە قارالسۇن).

يېقىندا ئىشلەنگەن فىلىم «موللا زەيدىن»دە باينىڭ كىشىنى ئانى تاپىدىغان ئاتالمىش "ئۈچ جۈملە ھېكمەتلىك سۆز"نى ئاڭلىغان موللا زەيدىن ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۈمۈچ قىلىپ، مۇرىسىدىكى لىق چىنە قاچىلانغان ساندۇقنى يەرگە ئۇردۇ، بۇ ھالنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولغان باي: "سەن مېنىڭ جياڭنەندىن ئەكەلدۈرگەن چىنىلىرىمنى چېقىۋەتتىڭ (你砸坏了我从江南买来的瓷碗) دەپ سۈرەن سالىدۇ. بۇ يەردە تەرجىماننىڭ ئۇيغۇرچە "جانان چىنە" دېگەن سۆزنى خەنزۇچىغا "جياڭنەن چىنىسى" قىلىپ تەرجىمە قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

خوش، ئۇنداق بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "جانان" سۆزى ئۆزئارا ئاھاڭداش بولغان ئىككى سۆزمۇ ياكى كۆپ مەنىلىك بىرلا سۆزمۇ؟ "جانان چىنە"دىكى "جانان"نىڭ كېلىش مەنبەسى راستىنلا چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى (江南) دېگەن سۆزمۇ؟ بۇ بىزدىن ئېتىمولوگىيە ئىلمى بويىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنى، پاكىت ئاساسىدا ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مېنىڭچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا "جانان" تەلەپپۇز

قىلىنىدىغان ئاھاڭداش ئىككى سۆز ئەمەس، بەلكى كۆپ مەنىلىك بىرلا "جانان" سۆزى بار، يەنى "جانان چىمىنە"دىكى "جانان" بىلەن "جانان يار"، "ۋاي، جانانىم"لاردىكى "جانان" بىرلا سۆزدىن ئىبارەت. مەزكۇر "جانان" ئۇيغۇر تىلىغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە پارس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى "جان" ئۇنىڭغا قوشۇلغان "ئان" قوشۇمچىسى بولسا، بىزدىكى "لار/لەر"گە باراۋەر كېلىدىغان كۆپلۈك قوشۇمچىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، "جانان"نىڭ ئۆز زامانىسىدىكى بىرىنچى مەنىسى "جانلار" دېگەن بولىدۇ.

سېمانتىكا ئىلمىنىڭ ئاساسلىشىچە، سۆزلەرنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا مەنە ئۆزگىرىشى قىلىپ تۇرۇشى پۈتۈنلەي نورمال ھادىسە. يەنى بەزى سۆزلەر تىل تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزگە يېڭى مەنە يۈكلەپ تۇرىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىلىرى ئاساسىدا مەنە كۆچۈش قىلىپ، يېڭى مەنىلىك سۆزلەرگىمۇ ئايلىنىدۇ.

مەلۇمكى، خۇددى خەنزۇ خەلقىدە ئۆزلىرىنىڭ سۆيگەن يارىنى "گۆھەرىم" (我的宝贝)، "يۈرىكىم، جىگىرىم" (我的心肝) دەپ ئاتاش ئادىتى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلاردىمۇ قەدىمدىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ سۆيگىنىنى "جېنىم" دەپ ئاتاش ئادىتى بار. دەل مۇشۇ تىل ئادىتى تۈپەيلىدىن "جان" سۆزى ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا ئۆزگە "سۆيگەن يار، ساھىبجامال" دېگەن يېڭى مەنىلەرنى يۈكلىگەن. مەسىلەن:

چەكتىلەر مەجرۇھ كۆڭلۈمدىن خەدەنگىن كۈچ بىلە،
بارى، ئى جان، مۇژدەئى بەرگىلكى پەيكان قالدىمۇ.

يەشمىسى: ئاتقان ئوقىنى مەجرۇھ يۈرىكىمدىن كۈچەپ تارتىۋالدى، ئەي، گۈزەل يار، خوش خەۋەر بەرگىنە، ماڭا ئاقىدىغان كىرپىك ئوقى يەنە بارمۇ-يوق. («ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980-يىل نەشرى، 298-بەتكە قارالسۇن)

ئەمدى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى سۆيىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان ئادەمنى مۇناسىۋەتلىك ئالماش سۆزگە كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشقان ھالدا ئاتاش ئادىتىنىڭ بارلىقى ھەممىگە ئايان. ھازىرقى زاماندا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشتا چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ "سىلە، ئۆزلىرى" دەپ ئاتىشى، بەزەن رايونلاردا بولسا ياشتا كىچىك بولغانلارنىمۇ ئىززەتلەش يۈزىسىدىن "سەن" دېمەي "سىلە (يەنى سىلەر)" دەپ ئاتىشىمۇ دەل ئاشۇ ئەنئەنىۋى ئادەتتىن كەلگەن. مانا شۇ سەۋەبتىن ئۆز زامانىسىدا ئاشىقلار ئۆز مەشۇقە ۋە مەھبۇبەلىرىنى "جان" سۆزى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان "جانان" بىلەن ئاتاپ ئادەتلەنگەن. نەتىجىدە "جانان" (يەنى جانلار) دېگەن سۆز ئەدىبلەرنىڭ "گۈزەل يار، ساھىبجامال، چىرايلىق قىز" مەنىسىدە ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق سۆزلۈكىگە ئايلانغان. مەسىلەن:

جانىم چىقاردۇر دەرد ئىلە، جانانىمە ئەيتىڭ،
مەن خەستە گەدا ھالىنى سۇلتانىمە ئەيتىڭ.

يەشمىسى: دەردتىن جېنىم چىقىپ كېتەي دەپ قالدى، مېنىڭ گۈزەل يارىمغا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن بىچارە گادايىنىڭ (بۇ)

ئەھۋالىنى (ئۇ) سۇلتانىمغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ. («ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل نەشرى، 242 - بەتكە قارالسۇن) «创世纪» ناملىق ئەسەر ئاپتورى-نىڭ "ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ فارفور قاچىلارنى 'جانان چىنە' دەيدۇ" دېگىنى توغرا ئەمەس. سەۋەب، ئۇيغۇرلار فارفور قاچىلارنىڭ ھەممىسىنى "جانان چىنە" دېمەيدۇ. "چىنە" دېگەن سۆز ئاش - تاماق يەيدىغان فارفور قاچە-لارنىڭ ئومۇمىي نامى. مەزكۇر "چىنە" ئۆز ئىچىدىن يەنە "ساددا چىنە"، "گەردۇن چىنە" ۋە "جانان چىنە" دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. "گەردۇن" ئاتالغۇسىمۇ خۇددى "جانان"غا ئوخشاشلا چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىغا تەئەللۇق سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى لۇغەت مەنىسى "ئاسمان، پەلەك" دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلار سىغىمى چوڭ، يوغان چىنىلەرگە ئوبرازلىق قىلىپ، "گەردۇن چىنە" دەپ ئات قويغان؛ ھېچقانداق گۈل چىقىرىلمىغان، نەقىش ئىشلەنمىگەن ئاددىي چىنىلەرگە "ساددا چىنە" دەپ ئات قويغان؛ نەپىس، چىرايلىق، نەقىشلىك چىنى-لەرگە بولسا "جانان چىنە" دەپ ئات قويغان.

دەرۋەقە، "فارفور قاچا" يەنى "چىنە"نىڭ خاس جۇڭگونىڭ مەھسۇلاتى ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. نۇرغۇن ماتې-رىياللاردا ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي

رايونلىرىدا (يەنى جياڭنەندە) ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ بۇنىسى راست. بىراق، مەزكۇر "فارفور قاچا"لار ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار ئۇنىڭغا تۇرمۇش ئىستېمالىدىكى بىر كۈندىلىك بۇيۇمغا ئايلانغان چاغدا، ئۇنىڭ نامى "جياڭنەن" (چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى) دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئەمەس، بەلكى بۇيۇك جۇڭگونىڭ ئۆز زامانىسىدىكى نامى "چىن" دېگەن سۆز بىلەن ئۆزلەشكەن. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرچە "چىن" دېگەن سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى "جۇڭگو" مەنىسىدىكى "چىن" ئاتالغۇسى بولۇپ، هازىرقى "چىنە" دېگەن سۆزنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئاتىلىشى "چىنى ئاياغ" (جۇڭگو قاچىسى ياكى جۇڭگوچە قاچا) ئىدى. مەسىلەن:

مېنى چىن ئەهلى يەڭلىغ مەي پەرەست ئېت،
تولا چىنى ئاياغلار بىرلە مەست ئېت.

يەشمىسى: مېنى جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاش شارابقا ئامراق قىل، جۇڭگو قاچىسىغا تولدۇرۇپ قۇيۇپ بېرىپ مەست قىل.

(ئەلىشىرناۋايى: «فەرهاد ۋە شىرىن»، قول يازما، 170-بەت).

ئۇيغۇر تىلىدا، ئىشلىتىلىش چاستوتىسى يۇقىرى بولغان ئېنىقلاش-ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىدىكى بىرىكمە ئاتالغۇلار ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا بىرلا سۆزگە قىسقىرىپ قالىدىغان ئادەت بار. تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، بۇ خىل بىرلا سۆزگە قىسقىرىپ قالىدىغان بىرىكمىلەردە كۆپىنچە ئېنىقلانغۇچى سۆز چۈشۈپ قېلىپ، قېپقالغان ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ ئۆزى

ئەسلىدىكى بىرىكمە ئاتالغۇنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى ئىپادىلەيدى-
غان سۆز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. مەسىلەن
ئۇيغۇر تىلىدا سەي قورۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سېپى بار قازان
"ساپلىق" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى تولۇق شەكلى
"ساپلىق قازان" بولۇپ، كېيىنچە ئېنىقلانغۇچى سۆز "قازان"نى
تاشلىۋېتىپ، "ساپلىق" دېسىمۇ ئاشۇ خىل خاس قازاننى بىلدۈ-
رىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ قالغان. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا
"چىنى ئاياغ" بىرىكمىسى ئۇزاق زامانلار ئىستېمال قىلىنىش
جەريانىدا "قاچا" مەنىسىدىكى ئېنىقلانغۇچى سۆز "ئاياغ"نى
تاشلىۋېتىپ "چىنى" دېسىمۇ، ئاشۇ ئۆز زامانىسىدا جۇڭگو
ئىشلەپچىقارغان "فارفور قاچا" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان
خاس ئاتالغۇ بولۇپ قالغان ۋە كېيىن قىسمەن فونېتىكىلىق
ئۆزگىرىش قىلىپ، بۈگۈنكى "چىنە" تەلەپپۇزىدا تۇراقلىشىپ
قالغان. دېمەك، بۈگۈنكى "فارفور قاچا" مەنىسىدىكى "چىنە"
سۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تولۇق شەكلى "چىنى ئاياغ" بولۇپ،
بىرىكمىدىكى "چىنى" دېگەن سۆز "ئاياغ" (قاچا) سۆزىنىڭ
ئېنىقلىغۇچىسى ("چىن" سۆزىگە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە
"ئى" قوشۇلغان) ئىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە
"چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى" مەنىسىدىكى "جياڭنەن" سۆزىنىڭ
ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس،
ئەلۋەتتە.

ئۇنداق بولسا ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن چىنىلەرنىڭ بىرخىلى،

يەنە كېلىپ چىرايىلىق، نەپىس ئىشلەنگەن تۈرىگە "جانان چىنە" دەپ ئات قويغان ۋە مەزكۇر "جانان چىنە"دىكى "جانان" سۆزى نەدىن كەلگەن؟ مېنىڭچە، "جانان چىنە"دىكى "جانان" سۆزى باشقا بىر سۆز ئەمەس، بەلكى "گۈزەل يار" مەنىسىدىكى "جانان"نىڭ دەل ئۆزى.

ھەممىگە مەلۇم، ئۇيغۇرلاردا مېھماندارچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قاچا-قۇشۇقلار ئايرىم بولۇپ، ئادەتتە ئۇلار مېھمانغا ۋە ئۆزىنىڭ ئېزىز كىشىسىگە ئەڭ ئېسىل قاچا-قۇشۇق بىلەن ئاش-تاماق تۇتىدۇ، بۇ بىر مۇبارەك ئادەت. دەل مۇشۇ ئادەت تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئۆز زامانىسىدا، گۈزەل مەھبۇ-بىلەرگە ئاش-تاماق تۇتۇشقا يارايدىغان نەپىس چىنىلەرنى باشقا ئادەتتىكى چىنىلەردىن پەرقلەندۇرۇپ ۋە ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ، "جانان (گۈزەل يار)غا يارايدىغان چىنە" ياكى "جانانىغىلا خاس چىنە" دېگەن مەنىدە "جانان چىنىسى" دەپ ئات قويغان. كېيىنچە بۇ ئاتالغۇ بۈگۈنكى "جانان چىنە" شەكلىدە تۇراقلىشىپ قالغان. جانانغا ئەرزىيدىغان بۇخىل چىنە ئەمەلىيەتتە ئاشۇنداق كۆركەم، نەپىس بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا "جانان" سۆزىنىڭ ئۆزى يەنە مەنە كۆچۈش قىلىپ، "گۈزەل، نەپىس" ئۇقۇمىنىمۇ يورۇ-تىدىغان سۆز بولۇپ قالغان. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە "جانان چىنە" دېگەن بىرىكمىنى "نەپىس فارفور قاچا" "细瓷碗" دەپ ئىزاھلايمىز. («ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ

خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل نەشرى، 165 - بەتكە قارالسۇن)

ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر شەھىرىدە "جانان كوچىسى" دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمىي كوچا بار. شۇ كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق مويسىپىتلەرنىڭ بەزىلىرى مەزكۇر كوچىنىڭ نامى ھەققىدە: "بۇ كوچا ئەزەلدىن پاكىز، چىرايلىق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان" دېسە، يەنە بەزىلىرى، "بۇرۇنقى زامانلاردا بۇ كوچىنىڭ قىز- چوكانلىرى پۈتۈن شەھەر بويىچە ناھايىتى كېلىشكەن، چىرايلىق، گۈزەل بولغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن مۇشۇنداق ئات قويۇلغانىكەن" دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مېنىڭچە، يۇقىرىدىكى ھەر ئىككى خىل چۈشەندۈرۈش مەزكۇر "جانان" سۆزىنىڭ "گۈزەل، نەپىس" دېگەن مەنىسىدىن قېچىپ كەتمەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، "جانان" سۆزى ئۆزىنىڭ مەنە دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلىمىز. ئالايلۇق، بىزدە "جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس" دېگەن بىر ماقال بار. بۇ خەلق ماقالىنىڭ ئۆز زامانىسىدا، "جانپىدالىق كۆرسەتمىگىچە گۈزەل يارنىڭ ۋىسالىغا يەتكىلى بولمايدۇ — "舍不得性命，得不到美人" («ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ، 1984 - يىل نەشرى، 253 - بەت) دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتۇپ ئىشلىتىل- گەنلىكى ئېنىق. بىراق، بۇ كۈنگە كەلگەندە بۇ ماقال قىز تاللاش، خوتۇن ئېلىشقا تۇتۇنغان ئادەم ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق بىر بۈيۈك ئارزۇ، گۈزەل ئارمان ئۈچۈن

ئاتلانغان كىشىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ، "جانانغا يەتمەك" دېگەن بىرىكمە سۆز ئەمەلىيەتتە "بۈيۈك ئارزۇ، گۈزەل ئارمانغا يەتمەك، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشمەك" دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتۇپ كېلىدۇ. شۇڭا "جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس" دېگەن بۇ ماقال ھازىرقى چاغدا "بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ" دەپمۇ ئىزاھلىنىدۇ. («ئۇيغۇر تىلىنىڭ فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر سۆزلۈكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ، 1984 ـ يىل نەشرى، 183 ـ بەتكە قارالسۇن)

يۇقىرىدا ئېتىمولوگىيە ۋە سېمانتىكا ئىلمى ئاساسىدا، ئۇيغۇرچە "جانان" سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەنە ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى شەرھلەپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان فونېتىكا قائىدىلىرى بويىچە تەكشۈرگەندىمۇ "جانان چىنە"دىكى "جانان" سۆزىنىڭ خەنزۇچە "江南" دىن ئۆزگەرگەن سۆز ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇرچىدا سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى بويىچە ماسلىشىدۇ، يەنى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشقا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشقا بولسا، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق | تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق |
|---|---|
| قازان | ئەينەك |
| سامان | تەشتەك |
| شوتا | كۆكلەك |
| سويما | سۆيمەك |

دېگەنلەرگە ئوخشاش. ساپ ئۇيغۇرچە ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەردە، بىر بوغۇمى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان، يەنە بىر بوغۇمى بولسا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان سۆزلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان مۇشۇ خىل بىر بوغۇمى تىل ئالدى، يەنە بىر بوغۇمى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولغان سۆزلەر (خۇسۇسەن قىسقا سوزۇق تاۋۇش "ئا"، "ئە"لىك سۆزلەر) ئۆزلىشىش جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىك قائىدىسىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش كۈچى تەسىرىدىن ئۆزگىرىپ، ئۇيغۇر تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە ئۇيغۇن شەكىلگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن:

| چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | هازىرقى تىلىمىزدا |
|---|---|
| سەدا | سادا |
| سەنا | سانا |
| سەتار | ساتار |
| ۋەفا | ۋاپا |
| نەۋا | ناۋا |

مەزكۇر سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەمە-
لىيىتىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلى-
شىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىك قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان
چەت تىل سۆزلىرى ئۇيغۇرچىغا ئۆزلىشىش جەريانىدا، فونېتىك
ئۆزگىرىش قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇيغۇر تىلىدا ئورغۇلۇق
تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئاخىرقى بوغۇم سوزۇق تاۋۇشىغا ماسلاش-
قان ھالدا ئۆزگىرىدۇ، ئەكسىچە ئاساسىي ئورغۇ چۈشمەيدىغان
باش بوغۇم سوزۇق تاۋۇشىغا بويسۇنمايدۇ. خەنزۇچە "لاميەن"
(دىققەت: ئاساسىي ئورغۇ چۈشىدىغان بوغۇمدىكى سوزۇق
تاۋۇش "ئە") سۆزىنىڭ ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشكەندە "لامان" ياكى
"لاڭمان" بولماستىن، ئورغۇسىز بوغۇمدىكى "ئا" تاۋۇشىنى
ئورغۇلۇق بوغۇمدىكى "ئە" تاۋۇشى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ،
"لەڭمەن" شەكلىدە ئوراقلىشىپ قېلىشىمۇ ئاشۇ قائىدە بويىچە
بولغان. مۇشۇ تىل پاكىتى بويىچە ئېيتقاندىمۇ خەنزۇچە
"جياڭنەن" سۆزى ئەگەر ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشكەن تەقدىردە
"جاڭنەن" ياكى "جەڭنەن" بولۇشى مۇمكىنكى، "جانان"بولۇپ
قېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس! ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىغا
ئۆزلىشىپ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ ئەمەلىي-
تىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەنزۇچە سۆزلەردىكى "ڭ" تاۋۇشى،
خۇسۇسەن باش بوغۇمدا كەلگەن "ڭ" تاۋۇشىنىڭ ئۇيغۇرچىغا
ئۆزلەشكەندە چۈشۈپ قالغانلىقى كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:
تاڭجاڭ، جاڭدۇ، جاڭزا، ياڭيۇ، ياڭزا، تاڭگازا، خاڭگا دېگەن-

لەرگە ئوخشاش. دېمەكچىمەنكى، "جانان" سۆزى "جياڭنەن" دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېيىلسە، "جياڭ"نىڭ "جا" بولۇپ قېلىشىغىمۇ فونېتىك ئاساس كۆرسەتكىلى بولمايدۇ.

ئەڭ مۇھىم مەسىلە شۇكى، ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى چەكسىز ئالەم بوشلۇقى ئەمەس، تىل تاۋۇشلىرى ھامان چەكلىك بولىدۇ. شۇڭا بىر يەر شارىدا ياشاۋاتقان ئوخشىمىغان ئىرق، ئوخشىمىغان مىللەتكە خاس بولغان خەلقلەرنىڭ سۆز-ئاتالغۇلىرىدا، تاۋۇش جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن كېلىپ قالىدىغان، ھەتتا ئاساسەن ئوخشاپ قالىدىغان ئەھۋال ئۇچراپلا تۇرىدۇ. ئالايلۇق، خەنزۇ تىلىدا "تۆلەپ بەرمەك، تۆلىمەك" دېگەن سۆزنى "pei" (赔) دەيدۇ. ئىنگلىز تىلىدىمۇ "تۆلەش، تۆلىۋېتىش" دېگەن سۆزنى "pei" دەيدۇ. («خەنزۇچە-ئىنگلىزچە، ئىنگلىزچە-خەنزۇچە تاللانغان سۆزلەر لۇغىتى»، سودا نەشرىياتىنىڭ 1986-يىل نەشرى، 311-بەت) ئەمدى، مۇشۇ ئوخشاشلىققا قاراپلا خەنزۇچىدىكى "pei" (تۆلىمەك)نى ئىنگلىزچىدىكى "pei" (تۆلىۋەتمەك)دىن كەلگەن دېسەك بولارمۇ؟ تارىخىي يازما ئاساس ۋە ئىلمىي ئاساسى بار پاكىت-ئېتىمولوگىيە ئىلمىنىڭ جېنى. ھالبۇكى، ھېچقانداق پاكىت كۆرسەتمەي تۇرۇپ، سۆز-ئاتالغۇلاردىكى قىسمەن تەلەپپۇز ئوخشاشلىقىغا (ياكى يېقىنلىقىغا) قاراپلا پالانى سۆز پۇستانى سۆزدىن كەلگەن دەپ قارىسىغا ھۆكۈم قىلىش توغرا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، يۇقىرىقىدەك پاكىت ۋە ئىلمىي قائىدىلەرگە ئاساسەن شۇنداق يەكۈن چىقىرىمىزكى، ئۇيغۇرچە "جانان" سۆزىنىڭ خەنزۇچە "江南" (چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى) ئاتالغۇسى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. مەزكۇر "جانان" سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى "جان" سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا "ساھىبجامال، سۆيگەن يار، گۈزەل، نەپىس، گۈزەل ئارزۇ" قاتارلىق مەنىلەرنى يورۇتۇپ كېلىۋاتقان كۆپ مەنىلىك سۆزدۇر.

1992 ـ يىل، نورۇز ھارپىسى.

(京)新登字154号

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەغپىرەت كامال

مەسئۇل كوررېكتورى: ھەمرا ھاسىل

ئابدۇروپ پولات

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ۋە تارقاتقۇچى

(بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013)

ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

1993 - يىل 8 _ ئايدا 1 _ قېتىم نەشر قىلىندى

1993 - يىل 8 _ ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 3.15 يۈەن

مۇقاۋىنى ليۇ جيافېڭ ئىشلىگەن.

كىتاب ئىسمىنى ياسىن مۇھەممەت يازغان.

ISBN 7—105—01779—1/H·63

(维 10) 定价：3.15元